# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版·季刊）



主 编：卫利·巴拉提（教授）

副 主 编：

吐尔逊·卡迪尔（副教授）

本期责任编辑：

阿不都力木·阿不都热依木

各固定栏目负责人

《丝绸之路文化研究》

卫利·巴拉提

《政治、经济与管理学研究》

《法学、历史学、社会学研究》

吐尔逊·卡迪尔

《民族文化研究》

《语言文学研究》

阿不都力木·阿不都热依木

باش مۇھەررىر:

ۋەلى بارات (پىروفېسسور)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

تۇرسۇن قادىر (دوتسېنت)

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى:

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ھەرقايسى مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى

«يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»

ۋەلى بارات

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتى»

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى»

تۇرسۇن قادىر

«مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»

«تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى»

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم، ئابدۇراخمان ئۇرايىم، ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن، ئادىل ئايۇپ، ئاسىمە نىياز، گۈلئازات تۇرسۇن، گۈلنار يۇسۇپ، چىمەن نەجمىدىن، رەھمىتۇللا ھەسەن، ئەخمەت سۇلايمان قۇتلۇق، گوياگۈل قادىر، ئۆمەر داۋۇت، پەخرىدىن ھسامىدىن، تۇرسۇن قادىر

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ۋاڭ جىڭلياڭ؛ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمايىل ئابدۇرېھىم؛

رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى

- بەت ياسىغۇچى: ئەخمەتجان ئۆمەر • مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

38 ـ يىللىق 4 ـ سان (ئومۇمىي 152 ـ سان)　　2017 ـ يىلى 12 ـ ئاي

# بۇ ساندا


شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى ۋە ئىزچىللاشتۇرايلى..........
..........لىيۇ يۈنشەن(1)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ماتارىپنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى باشقۇرايلى..........چېن باۋشېڭ(10)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ـــ ھاياتىي كۈچكە تولغان نەزەرىيە..........
..........جاڭ لى، جاڭ رەن(14)

## يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قارىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەتقىقات..........
..........خاسىيەت ھەبىبۇللا(22)

نەۋايى غەزەللىرىدىكى بەدىئىي ۋاستە ـ تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر......ئىسمەت قاسىم(32)

چاقچاق بىلەن كۈلكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا..........ئەكبەر قادىر(39)

قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۈرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر....
..........مۇنەۋۋەر ئابدۇل(47)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

يېڭى دەۋر ئىستۇدېنتلىرىغا تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئۆچۈرلىرىنى تارقىتىشتىكى توسالغۇلار ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى..........قەلبىدىن لېتىپ(54)

## مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نۆۋەتتىكى ۋارىسلىق قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى(1)..........
..........نۇرمەمەت ئىمام، ئادىلە ئەمەت(61)

## تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئاچ بارس ھېكايىسى»نىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەھلىل......رەيھانگۈل قادىر(69)

ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا باھا..........رىسالەت ئەخەت، ئابدۇرېھىم راخمان(78)

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى تاشقى قىياپەت تەسۋىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا..........
..........مەرۋايىت مەمەتئابدۇللا(84)

تەرجىمىدىكى سادىقلىق ۋە جانلىقلىق ھەققىدە..........شېرىنئاي نىياز(92)

شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتى..........چېن گاڭلوڭ(96)

## قانۇن، تارىخ تەتقىقاتى

ھەق ـ تەلەپ دەۋاسىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى توغرىسىدا........قاسىم نىياز، ئەركىن توختى(108)

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا يېزىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە ئۇچرايدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى توغرىسىدا..........گۈلئايىم ياقۇپ(117)

## كۈتۈپخانا، نەشرىياتچىلىق تەتقىقاتى

«قوش ئالدىنقى قاتار»دىكى ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرى ـــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسى مىسالىدا..........گۈلبوستان ئابلىمىت (125)

يېڭى تاراتقۇلار دەۋرىدىكى رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر مۇھەررىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىقتىدارلار ھەققىدە..........
..........نۇرمۇھەممەت ئابدۇرېھىم(131)

2017 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە..........(137)


ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*A4*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2017-4

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）
第38卷第4期（总152期）　2017年12月

# 目　录

深入学习贯彻习近平新时代中国特色社会主义思想……刘云山(1)
以习近平新时代中国特色社会主义思想为指导坚定不移办好中国特色社会主义教育……陈宝生(10)
习近平新时代中国特色社会主义思想：一种充满活力的理论……张力，张然(14)

丝绸之路文化研究

关于加强大学生民族团结观的研究……哈斯也提 · 艾比布拉(22)
纳瓦依的修辞辞格(反复类型)……依斯买提 ·哈斯木(32)
关于笑话与笑的关系……艾克拜尔 ·卡德尔(39)
建立古籍文献修复档案的重要性及其要求……米娜娃尔 ·阿不都(47)

政治、经济与管理学研究

新形势下大学生网络思政教育信息传播障碍及突破对策……卡力比登 ·力提甫(54)

民族文化研究

维吾尔《十二木卡姆》传承现状调查研究报告(1)……奴尔麦麦提 ·依马木，阿迪拉 ·艾麦提(61)

语言与文学研究

回鹘文《舍身饲虎》的语言结构特点分析……热依汗古丽 ·卡地尔(69)
对研究维吾尔语宾语的相关评述……热萨来提 ·艾海提，阿不都热依木 ·热合曼(78)
论“红楼梦”中人物外表描写的维译……麦尔瓦依提罕 ·麦麦提阿卜杜拉(84)
浅谈翻译中忠实性和变通性的运用……西热娜依 · 尼牙孜(92)
东方民间文学与东方文学……陈岗龙(96)

法学、历史研究

关于民事诉讼财产保全措施……卡斯木 ·尼牙孜，艾尔肯 ·托乎提(108)
清代新疆社会经济文书中的度量衡……古力阿伊木 ·亚克甫(117)

图书馆、编辑学研究

“双一流”高校图书馆发展优势与面临的问题—以新疆大学图书馆为例……古丽布斯旦 · 阿不力米提(125)
浅谈新媒体时代广播电台新闻编辑应具备的能力……努尔买买提 ·阿不都热依木(131)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2017-4

www.uyghurkitap.com

38 - يىللىق 4 - سان
2017 - يىلى 12 - ئاي
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
第 38 卷第 4 期
2017 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 09 - 001 - 04 (2017) 5878 - 1005

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى ۋە ئىزچىللاشتۇرايلى*

لىيۇ يۈنشەن

(18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى)

باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا، 18 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى پارتىيەنىڭ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە يىغىنچاقلانغان بولۇپ، پارتىيە 19- قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىدىمۇ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى پارتىيەنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ پارتىيەمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنىڭ يەنە بىر قېتىم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. شۇنداقلا، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ يەنە بىر زور تارىخىي تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە ئورتاقلىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى روياپقا چىقىرىشتا زور رېئال ئەھمىيەتكە، شۇنداقلا چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ۋە چوڭقۇر مەنىسى

پارتىيە 18 - قۇرۇلتاي مابەينىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىدىيەنى ئازاد قىلىشتا بوشاشماي، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋر شارائىتى ۋە ئەمەلىيەتنىڭ تەلىپىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈنلەي يېڭىچە نەزەر بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قانۇنىيىتى ھەمدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى قاتارلىقلارغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەرىيە جەھەتتە جاپالىق ئىزدىنىپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشتا زور نەتىجە قازىنىپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئاپىرىدە قىلدى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئىزچىل ھالدا پارتىيەمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيانقى بارلىق نەزەرىيەلىرى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلىرىنىڭ يارقىن تېمىسى بولۇپ كەلدى، بۇ شۇنداقلا يەنە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. 18 - قۇرۇلتاي مابەينىدە، پارتىيەمىزنىڭ بارلىق نەزەرىيەلىرى

* بۇ ماقالە «شىنخۇا ماقالىلەردىن تەرمىلەر»(新华文摘) ژۇرنىلىنىڭ 2017 - يىللىق 23 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.
تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىرجان ئەركىن.

ۋە ئەمەلىيەت ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلىرى دەل مۇشۇ تېمىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلغان، چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان ۋە كېڭەيتىلگەن. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بىر بۈيۈك ئەسەرنى يېزىش جەريانىدۇر، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي تەپەككۇر يولى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىنى بېكىتىپ بەردى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 ـ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى، يولداش خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ ئەسەرنىڭ ئېسىل سەھىپىلىرىنى يېزىپ قالدۇردى. نۆۋەتتە، بىز بىر ئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا بۇ بۈيۈك ئەسەرنىڭ داۋامىنى يېزىشتىن ئىبارەت». جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قانداق قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىگە قارىتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ نەزەرىيە مەنبەلىرى، تارىخىي ئاساسلار، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىك، ئۆزگىچە ئەۋزەللىك، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ قاتارلىق كۆپ تەرەپ ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ ئىنچىكە جاۋاب بەردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ — ئىلمىي سوتسىيالىزم ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغان، شۇنداقلا روشەن ئەمەلىيەتچانلىقى، نەزەرىيەۋىلىكى، مىللىي تۈسكە، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئىكەنلىكىنى؛ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك يول، نەزەرىيە، تۈزۈم ھەمدە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت تۆت ئامىلنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش ۋە ئۇلۇغ ئارزۇنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئىكەنلىكىنى؛ جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتقان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، جۇڭگونىڭ شۇنداقلا دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماس كېلىدىغان سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

قانداق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك، ئالدىن كۆرەر، ئىجادىي قاراشلىرى بىلەن يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ باش نىشانى، باش ۋەزىپىسى، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى، تەرەققىيات شەكلى، تەرەققىياتنىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىستراتېگىيەلىك قەدەم باسقۇچلىرى، تاشقىي شارائىت، سىياسىي كاپالەتلىكى قاتارلىق ئاساسىي مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق جاۋاب بەردى. بۇ ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر شەك شۈبھىسىز ھالدا نەزەرىيە جەھەتتىكى چوڭ بۆسۈش، ئالەمشۇمۇل يېڭىلىق، شۇنداقلا زور تەرەققىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە قۇرۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا يېڭى دەۋر شارائىتىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلمىي يېتەكچى نەزەرىيە بىلەن تەمىنلىدى.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئىقتىساد، سىياسىي، قانۇنچىلىق، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، خەلق تۇرمۇشى، مىللەت، دىن، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە، «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم» ۋە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىرلىك سەپ، دىپلوماتىيە، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم، شۇنداقلا ئەڭ يادرولۇق مەزمۇن بولسا پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا يىغىنچاقلانغان «سەككىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت، يەنى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت باش ۋەزىپىنى، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا، ئىككى قەدەم بويىچە مېڭىپ، دۆلىتىمىزنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ يېڭى دەۋردە ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بىلەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەرگەنلىكىنى، چوقۇم خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئىكەنلىكى، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىكەنلىكى، يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى ۋە مەدەنىيەت ئىشەنچىنى تېخىمۇ چىڭىتىش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش باش نىشانىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش باش نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىش ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ پارتىيەنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنىڭ پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالايدىغان، ئىستىلى ياخشى ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنياۋى قالتىس ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىنىڭ يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشىغا ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۇنىڭغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ئىكەنلىكىنى، پارتىيەنىڭ ئالىي سىياسىي رەھبىرىي كۈچ ئىكەنلىكىنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى، سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى گەۋدىلىك ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش. بۇ «سەككىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش» شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملاش ۋە يىغىنچاقلاش ئاساسىدا يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، سىستېمىلىق، مۇكەممەل، مەنتىقىسى كۈچلۈك، ئىچكى بىردەكلىككە ئىگە ئىلمىي سىستېمىدۇر.

## 2. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە تارىخىي تۆھپىسى

ئۇزاق مۇددەتلىك تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى. بۇ دۇنيا ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى، پارتىيە ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ئۆزگىرىشلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا يۈز بەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، بۇ ئېلىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي ئورۇنغا چىققانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ شۇنداقلا يەنە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر. بۇ يېڭى دەۋر بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 40 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات مۇساپىلىرى بىلەن يىلتىزداش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنى نۇرغۇنلىغان يېپيېڭى ئىشلار ۋە ئۆزگىرىشلەر كۈتۈپ تۇرماقتا: بىرىنچىدىن، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان، بولۇپمۇ

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجىلەر ئاساسىدا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىغا چىقتى، بۇ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى بىزدىن يېڭى كەيپىيات، يېڭى تىرىشچانلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، نۆۋەتتە دۇنيا چوڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرتىپكە سېلىنىش باسقۇچىغا كىردى، تارىختا كۆرۈلمىگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا، قانداق قىلىپ مالىمانچىلىق ئىچىدىمۇ كۈچنى ساقلاپ، ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا پۇرسەتلەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئىچكى ـ تاشقى ئومۇملۇقنى بىر تۇتاش پىلانلىشىمىزغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلدى؛ ئۈچىنچىدىن، پارتىيەمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە رېئال شارائىتلاردا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى، تەرەققىيات ئىدىيەسى ۋە ئۇسۇلىدا چوڭ بۇرۇلۇشلار كۆرۈلدى، تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرىلىدى؛ تۆتىنچىدىن، ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئاللىقاچان خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىياتنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى، يېتەرلىك بولماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەردى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىك ئورنى ئۆزگەرمىدى، بىراق ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئومۇميۈزلۈك ماسلاشتۇرۇش، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىلىرى تېخىمۇ كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا؛ بەشىنچىدىن، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن 20 ـ قۇرۇلتىيىغىچە بولغان مەزگىل «قوش 100 يىل» لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي گىرەلەشمە مەزگىلى بولۇپ، بىز بۇ مەزگىلدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز، بىرىنچى 100 يىللىق نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى سەپىرىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق نىشانغا يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۆزگىرىشلەر پارتىيەمىزنىڭ ئالدىغا موھىم تېمىنى قويدى، ئۇ بولسىمۇ، يېڭى دەۋر شارائىتىدا قانداق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قانداق قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە قانداق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىشنى چۆرىدىگەن ئاساستا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى شەكىللەندى. يەنە شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتتە يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىنى تېزلەشتۈردى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئەمەلىيەت ۋە دەۋر ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى. ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيەنىڭ لوگىكىسى شۇكى: يېڭى دەۋر يېڭى مەسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يېڭى مەسىلە يېڭى نەزەرىيەنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، يېڭى نەزەرىيە يېڭى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن بۇيانقى بەش يىل مابەينىدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا يېڭى ۋە پارلاق سەھىپىلەرنىڭ ئېچىلىشىدىكى تۈپ سەۋەبمۇ دەل شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدىن بولغان.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشتىكى ئەڭ يېڭى نەتىجە، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى ۋە كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىدىكى ھەرىكەت قىبلىنامىسى. يولداش شى جىنپىڭ بۇ ئىدىيەنىڭ ئاساسلىق ئىجادچىسى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى مابەينىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاجايىپ سىياسىي ئەقىل ـ پاراستى، قەيسەر ئىرادىلىك پەزىلىتى بىلەن كۈچلۈك

www.uyghurkitap.com



تارىخىي مەسئۇلىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى قىلدى؛ «بەش بىر گەۋدە» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ۋە ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئىلگىرى سۈردى؛ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؛ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئومۇميۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت ۋە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈقىرى باھاسىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسىغا ئايلاندى. دۆلەت ۋە پارتىيەگە رەھبەرلىك قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر ماركسىزمچى سىياسىيون، نەزەرىيەشۇناسقا خاس چوڭقۇر بايقاش ئىقتىدارى، ئۆتكۈر ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىستراتېگىيە بەلگىلەش ئىقتىدارى بىلەن بىر قاتار ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى قاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئىستراتېگىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى ۋە ھەل قىلغۇچ تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئەمەلىيەتتىن كەلگەن شۇنداقلا يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئۇ يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ھەمدە پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى بىر ئاساسىي مىزان بىلەن تەمىنلىدى، 21 ـ ئەسىر ماركسىزمى ۋە ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمى ئۈچۈن تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپە قوشتى.

بىرىنچىدىن، ئۇ ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىپ بەردى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق، ئىچكى ئىشلار، دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى، پارتىيەنى، دۆلەتنى ۋە ئارمىيەنى ئىدارە قىلىش قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ھەم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى باستى ھەم يېپيېڭى سەھىپە ئاچتى، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە يەنە بىر قېتىملىق ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئۇ 21 ـ ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى شۇنداقلا ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ يېڭى نەتىجە بولۇش سۈپىتى بىلەن ماركسىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا جۇڭگونىڭ ئىجابىي تۆھپىسىنى قوشتى، ئۇ ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدە ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچىدىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قاتار زور مەسىلىلەرگە چوڭقۇرلاپ جاۋاب بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسگە يېڭى ئىلمىي مەزمۇن قوشتى، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

ئۈچىنچىدىن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيەمىز خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە، ئىجادىي، چوڭقۇر قاتلاملىق ۋە تۈپ خاراكتېرلىك تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىزچىل ھەل قىلالمىغان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، ئۇزاقتىن بۇيان بېجىرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىزچىل بېجىرەلمىگەن نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى بېجىردى. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن-تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، دۆلەت مۇداپىئەسى، ئۇنىۋېرسال

دۆلەت كۈچى، خەلقئارا تەسىرى ۋە خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، پارتىيەنىڭ قىياپىتىدە، دۆلەتنىڭ قىياپىتىدە، خەلقنىڭ قىياپىتىدە، ئارمىيەنىڭ قىياپىتىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىياپىتىدە مىسلىسىز ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى.

تۆتىنچىدىن، پارتىيەنى باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى. پارتىيەمىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى مىزان قىلىپ، پولاتتەك ئىرادە، مىسلىسىز سالماقلىق بىلەن پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئىدىيەدە قاتتىق بولۇش، پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ئەمەلدارلارنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئىستىلدا قاتتىق بولۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا قاتتىق بولۇش قاتارلىقلاردا چىڭ تۇردى، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش ۋە باشقۇرۇشتا كەڭچىلىك قىلىشتىن تەدرىجىي ھالدا قاتتىق قول بولۇشقا ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىچىدە ساقلانغان يوشۇرۇن خەۋپلەرنى يوقاتتى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇش كەيپىياتى يېڭىلىنىپ، ئاكتىپ، ساغلام سىياسىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدى، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي ئېكولوگىيە كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. پارتىيەنىڭ ئىجادكارلىقى، ئۇيۇشۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىقى ۋە رەھبەرلىك كۈچى ھەممە چاقىرىق كۈچى روشەن كۈچەيدى. پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، پارتىيەنىڭ ئىنقىلابىيلىقى تاۋلىنىش داۋامىدا تېخىمۇ كۈچىيىپ، يېڭى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

ئەمەلىيەتنىڭ چېكى يوق، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭمۇ چېكى يوق. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پارتىيەنىڭ نەزەرىيەدە ۋە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاخىرقى پەللىگە چىققانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى بۇ بىزنىڭ ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا ئېلىپ چىققانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا كەڭ كۆلەملىك ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولماقتا، ھازىرقى جۇڭگودىمۇ كەڭ كۆلەملىك ۋە چوڭقۇر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلماقتا، بۇ ئىسلاھاتلار نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشتىكى غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، يوشۇرۇن كۈچ ۋە ھاياتىي كۈچنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. بىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان ماركسىزملىق نەزەرىيە ئۇسلۇبىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋە باشقا جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى توختاۋسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىشىمىز، 21 - ئەسىردىكى جۇڭگو ماركسىزمىنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك، تېخىمۇ قايىل قىلارلىق ئىكەنلىكىدەك كۈچلۈك ھەقىقەتنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك.

## 3. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ نەزەرىيە ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىيەت تەلىپى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش داۋامىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، ھەممە ئەمەلىيەت داۋامىدا غايەت زور يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ماركسىزمنىڭ نەزەرىيە سۈپەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جەۋلان قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېتىقادنى، خەلقنىڭ روشەن مەيدانىنى، زىممىدىكى كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى، راستچىللىق ۋە ئەمەلىيەتچىللىكنىڭ ئىستىلىنى، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئىلمىي مېتودولوگىيەنى سىڭدۈرۈپ، ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمىنىڭ روشەن نەزەرىيە ئالاھىدىلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

www.uyghurkitap.com



بىرىنچى، ھەقىقەتكە، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشنى قەتئىي ياقلايدۇ. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى ئۇنتۇمىغان بولۇپ، باشتىن - ئاخىر ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ھەممىلا يېرىدە ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ نۇرغۇن چوڭ - چوڭ پىرىنسىپال مەسىلىلەردە بايرىقى روشەن ھالدا ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قوغداپ، ھەر خىل ئەپقاچتى پاراڭ ۋە نەزەرىيەلەرگە مەردانىلىك بىلەن رەددىيە بەردى. بۇ خىل ئىدىيە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشى، مەنىۋى ئىنتىلىشلىرى، سىياسىي ئەقىل - پاراستى، تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. بۇ ئىدىيە يەنە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئىجابىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇنداقلا باشقا ئەللەرنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى پائال ئۆرنەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەڭرى نەزەر دائىرىگە ۋە ئالەمچە كەڭ قورساقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئىككىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، كەلگۈسىگە يېتەكلەشتە يېڭىلىق يارىتىشچانلىققا ئىگە. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىز نۆۋەتتە قىلىۋاتقان ئىشلارنى مەركەز قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە زىددىيەتكە، خېيىمخەتەر ۋە خىرىسقا بىۋاسىتە يۈزلەنگەن بولۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى يېڭى قاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئىستراتېگىيەلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا كۈچەپ ئىزدىنىدۇ. ئۇ ئەجدادلىرىمىز سۆزلەپ باقمىغان نۇرغۇن يېڭى گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولۇپ، كۈچلۈك دەۋر پۇرىقى ۋە رېئال قاراتمىلىققا ئىگە. بۇ ئىدىيە دەۋرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى ياخشى كۆزەتكەن، دەۋر يۈزلىنىشىنى ياخشى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە دەۋر ئېقىمىنى يېتەكلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىلەر ئۈستىدە پائال ئىزدىنىمەكتە، بۈگۈنكى دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان دۇنياۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل - پاراستى ۋە جۇڭگو لايىھەسىنى تەقدىم قىلماقتا.

ئۈچىنچى، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق، ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتەك خەلقچىللىققا ئىگە. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى خەلقنىڭ سۇبيېكت ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلدى، خەلق ئاممىسىدىن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچكە ئېرىشىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ شاد - خۇراملىقى ۋە دەرد ئەلىمىگە ھەر ۋاقىت قۇلاق سېلىپ، خەلققە كۆيۈنىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، خەلققە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان خىسلىتىنى نامايان قىلدى. بۇ ئىدىيە خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۆز كۈرەش نىشانى، پۇقرالارنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، باشتىن - ئاخىر خەلققە ۋاكالىتەن سۆزلەپ، شۇنداقلا خەلق ئۈچۈن سۆزلەپ، ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنى نامايان قىلدى! جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشتەك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى نامايان قىلدى! «خەلق ھەممىدىن ئەلا» دېگەن ئىبارەت قىممەت قارىشىنى نامايان قىلدى!

تۆتىنچى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، قانۇنىيەتنى ئىگىلەشتەك ئىلمىيلىققا ئىگە. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەت ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، ئېلىمىز تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشىنى توغرا ئىگىلىدى، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، زامانغا لايىق كەلمەيدىغان بارلىق ئىدىيەۋى قاراشلار ۋە تۈزۈلمە مېخانىزمىدىكى ئىۋەنلەرنى

باتۇرلۇق بىلەن چىقىرىپ تاشلىدى. بۇ ئىدىيە قانۇنىيەت ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، قانۇنىيەتكە ئاڭلىق ئەمەل قىلدى، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ تەلپى بويىچە پىلانلىدى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش بىلەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى، پارتىيەمىزنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قانۇنىيىتى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى.

دوكلاتتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم « 14 تە چىڭ تۇرۇش» قا يىغىنچاقلاندى. « 14 تە چىڭ تۇرۇش» تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق خوجايىن بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش، تەرەققىيات داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈشىدە چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، پارتىيەنىڭ خەلق ئارمىيەسىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم » نى يولغا قويۇشتا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. بۇ « 14 تە چىڭ تۇرۇش» پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن «بەش نى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداش، دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆزگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇ پارتىيەنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم فاكجېن، پرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى يىغىنچاقلىنىشىدۇر. ئۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا « قوش 100 يىل » كۈرەش نىشانى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى «يول خەرىتىسى» ۋە «مېتودولوگىيە »دۇر. بۇ « 14 تە چىڭ تۇرۇش» شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ھەم شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەمەلىيەت تەلپى. « 14تە چىڭ تۇرۇش»نىڭ ھەر بىر مەزمۇنى ناھايىتى كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ۋە يېتەكچىلىككە ئىگە، بىز بۇلارنى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز، ئۇنى كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش ھەربىر قەدەمنى ئالغاندا، نەزەرىيەدە قوراللىنىشمۇ يېڭى قەدەمنى باسىدۇ. يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى ئەمەلىيەتلەر يېڭى ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشىغا تەقەززا بولىدۇ. پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇ قاتارلىقلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە چوقۇم پارتىيەنىڭ ئەڭ يېڭى نەزەرىيە نەتىجىلىرى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەت داۋامىدا يېتەكچى قىلىش، خىزمەتلەرنى ئۇ ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش پارتىيەنىڭ ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى،

شۇنداقلا سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيلىق ئېڭى، يادرولۇق ئېڭى، بىر سەپتە تۇرۇش ئېڭى قاتارلىقلارنى كۈچەيتىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭدىن ئىبارەت بۇ يادرونى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلەشكەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش بولسا ئەمەلىي تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ. بىز يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز، ئىدىيەمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن بىردەكلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىلىم - پەن سىستېمىسى، روھىي ماھىيىتى، ئەمەلىيەت تەلىپى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى، بۇ ئىدىيەنىڭ مۇھىم سىياسىي ئەھمىيىتى، نەزەرىيەۋى ئەھمىيىتى، ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، پۈتۈن پارتىيەدىكىلەر ماركسىزم سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن جەمئىيەتتە تېزدىن ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغاش، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەكىل ۋە ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، ھەر خىل تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۈچلۈك بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتەك ئېسىل ئۇسلۇبنى ئۆگىنىش ئىستىلىمىزنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، مەسىلە ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىش يۆنىلىشىمىزنى تۇرغۇزۇپ، ئۆگىنىش ئىقتىدارىمىزنى، سىياسىي رەھبەرلىك قابىلىيىتىمىزنى، ئىسلاھات يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىمىزنى، ئىلمىي تەرەققىيات قابىلىيىتىمىزنى، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىزنى، ئاممىۋى خىزمەت ئىقتىدارىمىزنى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش قابىلىيىتىمىزنى، خەۋپ - خەتەرنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز، سىياسىي ئىدارە قىلىش كۈچىمىزنى ساقلاپ، ئەمەلىي ئىشلەپ ئەلنى گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشىمىز، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىگۈدەك يېڭى نەتىجىلەرنى قازىنىشىمىز كېرەك.

**تەرجىمە مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 04 - 010 - 04(2017) 5878 - 1005

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى باشقۇرايلى*

چېن باۋشېڭ

(مائارىپ مىنىستىرلىقى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مىنىستىر)

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى پارتىيە نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى پارتىيەمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتكىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيەسى قىلىپ بېكىتتى. يېڭى دەۋر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دوكلاتى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە تارىخ ۋە دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چوڭقۇر جاۋاب بەرگەن پارلاق، ماركسىزملىق پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەتتۇر. شۇڭا مائارىپ سىستېمىسى پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن مېڭىنى قوراللاندۇرۇشى، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، مائارىپتا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنى تېزلىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇشى لازىم. مائارىپ مىنىستىرلىقى پارتىيە گۇرۇپپىسى 19 - قۇرۇلتاي يېپىلىشى بىلەنلا «مائارىپنىڭ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىنى ياخشى يېزىش»تا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئاۋۋال مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە قارار قىلدى.

بىرىنچى، «19 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش، تەشۋىق قىلىش، تولۇق قاپلاش» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، مائارىپ سىستېمىسىدىكى رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. «مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن» لېكسىيە ئۆمىكى، يۈزلىگەن پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن مۇتەخەسسىسلىرىنى تاللاپ، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ 19 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش ئۆمىكى تەشكىللىشى، 19 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش، شەرھلەشكە ئائىت مىڭلىغان نۇقتىلىق ماقالىلەرنى يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇشى، 19 - قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشكە ئائىت تۈمەنلىگەن ئۈلگىلىك دەرسلەرنى ئۆتۈپ، ھەممە سىنىپنىڭ، ھەممە ئادەمنىڭ خەۋەردار بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. «يۇقىرى، سۈپەتلىك، ئۆتكۈر» مەخسۇس تۈردىكى تەتقىقاتنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەتقىق قىلىش بازىسىنى تەسىس قىلىپ، «19 - قۇرۇلتاي روھىنى تەتقىق قىلىش»، «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەتقىق قىلىش» قاتارلىق

* بۇ ماقالە خەنزۇچە «جۇڭگو ئالىي مائارىپى»(中国高等教育) ژۇرنىلىنىڭ 2017 - يىللىق 22 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەت داۋۇت

www.uyghurkitap.com



مۇھىم تەتقىقات تېمىسى ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەشكىللىشى لازىم. مائارىپ مىنىستىرلىقىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار «يۈزلىگەن شۇجى پارتىيە دەرسى سۆزلەش»، «مىڭلىغان پارتىيە ئەزالىرى ۋەدە بېرىش، ۋەدىسىدە تۇرۇش ۋە باھالاش»، «شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى»نى تۈمەنلىگەن ئادەم كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىدىكى «بەشنى كىرگۈزۈش» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنىڭ ئىلىم ساھەسىگە كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىللە «شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى»نى ئاشكارا نەشر قىلىپ تارقىتىش كېرەك. «شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى»نىڭ پەن ساھەسىگە كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پېداگوگىكا، ماركسىزم نەزەرىيەسى قاتارلىق بىرىنچى دەرىجىلىك پەنلىرىدە شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى تەتقىقات يۆنىلىشىنى تەسىس قىلىشقا مەدەت بېرىپ، ئالاقىدار يۆنىلىش بويىچە ئاسپىرانت قوبۇل قىلىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنىڭ دەرسلىككە كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى» دەرسلىكىنى تۈزۈپ، شارائىتى بار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى» تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرس تەسىس قىلىشقا ئىلھام بېرىش كېرەك. پېداگوگىكا ئىلمى ئاسپىرانتلىرىغا «شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى مەخسۇس تېما تەتقىقات» دەرسىنى تەسىس قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنىڭ تەربىيەلەش كۇرسلىرىغا كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات خاراكتېرىدىكى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى» ئېچىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنىڭ دەرسلىككە كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلەر بويىچە «شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش كونسۇلتاتسىيە ئوقۇشلۇقى» يېزىشقا تەشكىللەش كېرەك.

ئۈچىنچى، «ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپەت يىلى» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك. مائارىپ سىستېمىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا «ئۆلچەمدە ئىلغار بولۇشنى تاللىشىش» پىلانىنى قوزغىتىپ ۋە يولغا قويۇپ، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، مائارىپ سىستېمىسىدا «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش لازىم. «تۆتتە لاياقەتلىك بولۇش»نى نىشان قىلىپ، مائارىپ مىنىستىرلىقىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، 2018 - يىلىنى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپەت يىلى قىلىش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە سىياسىي خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئون چوڭ سۈپەت ئۆستۈرۈش سىستېمىسىنى نۇقتىلىق بەرپا قىلىپ، «ئۈچتە تولۇق» ئادەم تەربىيەلەش ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ماركسىزم ئىنستىتۇتىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك.

تۆتىنچى، «مائارىپ ئىسلاھاتى ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا «قەيسەر» بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تۈزۈمى سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىختىساسلىقلار ئاساسىنى ياخشى سېلىش لازىم. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈش سۈپەت ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئالىي مائارىپ تەربىيەسىنىڭ مەزمۇن

جەھەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس تۈرى بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش سۈپىتىگە قويۇلىدىغان دۆلەت ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىپ، «ئالىي مەكتەپلەر دەرسخانا ئوقۇتۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مائارىپ ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، شەھەر ـ يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزىلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ مائارىپىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئالاھىدە مائارىپ، تور مائارىپى، تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچى مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھەر بىر بالىنىڭ ئادىل ھەم سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مائارىپ تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئادەم تەربىيەلەش ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىش، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئىسلاھاتىنى پائال، مۇقىم ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مائارىپ باشقۇرۇشىنى قوللاش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش سىستېمىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپ بىلەن كارخانا ھەمكارلىشىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، داۋاملىق مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئۆگىنىشچان جەمئىيەت قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

بەشىنچى، «خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ياخشى جاۋاب بېرىش» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسى دىققەت قىلىۋاتقان، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە غەمخورلۇق قىلىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، پۇقرالارغا ھەقىقىي مائارىپنىڭ «قىزىل بولىقى»نى يەتكۈزۈپ، يېڭى دەۋر ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يەسلى مائارىپى ھەرىكىتى پىلانىنى تولۇق يولغا قويۇپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى يېزا ـ بازار مەركىزى يەسلىلەرنى ياخشى باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ يەسلى ئېچىشىغا مەدەت بېرىپ، «يەسلىگە كىرىش قىيىن بولۇش، يەسلىگە كىرىش قىممەت بولۇش» قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىجتىمائىي تەربىيەلەشنى قېلىپلاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىجتىمائىي تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشنى چىڭىتىپ، كىنىشكىسىز ئىجتىمائىي تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى كۈچەيتىش لازىم. مائارىپنىڭ نامراتلارنى يۆلەش پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇش، كارتا بېجىرىش ئارقىلىق، مائارىپ ئاساسىي جامائەت مۇلازىمىتىنىڭ نامرات ئاھالىلەرنى تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېزىلاردىن ۋە نامرات رايونلاردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەخسۇس تۈر پىلانىنى ياخشى يولغا قويۇپ، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىشىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

ئالتىنچى، «مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كاتتا لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگو مائارىپىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىش ۋە ئېلان قىلىش كېرەك. مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشى يىغىنى ئېچىپ،

www.uyghurkitap.com



مائارىپ ئىشلىرىنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش، مائارىپتا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشنىڭ يېڭى مۇساپىسى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش لازىم.

قىسقىسى، مائارىپ سىستېمىسى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپ تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتتە تەڭ تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىلدۈرۈشى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور يېڭى تۆھپە قوشۇش لازىم.

تەرجىمە مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)04 - 014 - 08

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى —— ھاياتىي كۈچكە تولغان نەزەرىيە*

جاڭ لى، جاڭ رەن

(شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتى)

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى.**

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ بەرپا قىلىنغان.**

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى خەلقنى ئاساس قىلغان نەزەرىيە.**

يولداش دىڭ شياۋپىڭ پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ باشلىنىش سۆزىدە: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش» دېگەن بۇ ئىلمىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم» ئىزچىل پارتىيە تارىخىدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ باش تېمىسى بولۇپ كەلدى. بۇ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم» نىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈپ يۆزلىنىش ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ «7 _ ئاينىڭ 26 - كۈنى» قىلغان سۆزىدە: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى پارتىيەنىڭ پۈتۈن نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىدىكى باش تېما بولۇپ كەلدى، پۈتۈن پارتىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا يۆنىلىشكە قاراپ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.» دەپ كۆرسەتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا پارتىيەمىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتىكى ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى قاتارلىقلار تەدرىجىي بارلىققا كېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى ھاسىل قىلدى. تارىخ پاراۋۇزى يېڭى ئەسىرگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيەمىز يەنە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نەزەرىيە نەتىجىسىنى شەكىللەندۈردى. بەش يىلدىن بۇيانقى تارىخ ۋە ئەمەلىيەت شۇنى نامايان قىلدىكى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى نەزەرىيەدۇر.

## 1. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى —— يېڭى ۋە جانلىق جۇڭگوچە ئىلمىي سوتسىيالىزمدۇر

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن دىڭ شياۋپىڭ

*بۇ ماقالە خەنزۇچە «جۇڭگو ئالىي مائارىپى»(中国高等教育) ژۇرنىلىنىڭ 2017 - يىل 22 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئوسمانجان مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com



نەزەرىيەسى، «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئوخشاشلا يېڭى ۋە جانلىق جۇڭگوچە ئىلمىي سوتسىيالىزمدۇر. «يېڭى ۋە جانلىق جۇڭگوچە ئىلمىي سوتسىيالىزم» شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزملىق ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈردى، شۇنداقلا ئۇنىڭ دۆلەت مەۋقەسىدە تۇرۇشتىن ئىبارەت ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. كونكرېت ئېيتقاندا: بىرىنچىدىن، يېڭى ۋە جانلىق جۇڭگوچە ئىلمىي سوتسىيالىزم بولۇپ، ئالدى بىلەن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ماھىيىتى ماركس، ئېنگېلس ئىجاد قىلغان ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىنى جەزمەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بۇ توغرىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولسا سوتسىيالىزم بولۇپ، باشقا ئىزم ئەمەس، شۇڭا ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى يوقىتىپ قويىدىكەنمىز ئۇ ئىلمىي سوتسىيالىزم بولماي قالىدۇ»، دەپ كۆرسەتتى؛ ئىككىنچىدىن، يېڭى ۋە جانلىق جۇڭگوچە ئىلمىي سوتسىيالىزم، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئىلمىي سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن دوگمىچە داۋاملىشىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش بولماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ باغلانغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى مەۋقەسىدە تۇرۇپ داۋاملاشقان ۋە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى، داۋاملىشىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىلغانلىقىنى، تەرەققىي قىلغانلىقىنى، بېيىتىلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چەكسىز يېڭى ۋە جانلىققا ئىگە قىلىپ، مىسلىسىز ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پەقەت دۆلەت ئەھۋالى مەۋقەسىدە تۇرغان سوتسىيالىزم نەزەرىيەسىلا يېڭى ۋە جانلىق سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى بولالايدۇ. چۈنكى مەۋقەنى پەقەت دۆلەت ئەھۋالىغا قويغاندىلا ئاندىن دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى تەرەققىي قىلىدۇ، بېيىتىلىدۇ، سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى دائىم يېڭى ۋە جانلىقلىققا ئىگە بولۇپ، ئۈزۈلمەس ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە چىڭ باغلانغانلىقى، مەۋقەنى جۇڭگو زېمىنىغا مۇستەھكەم قويغانلىقى، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا زىچ باغلاش ئارقىلىق ئىلمىي سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرغانلىقىدۇر. بۇ خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى لوگىكىسى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخى لوگىكىسىنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكى بولۇپ، ئۇ جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتىدىغان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان، جۇڭگو ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي سوتسىيالىزم.» بۇ بىز ھەمىشە دەپ كېلىۋاتقان جۇڭگوچە ئىلمىي سوتسىيالىزمدۇر. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر سوتسىيالىزم ئىدىيەسى دەل مۇشۇنداق جۇڭگوچە ئىلمىي سوتسىيالىزم بولۇپ، ئۇ ھەم ئىلمىي سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرىدۇ ھەم دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقى «ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى جۇڭگودا قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغانلىقى، دۇنيادا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.» بۇلارنىڭ ھەممىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە

سوتسيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە تولغان نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسيالىزم ئىدىيەسى ــــ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن نەزەرىيە

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن نەزەرىيە جەزمەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شۇ يەردە يىلتىز تارتىدىغان، شۇ يەرگە ماس كېلىدىغان، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەزەرىيەدۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئىلگىرى سۈرىدىغان نەزەرىيەلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن نەزەرىيە بولىدۇ، شۇڭا ئۇ جەزمەن جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى قانداق قىلىپ جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە يېتەكلىيەلىدى؟ چۈنكى ئۇ بىر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن نەزەرىيە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىيەلىشىدىكى تۈپ نۇقتىسى: ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى جۇڭگونىڭ يېرىم ئىگىلىكى چوڭ دۆلەتنى ئىكەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ پۈتۈن ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇنداق ئەڭ چوڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدە ئىدى. مۇشۇنداق ئەڭ چوڭ دۆلەت ئەھۋالى بولغاچقىلا ئاندىن جۇڭگونىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان «يېزىلار ئارقىلىق شەھەرنى قورشاش، قورال ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش» ئىنقىلاب نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان ھەم جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە يېتەكلىيەلىگەن. ئوخشاشلا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسيالىزم ئىدىيەسىمۇ بىر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن نەزەرىيە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىكى تۈپ نۇقتىسى دەل بۇ ئىدىيەنىڭ سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئەڭ چوڭ دۆلەت ئەھۋالى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىدا. باش شۇجى شى جىنپىڭ 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزمنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزىرى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ دۇنيانى بىلىشىنىڭ، دۇنيانى ئۆزگەرتىشىنىڭ تۈپ تەلىپى»، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە پۈتۈن پارتىيە جەزمەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ: «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشتا ئېلىمىزنىڭ ھېلىھەم ئۇزۇن مۇددەت سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىش ۋە توغرا ئىگىلەش كېرەك»، دەپ كۆرسەتتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسيالىزم ئىشلىرىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زور غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، مەۋقەنى سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇش ھەم بۇنداق دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سوتسيالىزم نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش شەرت. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەۋقەنى سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇنداق ئەڭ چوڭ دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. جۇڭگوچە سوتسيالىزم نەزەرىيەسى سىستېمىسىنى ئەستايىدىل ئانالىز قىلىپ، بۇ نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بىلەن كونكرېت تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىيدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈش كېرەك. دەل شۇنداق بولغاچقا جۇڭگوچە سوتسيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىلا ناھايىتى ئۈنۈملۈك ھالدا جۇڭگوچە سوتسيالىزم ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، قىسقىغىنا نەچچە ئون يىلدا جۇڭگونى قۇدرەتلىك بولۇشقا، خەلقنى بېيىشقا يېتەكلىدى. دەل مۇشۇنداق ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش نەزەرىيە

www.uyghurkitap.com



سىستېمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى خەلقنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىيات يولىدا مېڭىشقا يېتەكلىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى - مۇۋەپپەقىيەت يولىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەچچە ئون يىللىق تەرەققىياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇ يېڭى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپ جەھەتلەردە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى، دۆلەت كۈنسايىن قۇدرەت تېپىپ، خەلق كۈنسايىن بېيىدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان يېڭى ئۆزگىرىشكە قارىتا باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتكە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ھۆكۈم قىلىپ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتكە ئۆزگەردى»، دەپ كۆرسەتتى. ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتتە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنىلا: «پۈتۈن پارتىيە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇ دۆلەت ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەپ، مەۋقەنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇنداق ئەڭ زور ئەمەلىيەتكە مەھكەم قويۇش كېرەك»، چۈنكى «ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىزنىڭ ئېلىمىز سوتسىيالىزمى تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچقا بولغان ھۆكۈمىمىزنى ئۆزگەرتمىدى»، دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا بىز مەۋقەيىمىزنى يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بۇنداق دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. بۇ پارتىيەمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن نەزەرىيە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خىسلىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ، بۇنداق نەزەرىيەۋى خىسلەت شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ جەزمەن چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ۋە جۇشقۇنلۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، جەزمەن بىر تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن.

## 3. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ــــ خەلقنى ئاساس قىلغان نەزەرىيە

خەلقنى ئاساس قىلغان نەزەرىيە مۇقەررەركى ھاياتىي كۈچكە تولغان نەزەرىيە بولىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ھەممە يېرىدە خەلقنى ئاساس قىلىدىغان شانلىق ئىدىيە پارلاپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش كېرەك، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ: ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتا خەلق بىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي كۈچ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتا پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتتە چىڭ تۇرۇش؛ ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتا پارتىيە بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاش، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتا خىزمەتلىرىمىزگە خەلق ھەقىقىي باھا بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. يەنە مەسىلەن، شى جىنپىڭ جۇڭگو ئارزۇسى مەسىلىسىدە توختالغاندا چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن: «جۇڭگو ئارزۇسى يىغىپ ئېيتقاندا خەلقنىڭ ئارزۇسى. شۇڭا بۇ ئارزۇنى خەلققە يېقىندىن تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلققە ئۈزلۈكسىز بەخت يارىتىش شەرت»، دەپ كۆرسەتتى. بۈگۈنكى كۈندە يەنە شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى يېپىلىشى بىلەنلا باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى بىر قارارلىق

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئەزالىرىنى باشلاپ جۇڭگو - چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە: «خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز»، دەپ كۆرسەتتى. بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەش يىلدىن بۇيان پۈتۈن پارتىيە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. خۇددى 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك: 18 - قۇرۇلتايدىن بۇيان، پارتىيەمىز «خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان زور بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى ئىزچىل يولغا قويغانلىقتىن، خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى روشەن كۈچەيتىلدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەش بولدى، 60 نەچچە مىليون نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدى، نامراتلىق نىسبىتى % 10.2 تىن % 4 پىرسەنتتىن تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشتى. مائارىپ ئىشلىرى ئەتراپلىق راۋاجلاندى، ئوتتۇرا - غەربىي رايونلار مائارىپى ۋە يېزا مائارىپى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىدا ئىزچىل ياخشىلىنىش بولدى، شەھەر - بازارلاردا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىسى كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتتى، كىرىمى ئوتتۇرا ھال كىشىلەر سىجىل كۆپەيدى. شەھەر- بازار ئاھالىسىنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئاساسەن بەرپا قىلىندى، خەلقنىڭ ساغلاملىق ۋە داۋالىنىش -ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، كاپالەتلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىدى». بۇ بەش يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەمىز ئىزچىل تۈردە هارماي - تالماي خەلق ئاممىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا بەرگەن «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى»، دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىنىڭ بېشىدىلا : «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇمىغاندىلا ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش»، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە «پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار جەزمەن خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش ، قەلبداش بولۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشىنى مەڭگۈ كۈرەش نىشانى قىلىش كېرەك» لىكىنى تەلەپ قىلدى. 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئوقۇيدىغان بولساق، دوكلاتتا «خەلق» دېگەن ئۇقۇمنىڭ كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، « خەلق مەنپەئەتىنى باشتىن - ئاخىر ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش»، «خەلق غوجايىن بولۇشنىڭ تۈزۈم كاپالىتىنى كۈچەيتىش»، «خەلقنىڭ غوجايىن بولۇشىدا چىڭ تۇرۇش»، «خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش»، «ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش»، «خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش» قاتارلىقلار. «خەلق» — شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەممە يەردە خەلقنى ئويلايدۇ، ھەر ۋاقىت خەلقنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى — خەلقنى ئاساس قىلغان نەزەرىيە دېيىمىز. خەلقنى ئاساس قىلىش مۇقەررەر ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

## 4. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى - خەلقنى بېيىشقا، دۆلەتنى قۇدرەت تېپىشقا يېتەكلەيدىغان نەزەرىيە

ھاياتىي كۈچكە تولغان نەزەرىيە جەزمەن خەلقنى بېيىشقا، دۆلەتنى قۇدرەت تېپىشقا

www.uyghurkitap.com



يېتەكلەيدىغان ئۇنۇملۇك نەزەرىيەدۇر. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى مۇشۇنداق نەزەرىيە سىستېمىسى بولۇپ، بۇ نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىمۇ مۇشۇنداق نەزەرىيەدۇر. باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 19 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى - جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش»، دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىزچىل مۇشۇنداق ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنى ئۈزلۈكسىز بېيىشقا ۋە قۇدرەت تېپىشقا قاراپ مېڭىشقا رەھبەرلىك قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيەمىز ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىيات يولىدا ماڭدى، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ئىقتىسادتا ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئىلگىرىلەش بولدى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆنسايىن ئۆستى، دۆلەت ئۈزلۈكسىز قۇدرەت تېپىشقا قاراپ يۈزلەندى. مەسىلەن، ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى قىسقىغىنا 30 يىلدا ئىقتىساد زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى؛ 1978 - 2008 - يىلىغىچە بولغان 30 يىلدا جۇڭگونىڭ GDP سى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۇدا 9.5% ئاشتى، 2009 - يىلىغا كەلگەندە جۇڭگونىڭ GDP سى ياپونىيەنىڭكىدىن ئېشىپ دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى. شۇڭا باش شۇجى شى جىنپىڭ: پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى مەھكەم ئىگىلەپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىر تۇتاش ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تەڭكەش ئىلگىرى سۈرۈپ، «12 - بەش يىللىق» يىرىك پىلاننى غەلىبىلىك تاماملاندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ زور تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكتىن، خۇشاللىنارلىق تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2013 - 2016 - يىلىغىچە دۆلەت ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 7.2 ئېشىپ، دۇنيانىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.5% ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭكىدىن % 4 ئاشتى؛ 2016 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 53 مىڭ 980 يۈەن بولۇپ، 2012 ـ يىلدىكىدىن 29% كۆپەيدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي دارامەت 2012 - يىلى 5940 ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا 2016 - يىلىغا كەلگەندە 8000 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ، ئوتتۇرھال يۇقىرى كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يېقىنلاشتى؛ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئېلىمىز «ئىقتىسادى داۋاملىق ئوتتۇرھال يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىپ، دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 54 تىرىليون يۈەندىن ئېشىپ، 80 تىرىليون يۈەنگە يېتىپ، دۇنيا بويىچە مۇقىم 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى 30% تىن ئېشىپ كەتتى». نۆۋەتتە «ئېلىمىز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا ئۆتتى». ئومۇمەن، بىز بەش يىلدىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، ئىدىيە - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش،

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپتۇرۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن خىزمىتى، ھەر تەرەپلىمە دىپلوماتىيە ئورۇنلاشتۇرمىسى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىز بۈگۈن ئومۇمىي جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيەگە يەتتۇق ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ چەكسىز جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

## 5. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى -دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزۈكسىز بېيىغان ۋە تەرەققىي قىلغان نەزەرىيە

ھاياتىي كۈچكە تولغان نەزەرىيە جەزمەن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان، مەۋقەنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قويۇپ، ئۈزۈكسىز بېيىيدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان نەزەرىيەدۇر. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى دەل مۇشۇنداق نەزەرىيە. ئۇ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا يەنىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتقان ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. سوتسىيالىزم قۇرۇش، جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بارلىققا كەلگەن كۈنىدىن باشلاپلا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى. بىز 1956 - يىلى سوتسىيالىزمغا كىرگەندىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى بىلەن نەزەرىيەسى ئۈستىدە ئىزدەندى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيەمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى چىقىش قىلىپ، دادىللىق بىلەن نەزەرىيە جەھەتتە ئىزدىنىپ ۋە نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىپ، نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكى، قانداق پارتىيە قۇرۇش كېرەكلىكى، پارتىيەنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكى، قانداق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكى، قانداق تەرەققىي قىلىش كېرەكلىكى قاتارلىق بىر قاتار زور رېئال مەسىلە ۋە نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيەسى، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش نەزەرىيەسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش نەزەرىيەسى، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نەزەرىيەسى، «بىر دۆلەت، ئىككى تۈزۈم» بولۇش تەسەۋۋۇرى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيەسى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىجادچانلىققا، ئىلمىيلىككە، توغرىلىققا باي نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى قاتارلىقلارنى بەلگە قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ تېمىنى يەنىمۇ زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى دەۋردە قانداق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا قانداق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ زور

www.uyghurkitap.com



دەۋر تېمىسىنى چۆرىدەپ، « نەزەرىيە جەھەتتە جاپالىق ئىزدىنىپ، نەزەرىيە جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشتا زور نەتىجە قازىنىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈردى». شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى مەۋقەنى يېڭى دەۋر جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشىگە ۋە ئېلىمىز تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «جۇڭگو ئارزۇسى»، «ئۈچنى تەشەببۇس قىلىش»، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك»، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش»، «ئۈچتە تەلەپچان، ئۈچتە راستچىل بولۇش»، «بىر بەلباغ، بىر يول»، «ئىناق دۇنيا» قاتارلىق بىر يۈرۈش يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئىستراتېگىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا ھاكىمىيەتنى قانداق يۈرگۈزۈش، دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى كەلگۈسىگە قانداق يېتەكلەش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا قانداق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى قانداق راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت نېگىزلىك مەسىلىگە چوڭقۇر جاۋاب بەردى»، پارتىيەمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتىگە، سوتسىيالىزم قۇرۇش قانۇنىيىتىگە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

## پايدىلانمىلار:


[1] 习近平谈治国理政[M]. 北京：外文出版社，2014

[2] 习近平. 决胜全面建成小康社会 夺取新时代中国特色社会主义伟大胜利[N]. 人民日报，2017 - 10 - 28.

[3] 中共中央宣传部. 习近平总书记系列重要讲话读本[M]. 北京：学习出版社，2014.

[4] 人民论坛编辑部. 十八大以来中国经济社会发展重大成就[J]. 人民论坛，2017（24）.

[5] 冯刚. 深刻把握中国特色社会主义这一时代主题[J]. 中国高等教育，2017（17）.


تەرجىمە مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)04 - 022 - 10

# ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قارىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەتقىقات*

خاسىيەت ھەبىبۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل تەييارلىق ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 840046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** سوئال قەغىزى ۋە زىيارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپتىكى خەنزۇ ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ توپنىڭ بىر - بىرىگە بولغان باھاسى، تونۇشى، كۆز قارىشى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر - بىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەندى. شۇنداقلا، تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇلاھىزە قىلىنىپ، ئالىي مەكتەپ شارائىتىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە دائىر كونكرېت تەدبىرلەر كۆرسىتىلدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نەزەرىيە ئاساسىي بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى؛ نەزەرىيە ئاساسى؛ تەتقىقات

## 关于加强大学生民族团结观的研究

哈斯也提 · 艾比布拉

**摘要：**本文通过问卷调查与访问形式，初步了解大学里汉族及少数民族同学这两大群体彼此的看法、评价以及各民族学生对彼此文化的认识。与此同时，分析并论述问卷调查及访问结果，具体指出了在大学期间加强民族团结的有效措施，目的是为自治区各大院校提供真正实现民族团结的理论基础。

**关键词：**高校学生；民族团结；理论基础；研究

**Abstract:** In this research, through questionnaire and interview, we had a preliminary understanding of the mutual perceptions, evaluations, as well as the knowledge of each other's culture of the Han students and students from other ethnic groups. At the same time, the results of questionnaire and interviews are analyzed and discussed, the effective measures to strengthen national unity during the university period are specifically pointed out. Thus, the theoretical basis for the realization of national unity among the universities and colleges in Xinjinag are provided.

**Keywords:** college students; national unity; theoretical basis; research.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G641    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھەممىگە مەلۇم، شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون، تارىختىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى بىر- بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ، چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئىناق، ئىتتىپاق بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى، ئەمما يېقىندىن بويان ئۈچ خىل كۈچنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىرقاتار ئەكسىيەتچىل

* بۇ ماقالە 2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ 2015 - يىللىق نازارەت دەرىجىلىك فوند تۈرى(تۈر نومۇرى: XJEDU010215C04)نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** خاسىيەت ھەبىبۇللا (1975 - يىلى 9 - ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، خەنزۇتىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئەمما ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت ئاممىسى ئەسەبىيلىك، بۆلگۈنچىلىك ۋە تېررورلۇقنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتى. شۇڭا نۆۋەتتە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تولىمۇ زۆرۈر.

ئىتتىپاقلىق — كۈچ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ جان تومۇرى. شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىغا تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭدۈرۈش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، ياش ئەۋلادلارغا، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئۇلار ۋەتەن، مىللەتنىڭ كەلگۈسى، دۆلەتنىڭ زاپاس كۈچى، خەلق ۋە جەمئىيەت ئۇلارغا ئېھتىياجلىق، ئۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشى، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئالالايدىغان بولۇشى لازىم.

نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ھەر مىللەت خەلقى تارىختا ياراتقان ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە فولكلورلۇق ھادىسىلەرگە قارىتا ئىلمىي پوزىتسىيەدە بولۇشى، بىر-بىرىنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى، ئۆرپ — ئادەتلىرىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى چۈشىنىشى لازىم. چۈنكى بۇ ئالاھىدە توپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغان بىرخىل ئىلغار ئىدىيەلىك كىشىلەر توپى بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتكە ئاكتىپ ئېنېرگىيە تارقىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. شۇڭا ئۇلارغا جۇڭگونىڭ فولكلور ھادىسىلىرىنى توغرا چۈشەندۈرۈش لازىم.

## 1. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىكى بۇرچى

ئالىي مەكتەپ ئالىي بىلىم يۇرتى، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۇنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئالىي مەكتەپنىڭ مۇھىم فۇنكسىيەسى، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولسا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئالىي مەكتەپكە كەلگەن چېغىدىلا مۇئەييەن ساپاغا ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن تەربىيەلەش ئۈنۈمىگە ئەڭ تېز، ئەڭ بىۋاسىتە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئەمەلىيەتتە، ئالىي مەكتەپ ياش نوپۇس توپلانغان، ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرى يىغىلغان، ئىلىم ئۆگىنىش، تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىنى زىممىسىگە ئالغان بىر ئالاھىدە تەشكىلىي قۇرۇلمىدۇر.

بىر مەكتەپ قوينىغا يىغىلغان ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىر — بىرىنى ئۆزئارا بىلىشى ۋە چۈشىنىشى تولىمۇ زۆرۈر. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، بىر - بىرىگە بولغان چۈشىنىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەنزۇ - مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەزى كەسىپلەردە خەنزۇ - مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپ قىلىنىپ دەرس ئۆتۈلۈۋاتىدۇ، بۇ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئۆزئارا سىڭىشتۇرۇپ، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا بىلىش ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. ئۇچۇقنى ئېيتقاندا، بىر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپتە ھېچقانداق مىللىي مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلىمەي تۇرۇپلا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە چىقىپ كەتسە، گەرچە ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەلا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىسى سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ ھەم ھازىرقى ۋەزىيەتتە، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇنداق ئالىي مەكتەپ

مائارىپنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مائارىپ دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاڭلىماقتا كونا گەپ بولسىمۇ، ئۇنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك تەتقىقات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك، چۈنكى بۇ دەۋرنىڭ تەقەززاسى، پارتىيەنىڭ مائارىپچىلاردىن كۈتكەن ئۈمىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياش ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇ خىل ئىدىيەنى ئۇلارنىڭ قالبىغا ھەقىقىي سىڭدۈرۈش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى دائىمىي ئىشقا ئايلاندۇرۇش ئۇنچىلا ئاسان ئىش ئەمەس. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە تەكىتلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. ئۇ چىڭ تۇتۇلغان چاغدا بىز ئۇنىڭ تاتلىق تەمىنى تېتىدۇق، ئۇنتۇپ قالغان چاغدا بىزگە ئاچچىق ساۋاقلارنى ئېلىپ كەلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلمىي تەتقىقات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىدە كىلىمات بولۇپ شەكىللەنسە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە چىققاندا، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىغا ئاساس سېلىنىدۇ. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئادەتتىكىدەك ئالاقە قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىپ، ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىش ئۆتكەلدىن ئۆتتى. بۇنداق ئۆزئارا تىل بىلىشىدىغان خەنزۇ ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىزنى مىللەتلەر ئۆزئارا چۈشىنىشىدىغان، ھۆرمەتلىشىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان تەتقىقات تېمىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ماھىيەتتە ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتۇر. سانائەت زاۋۇتلىرىدىن مەھسۇلات چىقسا، ئالىي مەكتەپتىن ئىخساس ئىگىسى چىقىشى كېرەك. شۇندىلا ئالىي مەكتەپ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان فۇنكسىيەنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئالدىنقى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنسە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ ئاساسلىق بازىسى بولغان ئالىي مەكتەپ ياخشى كەيپىيات، ئىلمىي كىلىمات ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئاكتىپ ئېنېرگىيە تارقىتالايدۇ.

## 2. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئالاقىدار مەزمۇنلار توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسى

بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىسى تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىشىنى ئۈمىد قىلغانىكەن، ئۇنداقتا ئۆزىمۇ ئۆز مىللىتىدىن باشقا مىللەتنىڭ قانداق ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. شۇنداق ئەھۋاللار باركى، ئوخشىمىغان مىللەتلەر بىر يەرگە كەلگەندە، باشقا مىللەتنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە بەكلا سەزگۈر بولۇپ كېتىپ، ئۇلار بىزگە باشقىچە مۇئامىلە قىلغاندەك ھېس قىلىمىز. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاسلىقى بىلەن شەخسىي ساپاسى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، ساپا دېگەنلىك ئەخلاق بىلەن بىلىمنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. جەمئىيەتتە ئەخلاقلىق بولغان ئادەمنىڭ بىلىملىك بولۇشى ناتايىن. ئەمما، ئالىي بىلىم يۇرتىنى پۈتكۈزگەنلەر چوقۇم ھەم بىلىملىك ھەم ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك. بۇ دەۋرنىڭ، رايونىمىزنىڭ، ئېنىقراق ئېيتقاندا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەقەززاسى، .

تۆۋەندە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قىسىم خەنزۇ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى تونۇشىغا ئالاقىدار 27 تۈردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان ئىدى، تۆۋەندە بۇنىڭ ئىچىدىكى ئومۇمىيلىقا ئىگە دەپ قارالغان 12 تەكشۈرۈش سوئالىغا بېرىلگەن جاۋاب ۋە بۇ جاۋابلار توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈلدۇ. (جەدۋەلدىكى M ھەرىپى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا، H ھەرىپى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ۋەكىللىك قىلىدۇ).

بىرىنچى سوئال :

| سىز خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك قايسى ماتېرىياللىنى ئوقۇغان؟ | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. كىتاب | B. ژۇرنال | C. ماقالە | D. ئوقۇمىغان |
| M | 5 .23% | 8 .19% | 37. 3% | 4 .19% |
| سىز شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك قايسى ماتېرىياللىنى ئوقۇغان؟ | | | | |
| تاللانما | A. كىتاب | B. ژۇرنال | C. ماقالە | D. ئوقۇمىغان |
| H | 25% | 7 .10% | 51. 5% | 8 .12% |

بىرىنچى سوئالنىڭ نەتىجىسىدىن مەلۇمكى، ھەر ئىككىلا تەرەپتىن بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە قىزىقىدىغان ۋە بەكلا قىزىقىدىغانلار جەمئىي80% دىن يۇقىرى بولغان. بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئائىت ھېچقانداق ماتېرىيال كۆرۈپ باقمىغان ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16% ئەتراپىدا بولغان.

ئىككىنچى سوئال :

| سىز خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايسى تەرىپىگە ئەڭ قايىل؟ | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ | B. ئاددى - ساددا كىيىنىدۇ، گىرىم قىلمايدۇ | C. تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ | D . بىلگىنىگىزنى يېزىڭ |
| M | 84% | 3 .7% | 4 .8% | 0 |
| سىز مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايسى تەرىپىگە ئەڭ قايىل؟ | | | | |
| تاللانما | A. ئەدەپ قائىدىلىك، ئادەمگەرچىلىكنى بىلىدۇ | B. كىيىنىشى ئەنئەنىۋى | C. پەس ئاۋازدا گەپ قىلىدۇ | D . بىلگىنىگىزنى يېزىڭ |
| H | 52% | 21% | 21% | —— |

ئىككىنچى سوئالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 52% خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى «ئەدەپ - قائىدىلىك ئادەمگەرچىلىكنى بىلىدۇ»، دەپ قارىغان. كىيىنىشى ئەنئەنىۋى بىلەن پەس ئاۋازدا گەپ قىلىش ئايرىم - ئايرىم 21% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ تەرىپىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. «بىلگىنىگىزنى يېزىڭ» دېگەن D جاۋابقا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار تەكشۈرۈش قەغىزىنىڭ ئۈستىگە «بەزى ئۇيغۇر قىزلار ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ناخشا - ئۇسۇلغا ماھىر، قىزغىن، ياردەمگە موھتاج بولغاندا خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ»، دەپ يازغان. 84% مىللىي ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا ناھايىتى قايىللىقنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، بۇنداق قايىل بولۇش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆز - ئارا ھۆرمەتنى قوزغايدۇ.

ئۈچىنچى سوئال :

| سىز خەنزۇلار مەدەنىيىتىنىڭ قايسى تەرىپىگە ئەڭ قايىل؟ | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. تارىخىغا | B. يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە | C. جۇڭگو گۇمبىسىغا | D. ھۈسنخەت، جىڭجۇ تىياتىرى قاتارلىقلارغا |
| M | 6 .40% | 8% | 31% | 4 .20% |

| سىز ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ قايسى تەرىپىگە ئەڭ قايىل؟ | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. تارىخىغا | B. يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە | C. ناخشا ـ ئۇسسۇلىغا | D. كىيىم ـ كېچەكگە |
| H | 5% | 24% | 54% | 17% |

ئـۈچىنچى سـوئالدىن جەمئىـي 78% خەنـزۇ ئوقۇغۇچىلارنىـڭ ئۇيغۇرلارنىـڭ ئـاش ـ تـامىقىنى ۋە مۇزىكىسىنى ياخشى كۆرىـدىغانلىقىنى، كـىيىم ـ كـېچەك مەدەنىيىتىنـى ياخشـى كۆرىـدىغانلارنىڭ 17% ئەتراپىـدا ئىكەنلىكىنـى بىلىـۋالالايمىز. خەنـزۇ مىللىتىنىـڭ ئـۇزاق مەدەنىيەتلىـك تـارىخى ۋە جۇڭگـو گومپىسـى مىللىـي ئوقۇغۇچىلارنى بەكلا جەلپ قىلىدىكەن.

تۆتىنچى سوئال :

| سىز مىللىي ـ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارا ئالاقە قىلىشىشنى، ئىتتىپاقلىشىشنى خالامسىز؟ | | | |
|---|---|---|---|
| تاللانما | A. زۆرۈرىيىتى بار | B. زۆرۈرىيىتى يوق | C. مەن بىلەن ئالاقىسى يوق |
| H | 3 .86% | 4 .9% | 3 .4% |
| M | 90% | 6. 3% | 7 .3% |

تۆتىنچى سوئال خەنزۇ ـ مىللىـي ئوقۇغۇچىلارنىـڭ بىـر ـ بىـرى بىـلەن بولغـان ئـالاقە ۋە دوسـتلۇقنى كۈچەيتىشـنى مەقسـەت قىلغـان سـوئال بولـۇپ، خۇشـاللىنارلىقى شـۇكى بـۇ جەھەتـتە خەنـزۇ ـ مىللىـي ئوقۇغۇچىلارنىـڭ كۆزقاراشـلىرى ئاساسـەن ئوخشـاش بولغـان. بـۇ ئۇلارنىـڭ ئىتتىپاقلىقىـا، دوستلۇققا بولغـان تەشنىرسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

بەشىنچى سوئال :

| تاڭزۇڭزا بايرىمىدا نېمىشقا تاڭزۇڭزا يەيدۇ؟ | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. لى بەينى خاتىرىلەش ئۈچۈن | B. بەي جۈيىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن | C. چۈيۈەننى خاتىرىلەش ئۈچۈن[1] | D. بىلمەيمەن |
| M | 8. 6% | 14. 3% | 55. 7% | 21. 4% |

بەشىنچى سوئالدا 55 .7% ئوقۇغۇچى توغرا جاۋاب C نـى تاللىغـان. مىللىـي ئوقۇغـۇچىلاردىن سورالغان بـۇ سـوئال ئەنئەنـىۋى بايرامغـا مۇناسـىۋەتلىك چوڭقـۇر قـاتلاملىق مەدەنـىيەت بىلىمىنـى تەلەپ قىلىـدىغان بولغاچقـا، گەرچە بـۇ نەتىجىـلەر بىزنـى تولـۇق رازى قىلالمىغـان بولسـىمۇ، ئەممـا شـۇنى خۇلاسـە قىلىشـقا بولىـدۇكى، دەم ئېلىشـقا مۇناسـىۋەتلىك بايراملارنىـڭ مەدەنـىيەت ئارقـا كۆرۈنۈشـى توغرىسـىدا مىللىـي ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسى خېلى يۇقىرى بولغان.

ئالتىنچى سوئال :

| خەنزۇلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەركانلىرى ۋە ئادىمىيلىك ئۆلچەملىرىگە ئاساس سالغۇچى كىم؟ | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. خەن ۋۇدى | B. تاڭ تەيزۇڭ | C. جۇاڭزى | D. كۇڭزى | E. بىلمەيمەن |
| M | 2. 7% | 4. 1% | 1. 4% | 74. 3 % | 5 .17% |

ئـالتىنچى سـوئال كـۇڭزى تەلىماتىغـا ئالاقىـدار سوئال بولۇپ، بۇ سوئالدا توغرا جاۋاب Dنـى تاللىغـانلار

www.uyghurkitap.com



%74. 3 بولغان، دېمەك يېرىمىدىن كۆپ مىللىي ئوقۇغۇچىلار كۆزگىزى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغان.

يەتتىنچى سوئال :

| نوروز بايرىمى | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى، دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز[2] | B. شىمالىي يېرىم شاردىكىلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى بايرىمى | C. ئۆيمۇ - ئۆي ھېيتلىشىدىغان بايرام بولماستىن، بەلكى ئاممىۋى پائالىيەت قىلىدىغان بايرام | D. بىلمەيمەن |
| H | 41% | 1 .23% | 7 .7% | 2 .28% |

خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ سوئالغا بولغان بىلىشى يېتەرلىك بولمىسىمۇ، ئەمما نوروز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ سوئالدا %41 ئوقۇغۇچى توغرا جاۋاب Aنى تاللىغان. ئەمما ئەنئەنىۋي مىللىي بايرامغا مۇناسىۋەتلىك بۇ سوئالدا %50 ئەتراپىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار D، C، Bنى تاللىغان. توغرا جاۋابنى ھەقىقەتەن بىلمىگەن.

سەككىزىنچى سوئال :

| دۇتار قايسى مىللەتنىڭ چالغۇسى؟ | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. ئۇيغۇرلارنىڭ | B. قازاقلارنىڭ | C. قىرغىزلارنىڭ | D. موڭغۇللارنىڭ | E. بىلمەيمەن |
| H | 38% | 56% | 3% | 3% | 0 |

توققۇزىنچى سوئال :

| ئاقىللار ئۆيتىشىشى قايسى مىللەتنىڭ؟ | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. ئۇيغۇرلارنىڭ | B. قازاقلارنىڭ | C. قىرغىزلارنىڭ | D. موڭغۇللارنىڭ | E. بىلمەيمەن |
| H | 11. 5% | 33. 3% | 14% | 19. 2% | 22% |

ئونىنچى سوئال :

| دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن «ماناس داستانى» قايسى مىللەتنىڭ؟ | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. ئۇيغۇرلارنىڭ | B. قازاقلارنىڭ | C. قىرغىزلارنىڭ | D. موڭغۇللارنىڭ | E. بىلمەيمەن |
| H | 6 .16% | 15. 4% | 34. 6% | 4 .6% | 27% |

سەككىزىنچى سوئالغا %62 خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار خاتا جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردا ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋال گەۋدىلىك بولغان. توققۇزىنچى سوئالغا %33 خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار توغرا جاۋاب بەرگەن. ئونىنچى سوئالغا %35 خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار توغرا جاۋاب بەرگەن. بۇ ئۈچ سوئال مىللىي مەدەنىيەتنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم سوئاللار بولۇپ، ئېرىشىلگەن نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ يەنىلا مىللەتلەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا مەيلى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا بولسۇن ياكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا بولسۇن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنى بىلىش، چۈشىنىش جەھەتتىكى تەشۋىقات

تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئون بىرىنچى سوئال :

| سىزچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب نېمە ؟ | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تاللانما | A. دىن | B. ئەسەبىيلىك | C. تەلىم - تەربىيە جايىدا بولمىغان | D. ئادەم بار يەردە زىددىيەت بولىدۇ. بەزىدە بىر ئۆيدىكى قېرىنداشلارمۇ ئۇرۇشۇپ قالىدۇ بۇنىڭدىن ساقلىنىش تەس |
| H | 10% | 62% | 18% | 10% |
| M | 3% | 52% | 8 .13% | 31. 2% |

ئون بىرىنچى سوئالغا بىر قىسىم خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار جىددىي قاراپ ھەممە جاۋابنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تاللىغان. كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار «ئەسەبىيلىك» دېگەن جاۋابنى تاللىغان بولۇپ 62% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ تاللىشى بۇ مەسىلىگە بولغان سەزگۈرلۈكى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە تاقەتسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۆلچەم بويىچە ئىشلىگەن بولۇپ، پەقەت بىرنىلا تاللىغان.

ئون ئىككىنچى سوئال :

| سىزچە شىنجاڭدا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى قايسى تەرەپنى ئالدى بىلەن چىڭ تۇتۇش كېرەك؟ | | | |
|---|---|---|---|
| تاللانما | A. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بۇ تەرەپتىكى تەربىيەنى كۆپەيتىش كېرەك | B. ئالىي مەكتەپتە مىللىي مەدەنىيەتنى تونۇشتۇرىدىغان دەرسلىك تەسىس قىلىش كېرەك | C. مەكتەپ ئىچىدىكى تەلىم - تەربىيە تەشۋىقاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك |
| H | 6 .49% | 6 .31% | 8 .18% |
| M | 2 .46% | 26. 3% | 27. 5% |

ئون ئىككىنچى سوئالدا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار كۆپىنى تاللىغان. بۇ سوئالغا ئىككىلا تەرەپنىڭ كۆز قارىشى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، A جاۋابنى تاللىغانلار يېرىمىنى ئىگىلىگەن. جاۋابنى تاللاشتا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مايىللىقى مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىن كۈچلۈك بولغان.

## 3. مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەھلىل

يۇقىرىقى تەكشۈرۈش قەغىزىنىڭ نەتىجىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر بىزنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك نەتىجىگە ئېرىشتۈردى. ئەمەلىيەتتە، ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش خۇددى ئىككى ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغانغا ئوخشايدۇ. ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئەگەر بىر تەرەپ ئۆزىنى بەك ئالاھىدە تۇتۇۋالسا، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى مەركەز قىلىۋالسا، ھەممە ئىشتا قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنىلا كۆرۈپ، قارشى تەرەپنىڭ كەمچىللىكلىرىنى چوڭايتىپ كۆرسەتسە، قارشى تەرەپنى بىزار قىلىپ قويىدۇ، دوستلۇق ئورنىتىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، پەقەت سەممىي مۇئامىلىدە بولۇپ، قەلبنى قەلبكە تۇتاشتۇرغاندا، ئاندىن ئالاقە كۆۋرۈكىنى ياخشى سالغىلى، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇقنىڭ ئۇلىنى، ئاساسىنى پۇختىلىغىلى بولىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسى سەممىي ئالاقىدە، سەممىي ئالاقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى، باشقا مىللەتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشى لازىم. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىمىز دېيدىكەنمىز، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى. بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىر يىل خەنزۇ تىلى تەييارلىقتا ئوقۇيدۇ، ئۇلار ئالىي مەكتەپكە كېلىشتىن بۇرۇنلا مەلۇم خەنزۇ تىلى ئاساسىغا ئىگە. تەييارلىق مەزگىلىدە ئۆتىلىدىغان دەرستىن خەنزۇ تىلى ئوقۇشلۇقى، يېزىقچىلىق، ئاغزاكى تىل مەشىقى قاتارلىقلار بار. تىل ئۆگىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقىدىغان» ياخشى ئۇسۇل. چۈنكى، تىل ئۆگىنىش جەريانىدا شۇ مىللەت توغرىسىدىكى مەدەنىيەتلەرنىمۇ ئىگىلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىقتا ئوقۇۋاتقان ئىجتىمائىي پەن كەسپى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا 2017 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى» دېگەن كىتاب دەرس قىلىپ ئۆتۈلدى. بۇ كىتاب جۇڭگو رىۋايەتلىرى، خەنزۇ يېزىقى، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، كۇڭزى. . . قاتارلىق 31 دەرسلىكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتسە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدۇ. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا، كەڭ كۆلەملىككە ھەم تىرەنلىككە ئىگە مەدەنىيەتتۇر. بۇ خىل دەرسلىكنىڭ بولۇشى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇلارنى چۈشىنىشىگە ئىنتايىن پايدىلىق. مىللىي ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىدە بۇنداق قاراتمىلىقى بار بىلىمگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دەرسلىك مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇلارنى ھەم جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىدىكى ئاساس بولۇپ قالىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى تەييارلىق مەزگىلى ئىنتايىن مۇھىم مەزگىل بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى 90% مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە كىرىپلا زۆرۈر بولغان بۇ بىر يىلنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەييارلىق مەزگىلىدىكى خەنزۇ تىلى دەرسلىكى بىزنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىشتىكى يادرولۇق كۈچ بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى. تەشۋىقىي تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك. تەييارلىق ئىنستىتۇتىدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى يىلدا بىر قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. مۇزېيخانىدىكى تارىخىي بۇيۇملار، يەنى ھەرقايسى مىللەتنىڭ تۇرالغۇلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، چالغۇ - ئەسۋابلىرى ۋە تۇرمۇش سايمانلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. بۇنىڭدىن باشقا، مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر تەشۋىقىي تەربىيە خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، بۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ ئاجايىپ ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇ مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى تونۇشتۇرسا تېخىمۇ ياخشى تەشۋىقىي تەربىيە رولىنى ئوينايدۇ. سۈرەت ۋە چۈشەندۈرۈش يېزىلغانلىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ فولكلورلۇق مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈشنى مەزمۇن قىلسا تېخىمۇ ياخشى تەسىر بېرىدۇ.

ئۈچىنچى. ئۆز ئارا بىرلەشمە پائالىيەت قىلىش. بىرلەشمە پائالىيەت قىلىش ئەزەلدىن بار بولغان شەكىل بولۇپ، بۇنداق پائالىيەت جەريانىدا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىر - بىرىنىڭ ناخشا - مۇزىكىسىنى تەڭ ئاڭلاپ، بىر- بىرىنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەڭ ئويناپلا قالماي، يەنە پارتىيەنى كۈيلەيدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق بىرلەشمە پائالىيەت ھەقىقەتەنمۇ ھەرقايسى مىللەت ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا

ئىنتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى سورۇن بولالايدۇ. بۇ خىل پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىش بەزى كەسىپ ۋە پەنلەرگە ناھايىتىمۇ ماس كېلىدۇ. چۈنكى شۇ كەسىپ ۋە پەنلەرگە قوبۇل قىلىنغان خەنزۇ ۋە مىللىي سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ياخشى جۈپلەردىن بولالايدۇ. ئەمما مىللىي ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنمىغان بەزى كەسىپلەردە بولسا مەكتەپ ئىنتىپاق كومىتېتى، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى، ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېتەكچىلەر، سىنىپ مەسئۇللىرى ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا جۈپ بولۇپ، بىرلىكتە ئۆگىنىش ۋە ئىنتىپاقلىشىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئومۇمەن، سىنىپلار (مىللىي ۋە خەنزۇ سىنىپلار) ئارا مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە دائىر پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقچى بولغانلارغا مەكتەپ، ئىنستىتۇت كەڭرى سورۇن ھازىرلاپ بېرىشى ۋە ئۈنۈمى ياخشى بولغان پائالىيەتلەرنى تەشۋىق قىلىشى ۋە تەقدىرلىشى كېرەك.

4. ئىنتىپاقلىققا تولغان ياتاق مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قىسىم ياتاقلاردا خەنزۇ، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىللە ياتىدۇ، ئەسلىدىمۇ ئوخشاش بىر مىللەت بىر ياتاقتا ياتسا، ئۇلارنىڭمۇ بىر ـ بىرىدىن مۇتلەق رازى بولۇپ چىقىشىپ كېتىشى ناتايىن. چۈنكى ئادەم بار يەردە ئانداق ـ مۇنداق زىددىيەتلەردىن ساقلىنىش ناھايىتى تەس. ئۇنداقتا ھەر مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار بىر ياتاقتا ياتقاندا، ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ بەزىدە بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھېچقانداق مەسىلە ھېسابلانمايدىغان كىچىك ئىشلار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە مەسىلە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىز ھەر بىر ئوقۇغۇچىمىزنى شۇنداق تەربىيەلىشىمىز كېرەككى، ھېچقانداق ئادەمنىڭ باشقا بىرىنىڭ زىتىغا تېگىپ بىئارام قىلىدىغان زەررىچە ھوقۇقى يوق. ھەر قانداق ئىشتا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش بىر تەربىيە كۆرگەن ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقلىق ۋە بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش، بۇ ئىككى نۇقتىنى بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەق قىلىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. لېكىن يەنە شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ياشلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە سۆھبەتلەر بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى، ھەرقايسى مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ھەقىقەتەنمۇ بىر ـ بىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىلىشكە شۇنچە قىزىقىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بىر مىللەتنىڭ ياخشى بولغان، جۇڭخۇا ئورتاق مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن ئۆرپ ـ ئادىتىنى باشقا مىللەتلەرمۇ ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىشى لازىم. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق يېگەندە ئاۋاز چىقارماسلىق، كۆپ گەپ قىلماسلىق، بۇرۇننى تارتماسلىق قاتارلىق تەلەپلەر دىپلوماتلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەردۇر. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچتە پۇتنى سۇغا چىلاش، باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە چېقىلماسلىق، باشقىلار ئۆگىنىش قىلغاندا، ياتاقتا ئۇخلىغاندا ئاۋاز چىقارماسلىق، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولسىلا ئۆگىنىش دېيدىغان ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئادەم ھەقىقەتەنمۇ چىن كۆڭلىدىن قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. بىز بىر مەكتەپتە، بىر ياتاقتا ياشىغان ئىكەنمىز، چوقۇم بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايقاپ، قايىل بولۇش بىلەنلا قالماي، ئۇنى ئۆگىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. كۆپ مىللەتلىك رايوندا بىر ئادەم ياخشى بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ناچار بولۇپ قالسا، ناھايىتى ئاسانلا ئۆز مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ قالىدىغان خاتا قاراشنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشتىن خالاس قىلىشىمىز لازىم.

خۇلاسىلىساق، ۋەزىيەت ۋە كەيپىياتنى ئادەم يارىتىدۇ، قانداق ئادەم ۋە ئىستىل بولسا، شۇنداق كەيپىيات ۋە ئىستىل شەكىللىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر ياخشى نوتا، ئۇلار ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپتە تەربىيەلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، مەلۇم بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولغان، بىر مەكتەپ، بىر ماكان، بىر زامانغا، ئورتاق كەيپىيات ۋە ئورتاق ئىلمىي ھاۋاغا ئىگە. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار ياش، بىلىمگە ئىنتىلگۈچىلەر بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە ئەقىل ـ ئىدراكىيلىققا ئىگە كىشىلەر بولۇپ، پات كەلگۈسىدە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى روياپقا چىقارغۇچىدۇر. ئۇلار

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتنىڭ، ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىنى، دۆلەت ۋە رايونىمىزنىڭ تىنچ، ئەمىن بولۇشىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت جەمئىيەت تىنچ ـ ئەمىن بولغاندىلا ئاندىن ياخشى ئوقۇيالايدىغانلىقىغا، ياخشى خىزمەت تاپالايدىغانلىقىغا، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى رويابقا چىقىرالايدىغانلىقىغا، گۈزەل كەلگۈسىنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار باشقا مىللەتلەرنى چۈشىنىشنى، بىلىشنى خالايدۇ ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىزچىللاشتۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تۆت، بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتى بىزدەك تەربىيەلىگۈچىلەرنى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەر، بىز پۈتۈن مەكتەپتىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلارنى ئىزچىل تۆردە يىلمۇ ـ يىل بۇ خىل بىلىم بىلەن قۇراللاندۇرساق، ئۇلار جەمئىيەتكە چىققاندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىجابىي كۈچ، قابىل باشلامچى ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇچىلار بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىزدەك مائارىپچىلارنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى. ئەگەر، ئۇلارنى بىز ئىتتىپاقلىق جەھەتتە يېتەكلىمىسەك، كاللىسىنى ئېچىپ، زېھنىنى ئۇرغۇتمىساق، ئۇ چاغدا بۇ بىزدىكى خاتالىق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنى ئۇزۇن مۇددەت، بوشاشتۇرماي، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار:


[1] 钟敬文. 中国民俗使（国民卷）[M]. 2008:349

[2] 新疆维吾尔自治区对外文化交流协会编. 维吾尔族民俗文化 [M]. 2000: 192.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 032 ـ 1005 - 5878 (2017)04

# نەۋايى غەزەللىرىدىكى بەدىئىي ۋاستە —— تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر*

ئىسمەت قاسىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 840046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئەلىشىر نەۋايى 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك شائىر. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن زور ئەدەبىي مىراسلار نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە ئىدىيە تەرەققىياتىغا ئۆزۈكسىز تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى نەۋايى ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ كەلدى. نەچچە ئەسىردىن بېرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى زامان مەدرىس - مەكتەپلىرىنىڭ مۇھىم بىر دەرسلىكى بولۇپ ئوقۇلدى؛ «ئون ئىككى مۇقام» ناخشىلىرىنىڭ تولىسى نەۋايى تېكىستلىرى (غەزەللىرى) بىلەن ياڭرايدۇ. بۇ ماقالىدە، ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** نەۋايى؛ غەزەللەر؛ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە

## 纳瓦依的修辞辞格（反复类型）

依斯买提 · 哈斯木

**摘要**：艾力西尔纳瓦依是十五世纪伟大诗人。他所留下的数量巨大的文学遗产，几个世纪以来影响着中亚与周边地区人民的文学与思想的发展。尤其是我国西部地区各族人民吸收了纳瓦依作品的精粹，丰富了自己的精神世界。几百年来，他的作品在当代课堂里作作文必修课。维吾尔古典十二木卡姆的歌词大多数是他的诗歌，艾力西尔纳瓦依在国际文坛上也是一名伟大的人文主义诗人，思想家。本文简要叙述艾力西尔纳瓦依的诗作中的修辞特点。

**关键词**：纳瓦依；歌词；修辞

**Abstract:** Ali-Shir Nava'i is a great poet of the fifteenth century. The enormous literary legacy he left behind has influenced the development of literature and ideology of the people in Central Asia and the surrounding areas for centuries. In particular, ethnic groups in the western region of China have absorbed the essence of Nava'i's works and enriched their spiritual world. For a few hundred years his work has been a required course in schools at those times. Most of the lyrics of Uyghur Classical 12 Muqam is his poetry, and Ali-Shir Nava'i is also a great humanitarian poet and thinker in the international literary world. This article briefly describes the rhetorical features in Ali-Shir Nava'i's poems.

**Key words:** Nava'i ; lyrics; rhetorical features

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** I207.9 **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ئەلىشىر نەۋايى (1441 ـ 1501) نىڭ ئۆزى ۋە تەشەببۇس بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرىگە ئاستىرتىن زەن سالساق، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار روھىيەت باشلامچىسى ئوبرازىنى بايقايمىز. ئۇ ئەينى زامان ئەدەبىي تىل، شېئىرىي ۋەزىن ۋە ئۆلچەم، مۇقام ۋە تەلىم ئىشلىرىدا يېگانە غايىۋى ئۆلگە ئىزدىگەن ئۇنتۇلماس سىيما ئىدى. ئۇ ھەقتە ئابدۇراخمان جامى: ‹ھېچكىم بۇ تىلدا ئۇنىڭدىن ئارتۇق ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى شېئىر ئېيتقان ۋە نەزم گۆھەرلىرىنى تىزمىغان› دېسە، ھۈسەيىن بايقارا: ‹ھەق سۆز ئېيتىشنىڭ قەھرىمانى، يەنى نەۋايى تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر مىر

---

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئىسمەت قاسىم (1962 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ، دوتسېنت، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەلىشىر تۈركىي تىلنىڭ جەستىگە نەسىق نەسەبى بىلەن روھ جان كىرگۈزدى... ئۇنىڭ نەزمىلىرىنى ماختاشقا تىل نۇقسانلىق ۋە قەلەم ئاجىزدۇر› دېدى. بابۇر بولسا: ‹ئەلىشىربېك تۈركىي تىل بىلەن شېئىر ئېيتىپتۇرلەر، ھېچ كىشى ئانچە كۆپ خوپ ئېيتقان ئەمەس› دېگەنىدى»[1].

نەۋايىدىن كېيىن ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارنى ئۆزلىرىنىڭ پىر - ئۇستازى دەپ بىلىپ، ئۆز ئىجادىي ئەمگىكى ئەمەلىيىتىدە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالدى؛ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەدرىس - مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم بىر دەرسلىكى بولۇپ ئوقۇلدى؛ كىلاسسىك مۇزىكا نەغمە قامۇسى بولغان ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنىڭ تولىسى نەۋايى تېكىستلىرى (غەزەللىرى) بىلەن ياڭرايدۇ. نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېسىل قوليازمىلىرى جامائەتچىلىك ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ۋە كەڭ تارقالغان. شۇڭا كېيىنكى بەش يۈز يىللىق ئەدەبىيات ھەققىدە سۆز ئېچىلغاندا نەۋايىنىڭ نامى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى ھاياتىدا ئادەم ھەيران قالغۇدەك نۇرغۇن ئەسەر يازدى. «خەزائىنولمەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق تۆت چوڭ دىۋانى، «خەمسە» ناملىق بەش داستانى نەۋايى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك، ئەڭ مەشھۇر، نەمۇنىلىرىدۇر. ئۇلاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇنلىغان داستان، ئىلمىي مۇھاكىمە، پەندىنامە ۋە ئەسلىمىلىرى بار. بۇ ئەسەرلەردە نەۋايىنىڭ دۇنيا قارىشى، بىلىمى، بەدىئىي ماھارىتى تەلتۆكۈس ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئىنتايىن زور بەدىئىي، ئىلمىي، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. نەۋايى ھەققەتەنمۇ جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ[2].

نەۋايى غەزەللىرى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمى مۇھەببەت لىرىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئىچكى روھىي غەزىنىسى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يارقىن، جىلۋىدار ئوبرازىنى تاپقان. ئۇ مۇشۇ تېمىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ خەلقچىل روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇھەببەت ھەققىدىكى ئالىجاناپ ئىدىيەسىنى تەرغىپ قىلىدۇ[3].

ئەلىشىر نەۋايى كىلاسسىك «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دا، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەممە ساھەلىرى بويىچە «ئەڭ كۆپ يازغان ۋە ئەڭ خوپ يازغان» مۇتەپەككۇر[4].

شۇڭا شائىرنىڭ غەزەللىرىنى مەدەنىيەت، سەنئەت، ئەخلاق، پەلسەپە، تىلشۇناسلىق ۋە ئىستىلىستىكا جەھەتتىن ئەتراپلىق، چوڭقۇر، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، نەۋايى غەزەللىرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئۈستىدىلا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئىستىلىستىكا ــ مۇئەييەن كونتېكىست ئىچىدە تىل ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تىلنىڭ پىكىر - ھېسسىياتنى ئىپادىلەش قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن[5].

ئىستىلىستىكا تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى، ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى پەقەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ۋە ئۇسۇللار ئۈستىدىلا ئېلىپ بارماستىن، بەلكى تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئالاقىدار بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارىدۇ، يەنى ئىستىلىستىكا ماقالە - ئەسەر ۋە نۇتۇقنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىق مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات نىشانى قىلىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، فونېتىكا تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، لېكسىكولوگىيە تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولغان سۆزلەرنىڭ لۇغەت سوستاۋىنى، سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىدۇ، گىراماتىكا بولسا تىلنىڭ قۇرۇلۇش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ، دېمەك يۇقىرىقى ئۈچ ئىلىم تىلنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئىستىلىستىكا بولسا تىلنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلماستىن، بەلكى تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ئالاقىدار بولغان بارلىق مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە باي تىل. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە دېگىنىمىز، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمەن تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ بېرىدىغان؛ تار مەنىدىن ئېيتقاندا، تىلنى ئوبرازلىق، جانلىق، كونكرېت قىلىپ بېرىدىغان ۋاستىلەر ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دېيىلۋاتقان ئىستىلىستىكىلىق

ۋاستىلەر ئاكتىپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تىل سەنئىتى ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلىنىپ مۇئەييەن شەكىلدە تۇراقلاشقان، ئوبيېكتىپ، پىسخىك، ئېستېتىك ئاساسقا، ئالاھىدە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ۋاستىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەڭ نازۇك ئەڭ مۇرەككەپ بولغان پىكىرلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە. كىلاسسىكلىرىمىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ مول بولغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلۇغ ئابىدىلەرنى بىزگە قالدۇردى، نەۋايى غەزەللىرى ئۇلارنىڭ بىرى. نەۋايى غەزەللىرى سۆزگە باي. ئۇنىڭ تىلى گۈزەل، پاساھەتلىك. ئۇ يەنە، بەدىئىي ۋاستىلەرگە، يەنى تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە ئىنتايىن باي. نەۋايى غەزەللىرىنى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر تولۇق مۇجەسسەملەشكەن بىر قامۇس دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تىلىمىزدىكى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى قېزىپ، رەتلەپ چىققىلى بولىدۇ، مەن بۇ ماقالەمدە نەۋايى غەزەللىرىدىكى تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن. تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئۇيقاش، تىركەش، تەسدىر، ئەكس قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## 1. ئۇيقاش

ئۇيقاش ـ تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئالليتېراتسىيە (Alliteration) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئالليتېراتسىيە ياكى ئۇيقاش بېشىدىكى تاۋۇشلىرى ئوخشاش كېلىدىغان سۆزلەرنى ياكى ئوخشاش بىر تاۋۇشنى ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بېشىدا ئۇدا ياكى ئارىلاپ ئىشلىتىش ئارقىلىق نۇتۇقنىڭ مۇزىكىدارلىقىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇيقاش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان، ئەدىبلەر ياقتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە نەۋايىمۇ مۇشۇ ئىستىلىستىكىلىق شەكىلدىن كەڭ ھەم ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن:

ئاتى ئاغزىم ئارا مەزكۇر، ئۆلەرمەن، ئاھكىم، بولماي،
ئاتىم ئاغزىمغا بىرمەزكۇر ئۇلۇرغە كامران ھەرگىز.

(ئۇنىڭ نامى مېنىڭ ئاغزىمدىن چۈشمەيدۇ، بىراق مېنىڭ نامىم ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر قېتىممۇ ئېلىنىش بەختىگە ئېرىشەلمەي ئۆلىدىغان ئوخشايدۇ. ) (غەزەللەر 69 ـ بەت)

قىران قىلدىڭ نەۋايى، نەزم ئاراكىم ئىلتىفات ئەتمەس،
سۆزۈڭدىن ئۆزگە سۆزگە خىسرەۋى ساھىبقىران ھەرگىز،

(نەۋايى، يېقىنلاشتىڭ، شاھى ساھىبقىران [ھۈسەيىن بايقارا] نەزمە ساھەسىدە سېنىڭ سۆزۈڭدىن باشقا سۆزگە ھەرگىز ئىلتىپات كۆرسەتمەيدۇ.) (غەزەللەر 70 ـ بەت)

بادەئى ئىشق ئەسرۇ مەست ئەتمىش مېنى، ئەي دوستلار،
جامىمە ئەفيون ئېزىب بىردەم خىرەد مەند ئەيلەڭلەر.

(ئىشق شارابى مېنى بەكمۇ مەست قىلىۋەتتى، ئەي دوستلار، جامىمغا ئەپيۇن ئېرىتمىسى قۇيۇپ، ھوشيار قىلىپ قويۇڭلار. ) (غەزەللەر 71 ـ بەت).

گەرچە يەر تاپتىڭ كۆڭۈلدە، ۋەھم ئەت ئاھۇ ئەشكىدىن،
كىم، كىرىپ، ۋەيرانغە بولماس كىمسە توفاندىن خەلاس.

(كۆڭۈلدىن جاي تېپىپسەن، بىراق ئاھزار ۋە كۆز يېشىدىن ئېھتىيات بول، چۈنكى، ۋەيرانلىققا كىرىپ قالغان كىشى توپاندىن قۇتۇلالمايدۇ. )(غەزەللەر 89 ـ بەت). بۇلاردىن 1 ـ مىسالدا 2 ـ مىسرادىكى تۆت سۆز «ئا» بىلەن؛ 2 ـ مىسالدا 2 ـ مىسرادىكى ئۈچ سۆز «س» بىلەن؛ 3 ـ مىسالدا 1 ـ مىسرادىكى ئۈچ سۆز «ئە» بىلەن؛ 4 ـ مىسالدا 2 ـ مىسرادىكى ئۈچ سۆز «ك» بىلەن باشلىنىپ ئۇيقاش شەكىللەنگەن.

## 2. تىركەش

تىركەش ـ تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئالدىنقى جۈملە(مىسرا)نىڭ ئاخىرىنى كېيىنكى جۈملە(مىسرا)نىڭ بېشىدا تەكرارلاپ، قوشنا ئىككى جۈملىنىڭ باش ـ ئايىغىنى زىچ چېتىشتۇرىدىغان، شەيئىلەرنىڭ ئورگانىك باغلىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com



قوللىنىلىدىغان ۋاستىنى كۆرسىتىدۇ. تەكرارلىنىدىغان تەركىبلەر بىر - بىرىگە تىركىشىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەر تىركەش دەپ ئاتالغان. تىركەشتە تەكرارلانغان تىل بىرىكمىلىرىگە قاراپ، سۆز تىركىشى، سۆز بىرىكمىسى تىركىشى ۋە جۈملە تىركىشى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. نەۋايى غەزەللىرىدە سۆز تىركىشى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

دەردى ئىشقىڭ داغى، ئول سائەتكى ئۆلسەم، جان ئارا،
جانىنىڭ ئىككى نۇقتەسى يەڭلىغ نشان بولغۇسىدۇر.

(مەن ئۆلسەممۇ ئىشقىڭ دەردىڭ دېغى جان ئاراسىدا «جان» [دېگەن خەتنىڭ] ئىككى چېكىتىگە ئوخشاش بەلگە بولۇپ قالىدۇ. ) (غەزەللەر 220 ـ بەت)

ئولتۇرۇپ يانىغە مەن كىم مەن يۈزىنى ئۆپمەكىم،
يوق ھەدىم كويىدا يەر ئۆپمەككە، ئولتۇرماققە ھەم.

(ماڭا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يۈزىنى سۆيۈش نەدە، ھەتتا كوچىسىدا ئولتۇرۇشنى ئۇقماي قالىمەن )

نەتاۋان جىسمىمدا يۈز ناۋەك فىراقىڭ خەيلىدىن،
كىم كۆچۈم يەتمەس بىرىن تارتارغە، سىندۇرماققە ھەم.

(ئاجىز جىسمىمغا پىراقىڭ لەشكەرلىرى ئاتقان ئوقلار ھېسابسىز، ئۇنىڭ بىرەرسىنىمۇ سۇغۇرۇۋېتىشكە كۈچۈم يەتمىدى. ) (غەزەللەر 254 ـ بەت)

ئەي كۆڭۈلدە شەھدى لەئلىڭ ھەسرەتىدىن يۈز تېشۈك،
ھەر تېشۈكدۇر شەھد زەمبورى ئويى يەڭلىغ چۈچۈك.

(ئەي گۈزەل، شېرىن لىۋىڭ ھەسرىتىدىن كۆڭلۈمدە يۈزلەپ تۆشۈك بار، ھەر بىر تۆشۈكى خۇددى ھەسەل كۆنىكىدەك تاتلىق. ) (غەزەللەر111 ـ بەت)

كۆڭلۈمدىكى ھەر نېشدىن گەر بولسا بىر تىل،
يۈز تىل بىلە ئۆز ھالىنىڭ شەرھىدە قاسىر بولغۇسى.

(كۆڭلۈمگە سانجىلغان ھەر بىر نەشتەر بىر تىل بولۇپ، ھەر بىرى يۈز تىلدا سۆزلىسىمۇ ئۆز ھالىنى تولۇق بايان قىلالمايدۇ. ) (غەزەللەر177 ـ بەت)

بۇلاردىن بىرىنچى مىسالدا مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى «جان» سۆزى ؛ 2 ـ مىسالدا «كىم» سۆزى ؛ 3 ـ مىسالدا «تېشۈك» سۆزى ؛ 4 ـ مىسالدا «تىل» سۆزى كېيىنكى مىسرالارنىڭ بېشىدا تەكرارلىنىپ تىركەش بولۇپ كەلگەن.

تىركەشنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمى تۆۋەندىكىچە:

(1) نۇتۇق قۇرۇلمىسىنى رەتلىك، مەزمۇن - قائىدىلەرنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇ شەكىل جەھەتتە ئالدىنقى مىسرا ياكى بېيىت كېيىنكى مىسرا ياكى بېيىتكە باغلىنىپ، ئالدى كەينى تۇتىشىپ، زەنجىرسىمان گىرەلىشىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئارقىلىق جۈملىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە ئۆزگىرىش جەريانىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ بەرگىلى، پاكىتلارنى تولۇق، قائىدىلەرنى ئېنىق بايان قىلغىلى بولىدۇ.

(2) تىركەشتە مىسرالاردا ئىپادىلىنىدىغان مەزمۇننىڭ تەرتىپى روشەن، رەتلىك، جۈملىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيەسى بىردەك بولغانلىقتىن، نۇتۇقنى ئوقۇشقا قولايلىق، ئاڭلاشقا يېقىملىق قىلىپ، كۈچلۈك قۇرۇلما رەتلىكلىكى ۋە مەنە تۇتاشلىقى ھاسىل قىلىدۇ.

## 3. تەسدىر

تەسدىر ـ تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، جۈملە ۋە شېئىردا مىسرا بېشىدىكى سۆز - ئىبارىنى جۈملە ئاخىرىدا ئەينەن تەكرارلاشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ نەۋايى غەزەللىرىدە مىسرا بېشىدىكى سۆز مىسرا ئاخىرىدا ياكى ئالدىنقى مىسرانىڭ بېشىدىكى سۆز كېيىنكى مىسرانىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

شەيخى رىيايى فانى ئەمەس،
ئول تەرەف ئولسۇن، يا بۇ تەرەف.

(شەيخنىڭ ساختىپەزلىكى يوقالمايدۇ، يا ئۇ تەرەپ بولغۇلۇق، يا بۇ تەرەپ بولغۇلۇق.) (غەزەللەر 102 ـ بەت)

دەڭ قىلمىشتۇر نەۋايىنى خۇمار،
ئاڭا تۇتسۇن بىر قەدەھ، ساقىغە دەڭ.

(نەۋايىنى مەي خۇمارى تۇتتى، ساقىغا ئېيتىڭ، ماڭا بىر قەدەھ مەي تۇتسۇن.) (غەزەللەر114 ـ بەت)

بۇلاردىن 1 ـ مىسالدا مىسرا بېشىدىكى «تەرەف» سۆزى شۇ مىسرانىڭ ئاخىرىدا؛ 2 ـ مىسالدىكى 1 ـ مىسرانىڭ بېشىدىكى «دەڭ» سۆزى كېيىنكى مىسرانىڭ ئاخىرىدا تەكرارلانغان.

نەۋايى غەزەللىرىدە تەسدىرنىڭ تۆۋەندىكىدەك

شەكىللىرى ئۇچرايدۇ:

**1) مىسرادىكى تەسدىر**

بۇنىڭدا مىسرا بېشىدىكى سۆز مىسرا ئاخىرىدا تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

چېھرىسىغە مىزبان ئولسۇن كۆزۈم، ئول چېھرىنى،
كۆزلەرىم ئۆيىدىن ئۆزگە كۆزگە مېھمان ئەيلەمە.

(كۆزۈم ئۇنىڭ چېھرىگە ساھىبخانا بولسۇن، ئۇ چېھرىنى كۆزلىرىم ئۆيىدىن باشقا كۆزگە مېھمان قىلما.) (غەزەللەر 284 ـ بەت)

نوكتەكىم مەجنۇن دېگەي، ئېرمەس ئەجەپ ئەتفالدىن،
ئەيلەمەك تەكرار ئول سۆزنىيۇ غەۋغا ئەيلەمەك.

(مەجنۇن بىرەر مەنىلىك سۆز قىلىپ قويسا، بالىلار ئۇنى دوراپ تەكرارلاپ چۇقۇراشسا، بۇمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.) (غەزەللەر 489 ـ بەت)

بۇنىڭدا مىسرا بېشىدىكى «چېھرە»، «ئەيلەمەك» دېگەن سۆزلەر مىسرا ئاخىرىدا تەكرارلىنىپ مىسرادىكى تەسدىرنى ھاسىل قىلغان.

**2) بېيىتتىكى تەسدىر**

بۇنىڭدا بىر بېيىتتە ئالدىنقى مىسرانىڭ بېشىدىكى سۆز كېيىنكى مىسرانىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

بولغۇسى مۇتلەق شۇئىلەلەر ئىچرە سەمەندەر سەيرىدەك،
سەنسىز كۆڭۈل، گۇلزار ئارا ئول دەمكى سايىر بولغۇسى.

(كۆڭۈل قاچانكى سەنسىز گۈلزار ئىچرە سەيرى قىلسا، خۇددى سەمەندەر يالقۇن ئىچىدە يۈرگەندەك بولىدۇ.)

ئىختىيارى ساڭا ھەم يوق ئىدى، نى يازغۇرايىن،
بۇيلە چۇن يازغان ئىمىش خامەئى تەقدىر ساڭا.

(سېنى نېمە دەپ ئەيىبلەي، ئىختىيار ئۆزۈڭدە ئەمەس ئىدى، بۇنى تەقدىر قەلىمى شۇنداق يېزىپتىكەن.) (غەزەللەر 188 ـ بەت)

بۇنىڭدا 1 ـ مىسرانىڭ بېشىدىكى «بولغۇسى»، «ساڭا» دېگەن سۆزلەر 2 ـ مىسرانىڭ ئاخىرىدا تەكرارلانغان.

**3) ئارىلاش تىركەش ۋە تەسدىر**

بۇنىڭدا تەسدىر ۋە تىركەش ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەلگەن بولىدۇ، يەنى ئىككى مىسرا غەزەلدە تىركەش ۋە تەسدىر تەڭلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

خاتىرنى جەم ئىستەر ئىسەڭ، ئەۋۋەل خەۋاتىر دەفئىن ئەت،
كىمدە خەۋاتىر بولماسا، ئاسۇدە خاتىر بولغۇسى.

(خاتىرجەملىك ئىزدىسەڭ، ئاۋۋال تەشۋىشنى يوقات، كىمدە تەشۋىش بولمىسا، خاتىرجەم بولالايدۇ.) (غەزەللەر 177 ـ بەت)

بۇنىڭدا 1 ـ مىسرانىڭ بېشىدىكى «خاتىر» دېگەن سۆز 2 ـ مىسرانىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىپ تەسدىر بولۇپ؛ 1 ـ مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى «خەۋاتىر» دېگەن سۆز 2 ـ مىسرانىڭ بېشىدا تەكرارلىنىپ تىركەش بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئۇسۇل نەۋايى غەزەللىرىدە ئەڭ ئاز ئۇچرايدۇ.

## 4. ئەكس

تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن، سۆزلىرى ئوخشاش، ئەمما تىزىلىش تەرتىپى ئوخشىمايدىغان تىل بىرلىكلىرىنى جۈملە ياكى باشقا كونتېكىستنىڭ بېشىدا ھەم ئاخىرىدا ئايلاندۇرۇپ تەكرارلاش ئارقىلىق ئىككى خىل شەيئى ـ ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئېچىپ بېرىدىغان تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق شەكىل ئەكس (ئايلانما) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەكس مەزمۇنىغا قاراپ ئوڭ ئەكس ۋە تەتۈر ئەكس دەپ بۆلۈنىدۇ.

**1) ئوڭ ئەكس**

بۇ پىكىر مەزمۇنى ئۆزئارا ماسلىشىپ بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان ئەكستۇر. مەسىلەن:

چۇن نەۋايى بىنەۋا جاننى سەنسىز ئىزدەمەس،
ئانى جاننىڭ، جاننى ئانىڭ رەنجىدىن قۇتقار، كەل.

(بىچارە نەۋايى سەنسىز جان ئىزلىمەيدۇ، كېلىپ ئۇنى جاننىڭ ئازاۋىدىن، جاننى ئۇنىڭ ئازاۋىدىن قۇتقازغىن) (غەزەللەر 249 ـ بەت)

بۇنىڭدا «ئانى جاننىڭ» دېگەن بىرىكمە ئورۇن ـ تەرتىپ ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن «جاننى ئانىڭ» دېگەن شەكىلدە بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسىچە ئايلاندۇرۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەكرارلانغان. بۇنداق ئەكس ئەكسنىڭ ئوڭ ئەكس تۈرىنىڭ سۆز ئەكس شەكلىگە كىرىدۇ.

### 2) تەتۈر ئەكس

بۇ پىكىر مەزمۇنى ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان ئەكستۇر. مەسىلەن:

دەھر ئارا نى كۆپكە چۈن تاپقۇڭ بەقانى ئازغە،
ئەي نەۋايى، ئازۇ كۆپ سۆز دىمە كۆپۇ ئازدىن.

(زاماندىن كۆپ نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ، بىراق ئۆلمەس نەرسىنى ئاز تاپىسەن، ئەي نەۋايى كۆپ توغرىلىق ئاز سۆزلە، ئاز توغرىلىق كۆپ سۆزلە. ) (غەزەللەر 265 ـ بەت)

بۇنىڭدا «ئاز»، «كۆپ» دېگەن قارىمۇ قارشى مەنىدىكى سۆزلەر ئورۇن ـ تەرتىپ ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن«ئاز ـ كۆپ»، «كۆپ ـ ئاز» دېگەن قارىمۇ قارشى شەكىلدە كەلگەن، مىسالدا بۇ زاماندا كۆپ نەرسىلەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقى، ئەمما ئۆلمەس نەرسە ئاز ئىكەنلىكى، كۆپ نەرسە توغرىلىق ئاز سۆزلەش، ئاز توغرىلىق كۆپ سۆزلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن ئىبارەت قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئىپادىلەنگەن. بۇنداق ئەكس تەتۈر ئەكس ھېسابلىنىدۇ.

ياخشىلارغە بەس ياماندۇر ھالكىم، يار ئاللىدە،
تەڭدۇرۇر ياخشى ـ يامان، بەلكى يامانراق ياخشىراق.

(يار ئالدىدا ياخشى ـ يامان ئوخشاش، بەلكى يامانلار ياخشىراق، بۇ ياخشىلار ئۈچۈن نېمە دېگەن يامان ئەھۋال. ) (غەزەللەر 105 ـ بەت)

بۇنىڭدا كۈچلۈك ھېسسىيات ئالدىدا ياخشى بىلەن ياماننىڭ پەرقلەنمەيدىغانلىقى بەلكى يامانلارنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدىغانلىقى ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ياخشى بىلەن يامان پەرقلەنمىسە يامان ئاقىبەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئىپادىلەنگەن. «ياخشى»، «يامان» دېگەن سۆزلەر ئورۇن تەرتىپ ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسىچە ئايلاندۇرۇلۇپ تەكرارلانغان. بۇنداق ئەكس تەتۈر ئەكس ھېسابلىنىدۇ، ئەكسنىڭ سۆز ئەكسى تۈرىگە كىرىدۇ.

ئەكسنى ئۆزىنى شەكىللەندۈرگۈچى شەكىللەرگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. سۆز ئەكسى، بىرىكمە ئەكسى، جۈملە ئەكسى. نەۋايى غەزەللىرىدە سۆز ئەكسى، بىرىكمە ئەكسى ئۇچرايدۇ.

### 3) بىرىكمە ئەكس

بۇ مەلۇم بىر تىل شارائىتىدا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئايلاندۇرۇلۇپ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئەكسلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئارەزىڭدە مەي، مەي ئىچرە ئارەزىڭ زاھىر قىلۇر،
گاھى ئەختەردىن شەفەق، گاھى شەفەقتىن ئەختەرى.

(يۈزۈڭدە مەي ئەكس ئەتسە، مەيدە يۈزۈڭنىڭ شولىسى كۆرۈنىدۇ، بەزىدە يۇلتۇزدىن شەپەق، بەزىدە شەپەقتىن يۇلتۇز ئەكس ئەتكەندەك.) (غەزەللەر 162 ـ بەت)

بۇنىڭدا «ئەختەردىن شەفەق»، «شەفەقتىن ئەختەر» دېگەن بىرىكمىلەر ئەكس ھاسىل قىلغان.

ئەكسنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) ئەكس ئارقىلىق شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئىچكى ئورگانىك مۇناسىۋەتنى ئىخچام شەكىلدە مېغىزلىق ئىپادىلىگىلى، شەيئىلەر ئارىسىدىكى دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

(2) سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ رەت تەرتىپى رىتىملىق ۋە قانۇنىيەتلىك ئالمىشىپ، شەكىل جەھەتتىن ھالقىسمان ئايلانما ھاسىل قىلغىنى ئۈچۈن، بۇ ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق نۇتۇقنى رىتىمى ئېنىق، مەزمۇنلارنىڭ ماسلىشىشى گارمونىيەلىك، ئوقۇشقا يەڭگىل، ئاڭلاشقا يېقىملىق قىلغىلى بولىدۇ.

(3) ئەكستە ئىككى ئىشنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ، ھېلى بۇ ئۇنى بايان قىلسا، ھېلى بۇ ئۇنى چۈشەندۈرۈپ، بىر ـ بىرىنى ئاچىدىغانلىقى ۋە تولۇقلايدىغانلىقى ئۈچۈن، پىكىرنى قاتلاملارغا بۆلۈپ ئىپادىلىگىلى، مەقسەتنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر پىكىر ـ ھېسسىياتنى ياكى شەيئى ـ ھادىسىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى تەكىتلەپ، گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. نۇتۇقنىڭ مۇزىكىدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، نۇتۇق قۇرۇلمىسىنى رەتلىك، مەزمۇن ـ قائىدىلەرنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرىدۇ. ھەرقايسى مىسرالاردا ئىپادىلىنىدىغان مەزمۇننىڭ تەرتىپىنى

روشەن، رەتلىك، جۈملىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيەسىنى بىردەك قىلىپ نۇتۇقنى ئوقۇشقا قولايلىق، ئاڭلاشقا يېقىملىق قىلىدۇ. شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئىچكى ئورگانىك مۇناسىۋەتنى ئىخچام ئىپادىلەپ، شەيئىلەر ئارىسىدىكى دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سۆز - ئىبارىلەرنىڭ رەت تەرتىپى رىتىملىق ۋە قانۇنىيەتلىك ئالمىشىپ، نۇتۇق ئېنىق، مەزمۇن ماسلىشىشى گارمونىيەلىك، ئوقۇشلۇق بولىدۇ. پىكىرنى قاتلاملارغا بۆلۈپ، مەقسەتنى ئېنىق، چوڭقۇر ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

دېمەك، نەۋايى غەزەللىرىدە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈلىدۇ ھەم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغان، شۇڭا غەزەللەرنىڭ تىلى نەپىس، ئوقۇشلۇق، ئوبرازلىق. نەۋايىنىڭ مۇشۇنداق زور ھەجىمدىكى نەزمىي ئەسەرلىرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر توغرىسىدا بۇنچىلىك پىكىرلەر ئارقىلىق ئۇنى ئىستىلىستىكا جەھەتتىن تولۇق يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ نەۋايى غەزەللىرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ھەققىدە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، نەۋايى ئۆز غەزەللەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا، مەنتىقىلىق، پەلسەپەۋىلىك، ئىلمىيلىك تەرەپلىرىگە قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسا، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىمۇ شۇنچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەن. نەۋايى غەزەللىرىنىڭ تا بۈگۈنگىچە قولدىن چۈشۈرۈلمەي سۆيۈپ ئوقۇلۇشىغا، ئىزچىل تەتقىق قىلىنىشىغا ئەنە شۇنداق پەلسەپەۋىلىك پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ھەم بۇ پىكىرلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە شۇنچىلىك راۋان، ئوقۇشلۇق، رىتىملىق نۇتۇق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكى مۇھىم سەۋەب بولغان دېيەلەيمىز. شۇڭا نەۋايى غەزەللىرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىستىلىستىكا جەھەتتە يورۇتۇپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارايمەن.

## ئىزاھلار:


[1] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»[M]. شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1997: 238.

[2] ئەلىشىر نەۋايى: «غەزەللەر»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982: 1 .

[3] ئەلىشىر نەۋايى: «غەزەللەر»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982: 5 .

[4] خەمىت زاكىر: «نەۋايىنىڭ ئىجادىيەت ژانىرلىرى ۋە شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن كاتىپلار توغرىسىدا»[J]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژورنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2002(1) : 12

[5] سەمەت تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى»[M] . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 : 1.


## پايدىلانملار:


1. يولۋاس راشىدىن :«ئىستىلىستىكا ساۋادى»، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، ئىجازەت نومۇرى: (2002) 88 - نومۇر.
2. سەمەت تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى»[M] . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 .
3. ماقالىغا كىرگۈزۈلگەن مىساللار 1982 - يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىنىدى، يۇقىرىدا قىسقارتىلىپ «غەزەللەر» دەپ ئېلىنىدى. بۇ كىتاب نەۋايىنىڭ «خەزائىنولمەئانى» ناملىق تۆت دىۋانى(«چاھار دىۋان») دىكى غەزەللەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، 260 غەزەل كىرگۈزۈلگەن.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

www.uyghurkitap.com

第 38 卷第 4 期
2017 年 12 月

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

38 ـ يىللىق 4 ـ سان
2017 ـ يىلى 12 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 08 - 039 - 1005 - 5878 (2017)04

# چاقچاق بىلەن كۈلكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا*

## ئەكبەر قادىر

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، بېيجىڭ، 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** چاقچاق ــــ كىشىلەردىكى ساغلام، ئاكتىپ روھى كەيپىياتنىڭ ئىپادىسى. كۈلكە ــــ بۇ خىل كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، كىشىلەرگە ھەم مەنىۋى ساغلاملىق ھەم جىسمانىي ساغلاملىق ئېلىپ كېلىدۇ. چاقچاق بىلەن كۈلكە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىش مۇناسىۋىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كۈلكە ـ چاقچاقنىڭ جېنى. كۈلكە قوزغىيالمىغان چاقچاق چاقچاق ھېسابلانمايدۇ. ئەمما بۇ يەردە چاقچاق قوزغىغان كۈلكىنىڭ باشقا كومېدىيەلىك شەكىللەر قوزغىغان كۈلكىگە سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە ئېستېتىك قىممىتى بار. بۇ كۈلكە شادلىنىش ۋە قانائەتتىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە روھى كۆتۈرەڭگۈلۈك ئاتا قىلىدۇ. بۇ كۈلكە ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى يېقىنلاشتۇرىدىغان، قويۇقلاشتۇرىدىغان كۈلكىدۇر. ئۇ يالغۇز بىردەملىك خۇشاللىنىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ قالماستىن مۇھىمى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ روھى ئازادىلىككە چۆمدۈرۈپ، ساغلام تۇرمۇشقا يېتەكلەيدۇ. تۇرمۇش گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتنى قەدىرلەش، ھاياتنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ. مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ياشاشقا ئۈندەيدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** چاقچاق ؛ كۈلكە ؛ مۇناسىۋەت

## 关于笑话与笑的关系

艾克拜尔 · 卡德尔

**摘要:** 笑话是人在精神上健康与积极向上的表现;笑它能给人带来精神和身心上的健康。笑话与笑的关系有着相互并存的关系。笑是笑话的生命，没有笑就没有笑话。笑话所引起的笑是不同于其他戏剧形式引起的笑，它有深刻的审美价值。笑话引起的笑让人感到满足而精神起来。笑在加强和睦、促进团结以及社会关系上有着不可缺少的作用。此外，笑它指导人们健康生活，热爱生活，增添生活意义。

**关键词:** 笑话; 笑; 关系

**Abstract:** A joke is a manifestation of a person's mental health and positive attitude. Laughter brings mental and physical health to people. The relationship between joke and laughter has a mutual coexistence. Laughter is the soul of a joke. Without a laugh, there is no joke. Laughter caused by jokes is different from laughter caused by other forms of comedy. It has profound aesthetic value. The laugh caused by jokes makes people feel satisfied and vigorous. Laughter plays an indispensable role in strengthening and promoting unity and close social relations. In addition, laughter promotes a healthy life, reflects the beauty of life, enhances the enthusiasm of loving life, and advocates a meaningful life.

**Keywords:** joke; laugh; relationship

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.7　　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1

چاقچاق ــــ كۈلكە قوزغاش ۋە نەق مەيدانچانلىقى　　كۈچلۈك بولغان، ھازىر جاۋابلىق ئالاھىدە تىرىك

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە دۆلەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندى تۈرى: «ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى ـ چاقچاق تەتقىقاتى» (تەستىق نومۇرى: 13BZW159) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** ئەكبەر قادىر (1965 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ئۇيغۇر بۈگۈنكى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى، تەتقىقاتى ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ژانىردۇر. ئۇ نەق مەيداندا ئىجاد قىلىنىپ كىشىلەر ئارا بىر - بىرىگە «دېيىش، سۆزلەش» شەكلى بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ يەردە چاقچاقنى «تىرىك ژانىر» دېگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئالدىن تەييارلانغان تېكىستىنىڭ بولمايدىغانلىقى، ئالدىن يادلاپ ئېلىشقا بولمايدىغانلىقى، نەق مەيداندا پەيدا بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا تاراش جەريانىدىمۇ ھەر قېتىم قايتا ئىجاد قىلىنىشتەك جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلغان.

چاقچاق ــــ كىشىلەرگە خۇشاللىق ۋە بەخت بېغىشلاش بىلەن بىرگە كىشىلەرنى كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا، گۈزەل ئارمان ۋە غايىگە قاراپ يېتەكلەيدۇ. چاقچاقنىڭ سېھرى كۈچى ئۇنىڭ كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرىدىغانلىقىدا، شۇنىڭدەك ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغانلىقىدا نامايان بولىدۇ. تۇرمۇشىمىزدا چاقچاق بولغاندىلا كۆڭۈلسىزلىك ۋە قايغۇلۇق ئىشلارنىڭ ئورنىغا قىزىقارلىق ھەم خۇشال- خۇراملىق كەيپىياتنى دەسسىتەلەيمىز. ئۆز ھاياتىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشنى ئويلىمايدىغان ئادەم يوق. چاقچاق ــــ ھاياتنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشتىكى قىممەتلىك بايلىق. چاقچاق ھەر قانداق ئادەمگە سوۋغا قىلىسىڭىز خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان قىممەتلىك سوۋغات. ئۇ كەيپىياتنى جانلاندۇرۇپ كىشىلەردە قەيسەر روھ، ئۈمىد، ئىشەنچ، ئىرادە قاتارلىق ئاكتىپ روھى ھالەتنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

چاقچاق ئادەتتىكى چېقىشىش ئەمەس، ئۇ بەلگىلىك قىممەت ۋە ئەھمىيىتى بولغان خەلق ئىجادىيىتىدۇر. ئۇنىڭدا سۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ ۋە مەيداننى جانلاندۇرۇپ خۇشال كەيپىيات، دوستلۇق ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى يامان ئىللەت، ناچار كەيپىياتلارنى ھەزىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەنقىدلەيدىغان ئېلېمېنتلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، چاقچاق بىر ئادەم ئۈچۈن بولسۇن ۋە ياكى بىر مىللەت ئۈچۈن بولسۇن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق ھېسابلىنىدۇ. چاقچاق تۈرلۈك ئىللەتلەرنى ھەركۈنى، ھەر ۋاقىت تۈزىتىپ تۇرىدىغان رولغا ئىگە بولغاچقا ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتا تۇتىدىغان ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى.

چاقچاق مەخسۇس توي، مەشرەپ، سەيلە ۋە باشقا يىغىلىشلاردا قىلىنىپلا قالماي، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئادەتتىكى كۆرۈشۈش، سۆھبەت ۋە پاراڭلاردىمۇ قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئوخشىمىغان مىللەتكە تەۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بولىدۇ. بۇنداق چاقچاقلارنىڭ رولى شۇكى، ئۇ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۆز ئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، دوستلۇقنى مۇستەھكەملەيدۇ. بۇنداق چاقچاقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئۆز ئارا كۆڭۈل يېقىنلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئەركىن، ئىختىيارى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئورۇن ۋە ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئىككى تەرەپ تەڭ ھازىر بولسىلا يۈرگۈزىلىۋېرىدۇ. ئەمدى توي، مەشرەپ ياكى ئولتۇرۇشلاردا قىلىنىدىغان چاقچاقلار ئورۇن ۋە ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق يەرلەردە چاقچاق بەزىدە بىر چاقچاقچى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدۇ. بەزىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا جىددىي بەسلىشىش خاراكتېرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزىدە پۈتۈن سورۇن ئەھلى بويىچە يۈرگۈزىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى چاقچاقنىڭ كۆلىمى كەڭ، داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ. قاتناشچىلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئادەملەر ھەر دائىم قايغۇ - ھەسرەتتىن خالى بولۇپ ياشىشى، خاپا بولمايدىغان، كۆرگەنلا ئىشتىن رەنجىپ ئۆزىنى روھى ئازابقا سالمايدىغان، سەپرا مىجەز بولۇۋېلىپ نېرۋىسىنى چارچاتمايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۆزىنى خۇشال تۇتسا، كۆڭلىنى ئوچۇق، روھىنى ئۈستۈن تۇتسا، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتتە خۇشچاقچاق بولسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بۈگۈنكى تېببىي ئىلىم ئىسپاتلىماقتا. دېمەك، كىشىلەر خىزمەت، ئۆگىنىش ھەم كۈندىلىك ئەمگەك، خىزمەتلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشى، ناخشا - سازلارنى ئاڭلىشى، دوست - بۇرادەرلىرى ئارا خۇشچاقچاقلار بىلەن ئۆتۈشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇنداق كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئادەمنى روھىي جەھەتتىن يەڭگىل، تېتىك، خۇشخۇي قىلغانىنىڭ سىرتىدا، بەزىدە كۆڭلىمىزنى

خىرەلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان خاپىلىق، ئاچچىقلىنىشلىرىمىزنى يوقىتىپ، بىزنى يەڭگىل كەيپىياتقا ئىگە قىلىدۇ.

ھازىرقى جەمئىيىتىمىز ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ كىشىلەر ئارا دوستلۇق، بۇرادەرلىك، بىر - بىرىگە بولغان ھەقىقىي مۇھەببەت، مېھرىبانلىق، خۇش - پېئىللىق بىلەن تولغان مۇناسىۋەت بارغانچە كۆپىيىۋاتقان، قويۇقلىشىۋاتقان، گەۋدىلىنىۋاتقان؛ ھايات سەھنىمىزدە كۈلكە، خۇشاللىق، ئىتتىكلىك، بۇرادەرلەرچە مېھرىبانلىق كۈنسايىن راۋاجلىنىۋاتقان بىر دەۋر. ئەلۋەتتە، بۇنداق دەۋردە، بۇنداق تۇرمۇشتا چاقچاقلار تېخىمۇ ئەۋج ئالىدۇ، تېخىمۇ گۈللىنىدۇ. چاقچاقنىڭ ئەۋج ئېلىشى جاراڭلىق، خۇشخۇي مۇناسىۋەتلىرىمىزنىڭ، كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەۋاتقان كۆتۈرەڭگۈ روھىمىزنىڭ جانلىق، ئەمەلى كۆرۈنۈشى ياكى ئىپادىسى بولۇپ، ئىلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن، كېلىۋاتقان يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى جانلىق نامايان قىلىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، چاقچاقنى سەردارىم قىلىۋېرىشمۇ بولمايدۇ. كونكرېت ئەھۋال ئاستىدا، چاقچاق ئۇ كىشىلەردە كۆرۈلگەن قىزىق قىياپەت، قىزىق ھالەت ئارقىسىدا تۇغۇلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ جانلىق مۇناسىۋەتلەر پائالىيىتىدە مەلۇم ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارغىمۇ باغلانغان بولىدۇ. «چاقچاقنىڭ ئەڭ ئوبدان نورمىسى چاقچاق قىلغۇچى تەرەپلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدە قىزىقىشنىڭ بىردەك بارلىققا كېلىشى ۋە باشقىلارنىڭ تىز ھاياجان بىلەن ئۇنىڭغا جەلپ قىلىنىشىدا»[1].

تۇرمۇشىمىزدا مىجەزى چۈس، ناھايىتى ھاياجان كۈلكىلەر ئىچىدىمۇ باشقىلار بىلەن تەڭ كۈلمەي، بەخىرامان ئولتۇرىدىغان، سۇرۇن چىراي يۈرىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس. بۇنداق كىشىلەردە چاقچاق قىلىش بولمايلا قالماستىن بەلكى، چاقچاقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسلىك، چاقچاقنى چۈشەنمەسلىك ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ئۇنداقلار چاقچاقنى «ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقنىڭ، تەنتەكلىكنىڭ ئىپادىسى»، دەپ قارايدۇ. بۇنداقلاردا چاقچاقتىن ھۇزۇرلىنىپ كەيپىياتنى كۆتۈرۈشمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كىشىلەردە چاقچاق تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزىنى ھەمىشە چاقچاق پائالىيىتى بىلەن يېقىن تۇتۇش - يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم پىسخىكىلىق ساپادۇر.

سىزدە چاقچاق قىلالايدىغان، ھېچ بولمىغاندا چاقچاققا چاقچاق ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرالايدىغان پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. بۇ بەزىدە سىزنىڭ ئوڭۇشسىز رېئاللىقنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى ئاسان يېڭىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. تارىخ بەتلىرىگە قارىساق چاقچاق ئارقىلىق ئوڭۇشسىزلىق ئۈستىدىن غالىب كەلگەن مىساللار كۆپ. جۇملىدىن كاتتا سىياسىيونلار ئىچىدىمۇ چاقچاقنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنلەر كۆپ. ئۇلار نۇرغۇن چوڭ مەسىلىلەرنىمۇ چاقچاق بىلەن ھەل قىلغان ياكى يەڭگەن. نۇرغۇن خەلقئارالىق مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بەزىدە چاقچاق بىلەن ئاددىيلاشتۇرغان. مەسىلەن، ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرى چېرچىل ئامېرىكىدىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىپ زۇڭتۇڭ روزۋېلتنى قايىل قىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالايىتەن ئاقسارايغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۆز ئارا چاقچاق قىلىشىپ بىرھازا كۈلۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ چاقچاقتىن ھاسىل بولغان كۈلكە ساداسى ئىچىدە ھەل بولۇپ كەتكەن. يەنە مەسىلەن، گېرمانىيەنىڭ ئىلگىرىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى شولتىز ئەپەندى ياش ۋاقىتلىرىدا تامچى بولغان ئىكەن. ئۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەلۇم بىر دۆلەتكە زىيارەتكە چىقىپتۇ. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تولۇق كۆرگەن بىر مۇخبىر چاقچاق قىلىپ : « شولتىز ئەپەندى، تامچىلىق بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق بارمۇ؟»، دەپ سورىغاندا ئۇ، «ئەلۋەتتە بار، بۇ ئىككى خىل خىزمەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئېگىز جايدا تۇرۇپ پەسكە قارىغىنىدا بېشى قايماسلىقى كېرەك» دەپ چاقچاققا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان ھەمدە قىيىن سوئالنى ئاسانلاشتۇرغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىنلا چاقچاققا ھېرىسمەن خەلق. مەيلى كىچىك بالىلاردىن تارتىپ چوڭ بوۋاي ـ مومايلارغىچە، مەيلى ئاياللاردىن تارتىپ ئەرلەرگىچە چاقچاققا باشقىچە قىزغىن كېلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كىچىك بالىلار ئەڭ ئاۋۋال چاقچاق قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا «كۈلكە ـ چاقچاق ئۇيغۇرلاردا ئانىنىڭ سۈتى بىلەن كىرگەن»، دېگەن سۆز بار.

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان. دەۋرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ ئوخشىمىغان مەزمۇن ئېلىپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىلگىرىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن چاقچاقلار قويۇق سىنىپىي مەزمۇن بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ پېئوداللىق دەۋردىكى تەبىقە تۈزۈمىنىڭ، ئادالەتسىزلىك، باراۋەرسىزلىك قاراشلىرىنىڭ زىيانلىرىغا بولغان نارازىلىقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. سەلەي چاققان، موللا زەيدىن دەۋرلىرىدىكى چاقچاقلار دەل مۇشۇنداق چاقچاقلاردىن ئىدى. ئادالەت، باراۋەرلىك ئورنىتىلغان، دوستلۇق ـ مېھرىبانلىق مۇناسىۋەتلىرى بىلەن تولغان بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە، چاقچاقلار مەزمۇن جەھەتتىن دوستلۇقنى مەدھىيەلەپ، ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىقنى كۈيلەپ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلماقتا. ئىجابىي، كۆڭۈللۈك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىدە مەيدانغا كېلىۋاتقان خۇشاللىق، شادلىنىش ھېسسىياتلىرىنى دەل ئىپادىلەپ بەرمەكتە.

چاقچاقلىشىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دوست ـ بۇرادەرچىلىكنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا چاقچاقلىشىپ تۇرۇش دوست ـ بۇرادەرلىكنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن دوست ـ بۇرادەرلىك مۇناسىۋەت سۇسلىشىپ كېتىدۇ، دەيدىغان قاراش بار. شۇڭا چاقچاقلىشىش كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

چاقچاق ئۇيغۇرلاردا ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىن تاشقىرى داڭلىق ئەربابلار، ئەدىبلەر ۋە زىيالىيلار ئارىدىسىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق شائىرلىرىدىن كۆپى ھەم چاقچاق بىلەنمۇ داڭ چىقارغان. بۇ شائىرلارنىڭ نامى ئۆلمەس شېئىرلىرى بىلەن خاتىرىلىنىپ كېلىش بىلەن بىرگە، ئۇلار قالدۇرغان قىزىقارلىق چاقچاقلىرى بىلەنمۇ يادلىنىپ كېلىنمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ مەشرەپلىرى، ھېيت ـ بايراملىرى، مېھماندارچىلىقلىرى ئەزەلدىن چاقچاقسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. ئەكسىچە، بۇنداق مەيدانلاردا چاقچاق تېخىمۇ ئەۋج ئالىدۇ. چاقچاقنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىنى مۇشۇنداق يەرلەردە ئۇچرىتىمىز. شۇڭلاشقىمۇ چاقچاق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىرقىسمى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ، چاقچاقخۇمار خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بىرقىسمى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭ «ناخشا ـ ئۇسۇل ماكانى »دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى كۈلكە ـ چاقچاق، يۇمۇرنىڭمۇ ماكانىدۇر. تارىختىن بېرى بۇ زېمىندا نۇرغۇنلىغان كۈلكە ـ چاقچاق چولپانلىرى ئۆتكەن. موللا زەيدىن، سەلەي چاققان، شېرىن دورغا، ھېسام قۇربان... قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ھەممىگە مەشھۇر بولۇپ كەڭرى تاراپ كەلمەكتە. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، چاقچاق ئۇيغۇرلاردا ئەڭ كەڭ ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە سەنئەت تۈرىدۇر.

## 2

كۈلكە ئىنسانلارغا خاس روھىي ھالەت، شۇنداقلا ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا بىر خىل پسىخولوگىيەلىك پائالىيەتتۇر. ئىنسانلار كۈلكىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەكسىچە ساپ ۋە سەمىمىي كۈلكە بىلەن بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ مۇھەببەت بېغىشلايدۇ.

كۈلكىنىڭ كىشىلەرگە ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق ئاتا قىلىدىغان رولى بار. ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە كەم بولسا بولمايدۇ. كۈلكىنىڭ بۇ خىل مۇھىملىقى ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بېرى تەكىتلىنىپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا :

كۈلسە كىشى ئاتما ئاڭار ئۆرتەر كۆلى،
باققىل ئاڭار ئەزگۈلۈكۈن ئاغزىن كۈلە.

www.uyghurkitap.com



(مەنىسى: كىشى كۈلسە ئۇنىڭغا ئۆرتەيدىغان كۈل چاچما، ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن كۈلۈپ قارا) [2] دەپ يېزىپ، كۈلكىنى مەدھىيىلىگەن، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۈلكە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كۈلكە بىلەن ياشاشقا چاقىرغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىگ» دە تىلغا ئەڭ ئاۋۋال كۈلكىنى ماختاش توغرىسىدا خىتاب قىلىپ مۇنداق يازغان:

272. كىشى كۆركى سۆزدۇر، كۆپتۇر سۆز تۈرى،
تىلىم، ماختا خۇش سۆز كىشىنى، يۈرى! [3].

مۇئەللىپ يەنە كىشىلەر ئارا ئۇچۇق - يورۇق، دوستانە بولۇش، باشقىلارغا كۈلۈپ بېقىشنىڭ لازىملىقىنى، خۇش سۆز، خۇش - چاقچاق بىلەن مېھمان كۈتۈشنىڭ لازىملىقىنى نەسىھەت قىلىپ مۇنداق يازغان:

4222. يۈزۈڭنى ئوچۇق تۇت، كىشىگە كۈلە.
نېنىڭنى يېدۈرگىن، چۈچۈك سۆز بىلە[4].

كۈلكە خۇش سۆز، ياخشى تىلەكتىن كېلىدۇ. سىز باشقىلارغا خۇشخۇيلۇق بىلەن سۆز قالدۇرسىڭىز ئۇ ھالدا باشقىلارمۇ سىزنىڭ بۇ روھىڭىزدىن تەسىرلىنىپ ئىللىق ۋە مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. سىز ئاچچىق سۆز، تەنە سۆز، يېقىمسىز سۆز قالدۇرسىڭىزچۇ، ئۇ ھالدا باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىسىز. سىز تۇرمۇشتا خۇش سۆزلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز تۇرمۇش سىزگە نۇرغۇن كۈلكە ئاتا قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «چاۋاك بىر قولدىن چىقمايدۇ» دېيدىغان ماقال بار. شۇنىڭغا ئوخشاش بىز ھەممە تەرەپتىن خۇش سۆزلۈك بولالىساق بۇنىڭدىن پەيدا بولغان كۈلكە تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيىتىمىز تېخىمۇ ئىللىقلىققا تولىدۇ.

بىزگە تۇرمۇشتا كۈلكە قوزغايدىغان قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بەزىدە بۇلاردىن بىۋاسىتە كۆرۈپ كۈلسەك، يەنە بەزىدە باشقىلاردىن ئاڭلاش ئارقىلىق كۈلىمىز. كۈلكە غەمنى داۋالايدىغان دورا. ئۇيغۇرلاردىكى «كۈلكە - جان ئوزۇقى» دېگەن ماقال دەل كۈلكىنىڭ رېئال تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان شىپالىق رولى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كۈلكە ياخشى ھەرىكەت، ياخشى خۇلقتىن كېلىدۇ. ياخشى ھەرىكەت ھەمىشە كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ تۇرمۇشقا مەنا ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ. كۈلكە توغرىسىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ مەزمۇنلار بار. خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە بۇنداق مەزمۇنلار تېخىمۇ كۆپ. بىز بۇ يەردە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بىرسىدىكى مۇنداق ۋەقەلىككە نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى:

بىر پادىشاھ ئەلنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ ئايلىنىپ بىر جاڭگالغا بېرىپ قاپتۇ. قارىسا بىر موماي جاڭگالدا بىر تۈپ كۆچەت تىكىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان پادىشاھ مومايغا:« نېمىگە ئاۋارە بولىسىز، بۇ جاڭگالدا كۆچىتىڭىز مېۋە بەرمەيدۇ» دەپتۇ. موماي «مېۋە بەرمىسە مەيلى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە كىشىلەر مۇشۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆتسە مەن شۇنىڭدىن خوش» دەپتۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن پادىشاھنىڭ ھارغىن چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولۇپتۇ - دە، مومايغا يۈز تىللا بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن موماي « باشقىلار كۆچىتىنىڭ مېۋىسىنى كېيىن كۆرسە، مەن كۆچىتىم مېۋىگە كىرمەي تۇرۇپلا مېۋىسىنى كۆردۈم »، دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. دېمەك، ياخشى ھەرىكەت، ياخشى گەپ ئادەملەرگە مانا شۇنداق كۈلكە ئاتا قىلىدۇ.

كۈلكىنىڭ پايدىسى توغرىسىدا چەت ئەللەردە مىساللار تېخىمۇ كۆپ. فىرانسىيەدە كۈلۈشنىڭ پايدىسى ئېلىپ كەلگەن نەتىجە توغرىسىدا مۇنداق بىر تىپىك ھېكايە تارقىلىپ يۈرىدىكەن: بىر قېتىم شاھزادىنىڭ گېلىغا بېلىق قىلتىرىغى تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى چىقىرىۋېتىشكە دوختۇرلار ھېچقانداق ئامال قىلالماپتۇ، دەل شۇ چاغدا بىر دېھقان پەيدا بولۇپتۇ ھەم چىرايىنى غەلىتە قىلىپ، كومېدىيەلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن توختىماي چاقچاق قىلىپتۇ. نەتىجىدە شاھزادە خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بېلىق قىلتىرىقىمۇ گېلىدىن چىقىپ كېتىپتۇ[5].

كۈلكە بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى ئەللەردە پسىخولوگلار، تېببىي خادىملار ۋە مۇۋەپپەقىيەتشۇناس ئالىملار ھەۋەس بىلەن تەكتىلەيدىغان قىزىق تېمىغا ئايلاندى. نۆۋەتتە ئىنسانلاردا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ۋە

ھاياتلىق توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ كۈچىيىشى، ئىنسانلاردىكى ساغلاملىققا بولغان دىققەتنىڭ ئېشىشى، قىممەت قارىشى ۋە ئېستېتىك قارىشىنىڭ يېڭىلىنىشى قاتارلىق ئامىللار كۈلكىگە بولغان دىققەتنى ئاشۇرماقتا. كۈلكە ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

كۈلكە پسىخىكىلىق نوقتىدىن ئالغاندا، ئادەمنى بىر خىل ئىزتىراپلىق، دېلىغۇللۇقلاردىن، زىددىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كىشىلەرگە زور خۇشاللىق ئاتا قىلىپ كىشىلەرنى ئارامبەخش ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇڭا كۈلۈشنى ھەممە ئادەم ياقتۇرىدۇ. كۈلكىنىڭ كىشىلەرنىڭ پسىخىكىلىق سالامەتلىكىگىمۇ ھەم بەدەن سالامەتلىكىگىمۇ پايدىسى كۆپ.

ئامېرىكا ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ روھىيەت ئىلمىي مۇتەخەسسىسى، دوكتور ۋىلىيام فولرىن مۇنداق دېدۇ: «ئەگەر تۇمۇشتا كۈلكە بولمىسا كىشىلەر ئاغرىپ قالىدۇ ھەم كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. يۇمۇر ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىدىكى ئاكتىپ پائالىيەتلەرنى قوزغىتىش ئارقىلىق، ئۈنۈملۈك ھالدا ئاغرىقنى يوقىتىدۇ ». بۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتتە، كۈلكە جىددىيلىشىشنى يوقىتالايدۇ، ئادەمنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا قارىتا نورمال تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، ئىچكى ئاجراتمىلار ۋە پۈتۈن بەدەندىكى ھەر خىل فۇنكسىيەلەرنىڭ ياخشىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، كۈلكىنىڭ ھازىرقى زامانىۋىلاشقان تۇرمۇشتىكى جىددىيلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەللىكلەرنى مەسىلەن : يۇقىرى قان بېسىم، يۈرەك كېسىلى، قالقان بەز خىزمىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى قاتارلىق مۇرەككەپ ۋە داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللىكلەرگە قارىتا ئۈنۈملۈك داۋالاش رولى بار ئىكەن. بەزىدە تېخى «دورىنى يېگەن ھامان كېسىلى ئوڭشالغاندەك» مۆجىزە يارىتىش رولىنى ئويناپ «خىسلەتلىك دورا» بولۇپ قىلىۋاتقان ئەھۋالمۇ بار ئىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئامېرىكىلىقلار بىر خىل «كۈلكىشۇناسلىق ئىلمىي»نى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن كۈلكىنىڭ ئىنسانلار بەدىنىگە بولغان تەسىرى ھەم رولىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان.

ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمىنىڭ كۈلكىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان تەسىرىنى ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلىپ چىقارغان يەكۈنىدىن قارىغاندا، كۈلكىنىڭ ساغلاملىق ئۈچۈن يەنە مۇنداق پايدىسى بار ئىكەن. ئادەم ھەربىر كۈلگەندە يالغۇز بولجۇڭ گۆش ھەرىكەتلىنىپلا قالماي، يۈرەك بولجوڭ گۆشىمۇ ھەرىكەتلىنىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ساپ كىسلارۇت قانغا ئۆتۈشۈپ قاننىڭ بەدەندىكى ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرىدىكەن. پۈتۈن بەدەندىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ ئىنساننىڭ نەپەس ئېلىش ئىقتىدارىمۇ ماس ھالدا كۈچىيىپ بارىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كۈلكە ئاشقازاندا تېخىمۇ كۆپلىگەن ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى پەيدا قىلىپ، يېيىلگەن غىزانىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن. بەدەننىڭ تېخىمۇ كۆپلىگەن قۇۋۋەت ماددىلىرىنى قوبۇل قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدىكەن[6]. شۇنداق بولغاچقا، ھازىر دۇنيا تېببىي ساھەسىدە مەخسۇس كۈلكە بىلەن داۋالاش ئامبۇلاتورىيەسى ئېچىلىپ، بىمارلارنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇۋېتىپتۇ ھەم ئاغرىقلارنى كۈلدۈرۈپ بالدۇرراق ساقىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈۋېتىپتۇ.

## 3

چاقچاق بىلەن كۈلكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ. كۈلكىسىز چاقچاق بولمايدۇ. چاقچاقنىڭ مەقسىتى كۈلكە پەيدا قىلىشتۇر. كىشىلەر چاقچاقتىن پەيدا بولغان تەبىئىي كۈلكە بىلەن تېخىمۇ لەززەت تاپىدۇ. چاقچاقتا كۈلكە ھازىر جاۋابلىقنى شەرت قىلىپ مەيدانغا كېلىدۇ. كۈلكە چاقچاقتا ھازىر جاۋابلىق بىلەن قوشكېزەك بولۇپ كېلىدۇ. چاقچاقتا ئېستېتىك ئۈنۈم تارتىشتا بۇلار ئەزەلدىن بىر - بىرىدىن ئايرىلغان ئەمەس. چاقچاقتىكى ھازىر جاۋابلىق دەل كۈلكە قوزغاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. كىشىلەر دائىم چاقچاقتا دەل ۋاقتىدا، دەل جايىدا قىلىنغان ھازىر جاۋابتىن يۈكسەك دەرىجىدە قانائەت تېپىپ شادلىققا

www.uyghurkitap.com



چۈمىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن جاراڭلىق، شادلىق كۈلكىسى پەيدا بولىدۇ. ھازىر جاۋابلىق دەل جايىدا بولمىسا كۈلكە پەيدا بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا «چاقچاقنىڭ سوۋۇپ قېلىشى» يۈز بېرىدۇ - دە، چاقچاق پەيدا قىلىدىغان ئېستېتىك ئۈنۈمگە تەسىر يېتىدۇ.

مەيلى قانداق شەكىل، قانداق ۋاستە بىلەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چاقچاقنىڭ كۈچلۈك كۈلكە قوزغاش ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تەبىئىي ۋە مەڭگۈلۈك بولغان بىردىن - بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. چاقچاقنىڭ جېنى كۈلكىدە دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا كۈلكە قوزغىيالمايدىغان چاقچاق چاقچاق بولالمايدۇ. بۇ چاقچاققا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپتۇر. شۇڭا چاقچاق بىلەن كۈلكىنىڭ مۇناسىۋىتى بىرخىل ئالاھىدە مۇناسىۋەتتۇر. چاقچاق بىلەن كۈلكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىگە ياكى ھاياتلىق بىلەن ھاۋانىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. چاقچاق كۈلكە پەيدا قىلىش بىلەن ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ ھەم ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلايدۇ. كۈلكە چاقچاقتىن كېلىپ چىقىدۇ. كۈلكە پەيدا قىلمىسا چاقچاق بولمايدۇ. ئەمدى چاقچاق پەيدا بولۇش ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن كۈلكە بولۇشى كېرەك. كۈلكە بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن جانلىق كەيپىيات چاقچاقنى پەيدا قىلىدۇ. دېمەك، چاقچاق كۈلكە پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن چاقچاق ھېسابلانسا، كۈلكە چاقچاقنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى شارائىت - مەيدان بىلەن تەمىن ئەتكۈچى، ئىلگىرى سۈرگۈچى بىردىن - بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

چاقچاقتىكى كۈلكە زورلىنىپ كۈلۈش ئەمەس ياكى مەسخىرە، زاڭلىق كۈلكىسىمۇ ئەمەس. ئۇ ئىلمىي مەنادىن، يۇقىرى بەدىئىي گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىشتىن پەيدا بولىدىغان شادلىق كۈلكىسىدۇر. چاقچاقتىن ھاسىل بولغان كۈلكە باشقا كومېدىيەلىك ۋاستىلار ئارقىلىق ھاسىل بولغان كۈلكىگە سېلىشتۇرغاندا كىشىگە تېخىمۇ شادلىنىش ۋە ھۇزۇرلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق، گۈزەللىككە بولغان ھېسسىيات جەھەتتىكى تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەپ ھەممەيلەننى تەڭ خۇشال قىلىدۇ. ئۇ يالغۇز بىردەملىك خۇشاللىنىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ قالماستىن مۇھىمى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ روھى ئازادىلىككە چۆمدۈرۈپ، ساغلام تۇرمۇشقا يېتەكلەيدۇ. تۇرمۇش گۈزەللىكىنى نامايەندە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتنى قەدىرلەش، ھاياتنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ. مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ياشاشقا ئۈندەيدۇ.

چاقچاقتىكى كۈلكە چاقچاقتىكى ھەر تەرەپلىمە ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، چاقچاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئىنتايىن قىسقا، ئىنتايىن تاۋلانغان بىر شەكىل. چاقچاق يۇمۇرلۇق تىل، كەسكىن بايقاش ۋە ئەپچىل ماھارەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قەلب دۇنياسىنى، يىراقنى كۆرەرلىكىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى، شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال تۇرمۇشقا تۇتقان شادلىق مېلودىيەسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە، چاقچاقلاردا مەزمۇن جەھەتتىن خەلق ئاممىسىنىڭ توغرىلىققا، راستچىللىققا، ھەقىقەتكە بولغان توغرا تونۇشى بار؛ تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ سۆز - ھەرىكەتلەرگە بولغان قامچىلىشى، مازاق قىلىشمۇ بار؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئادەمگە ئەقىل كۆرسىتىپ، زېھنىنى روشەنلەشتۈرىدىغان، كەيپىياتنى جانلاندۇرۇپ، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلاندۇرىدىغان خۇسۇسىيەتمۇ بار. دېمەك، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مانا بۇ تەرەپلەر چاقچاقتا كۈلكىنىڭ ھەقىقىي پەيدا بولۇش مەنبەلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئامىللار بىلەن باغلانمىغاندا چاقچاقتىكى كۈلكە مەنىسىز كۈلكە بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق كۈلكىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، تۇرمۇشىمىزدىكى كۈلكىلەرنىڭ ھەممىسى چاقچاق بىلەن بارلىققا كېلىدۇ، دېسەكمۇ بولمايدۇ. چاقچاق قىلىشتىن باشقا شەكىلدىكى قىزىق سۆز - ھەرىكەتلەردىنمۇ كىشىلەر كۈلۈشى مۇمكىن. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تۈرلۈك قىزىقارلىق ئىشلار، قىزىق ھەرىكەتلەر، كومېدىيەلىك خاراكتېرلار، غەلىتە كۆرۈنۈش ۋە غەلىتە سۆز - ھەرىكەتلەر دائىم ھازىر بولۇپ تۇرىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق قىزىق ئىشلاردىن، كومېدىيەلىك خاراكتېر

ياكى كومېدىيەلىك كۆرۈنۈشلەردىنمۇ قانغىچە كۈلۈشىمىز مۇمكىن.

ئەمما، چاقچاق قوزغايدىغان كۈلكە ئادەتتىكى كۈلكىلەردىن تېخىمۇ ئالاھىدە. ئۇ يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك ئۆزگىچە مەنا ۋە ئىستېتىكىلىققا ئىگە بولغان كۈلكىدۇر. يەنى چاقچاقتىكى كۈلكە ئىلمىي داۋلىلاردىن، تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىدىن، توغرىلىق ۋە چىنلىقلاردىن، لەززەتلىنىشتىن، خۇشال بولۇشتىن، مەمنۇن بولۇشتىن ھاسىل بولىدىغان كۈلكە بولغاچقا، ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتا ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلايدىغان رولى بار. چاقچاق بىلەن كۈلكىنىڭ مۇناسىۋىتى كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىشتە گەۋدىلىنىپلا قالماي، يەنە چاقچاقنىڭ ئىناقلىقنى، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. كىشىلەر چاقچاقتىن پەيدا بولغان كۈلكە بىلەن شادلىققا چۆمۈپ ئۆز ئارا تېخىمۇ ئىناقلىق، تېخىمۇ يېقىنلىق تاپىدۇ. بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ، بىر - بىرىگە چۈشىنىش ھاسىل قىلىدۇ، بىر - بىرى بىلەن دوستلىشىدۇ.

شۇڭا دېيىمىزكى، چاقچاق بىلەن كۈلكە مەڭگۈ بىللە تۇرىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەڭگۈ ئايرىلماسلىق مۇناسىۋىتىدۇر. رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەر دائىم باشقا كومېدىيەلىك تۈرلەرگە قارىغاندا يەنىلا چاقچاقتىن ھاسىل بولىدىغان كۈلكىدىن بەكرەك شادلىق، خۇشاللىق ۋە لەززەت تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاقچاقتىكى كۈلكە كىشىلەرنى ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىققا چۆمدۈرىدۇ. مانا بۇ چاقچاق بىلەن كۈلكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېلىپ كېلىدىغان ئالاھىدە نەتىجە.

## ئىزاھلار:


[1] توختى ئىبراھىم: «چاقچاق توغرىسىدا»[J]. ياش كوممۇنىست، 1957(12).

[2] «دىۋان»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984( 2 ـ توم): 34.

[3] «قۇتادغۇ بىلىگ»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى 1984: 95.

[4] «قۇتادغۇ بىلىگ»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى 1984: 869.

[5] 段宝林. 《笑话 - 人间的喜剧艺术》 [M]. 北京大学出版社，1991 .

[6] «شىنجاڭ ياشلىرى»[J]، 1988( 11): 36.


## پايدىلانمىلار:


1. توختى ئىبراھىم: «چاقچاق توغرىسىدا»[J]. ياش كوممۇنىست، 1957(12).
2. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر چاقچاقلىرى»[J]. مىللەتلەر ئىتتىپاقى، 1993 (4).
3. 段宝林. 《笑话 - 人间的喜剧艺术》 [M]. 北京大学出版社，1991.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 047 ـ 04(2017) 5878 ـ 1005

# قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر*

مۇنەۋۋەر ئابدۇل

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا، ئۈرۈمچى. 830011)

قىسقىچە مەزمۇنى: مەملىكەت مىقياسىدا قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن پۇرسەتلەرگە ئېرىشتى. قەدىمكى ئەسەرلەرنى ساقلاش ئورۇنلىرى مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش شارائىتىنى ياخشىلىدى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتتى، شۇنداقلا ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئۆلچەملەشتۈردى، بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى. قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ساھەسىدە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىدە، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئارخىپنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ماقالىدە، قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشقا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: قەدىمكى ئەسەرلەر؛ ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ ئارخىپ تۇرغۇزۇش

## 建立古籍文献修复档案的重要性及其要求

米娜娃尔 · 阿不都

**摘要**：在全国范围内开展古籍保护工作以来，古籍修复工作得到了前所未有的机遇。古籍保管单位设立了专项经费，改善恢复条件，恢复设施，使恢复工作标准化，出台了关于这方面的规定，培养了古籍修复领域的人才。修复工作，恢复健全档案和档案是非常重要的。在这篇文章中集中讨论了古籍修复档案的重要性，恢复档案的要求。

**关键词**：古籍；修复；建档

**Abstract:** Since the beginning of the protection of ancient books nationwide, the restoration of ancient books has achieved unprecedented opportunities. The ancient bookkeeping units set up special funds and significantly improved the conditions for restoration, increased the number of restoration facilities and standardized the restoration work, formulated the related regualtions, and trained the talents in the field of ancient books restoration. It is very important to estblish and improve the archives for restoration of ancient works. In this article, the importance and requirements of archival restoration of ancient books are discussed in detail.

**Keywords:** ancient books; restoration; archiving

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G255　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ سانى 4 مىليون پارچىدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇزۇلغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئاشىدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىدە ۋەزىپە ئېغىر، يول ئۇزاق. بۇ خىزمەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە، يەنىلا كۆپلىگەن سىستېمىلىق ۋە ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ،

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: مۇنەۋۋەر ئابدۇل (1975 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، كاندىدات تەتقىقاتچى، كۈتۈپخانا باشقۇرۇش ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ۋە قەدەم باسقۇچلىرىنى ھەققىي، توغرا خاتىرىلەش قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورگانلىرى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك زۆرۈر خىزمەتتۇر .

## 1. قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقى

قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلى ھالىتىدە قوغداشنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىدە، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئارخىپنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. باشقۇرغۇچى خادىملار ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش ئۆلچىمىنى بەلگىلىشى، ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە بۇ خىزمەتنى كۈچەيتىشى كېرەك .

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپى قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە داۋاملىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان پايدىلانمىدۇر. بۇ پايدىلانما يېڭىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. شۇنداقلا ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى خادىملارنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئالدىنقىلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولۇنغان قەدىمكى ئەسەرلەر يەنە بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللاردىن خالىي بولۇش تەس. ئالدىنقىلار تۇرغۇزغان ئارخىپ ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىلەرگە ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوللانما بولىدۇ. قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خادىمى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاپ بولالماي، باشقا ئادەم ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، داۋاملىق ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى خادىم چوقۇم ئالدىنقىلارنىڭ ئارخىپ خاتىرىسىنى كۆرۈشى، ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان ئەسەرنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمىنى ۋە ئارخىپ خاتىرىلەش ئىشلىرىنى شۇ ئاساستا تاماملىشى كېرەك.

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپى قەدىمكى ئەسەرلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاشقا پايدىلىق. قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن باشقا ھۆججەت - ماتېرىياللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوخشىمايدۇ. ئۇ خىزمەتچى خادىملاردىن ئەسلىگە كەلتۈرگەندە ئەڭ زور دەرىجىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق قىممىتىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت يادىكارلىق قىممىتىنى ساقلاشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئەگەر ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىدە بىرەر ھالقا كەم قالسا، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئېنىقلىقى ئۆزگىرىپ كېتىشى، ئۇنىڭ قەدىمكى يادىكارلىق قىممىتى زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوبراز (سۈرەت) ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش قەدىمكى ئەسەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق خاراكتېرىنى قايتا نامايان قىلىشتىكى مۇھىم بىر پايدىلانما. بۇ پايدىلانمىنى توغرا، ئېنىق، ئۆلچەملىك ئىشلەش كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر .

## 2. ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىدىكى ژانىر مەزمۇنى ۋە تەلەپ

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بۇ خىزمەت ئاساسلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چارىسى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىنىڭ يازما خاتىرىسى ۋە سۈرەت خاتىرىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چارىسى بولۇپ، ئۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى توغرا يولغا قويۇش، قويالماسلىقنى بەلگىلەيدىغان ئاساس. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە تۆۋەندىكى ئۈچ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك :

بىرىنچى، «كونىنى كونىدەك رەتلەش» پرىنسىپى.

www.uyghurkitap.com



قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش جەريانىدا، قەدىمكى ئەسەرنىڭ ھەر بىر بۆلىكىنىڭ ئەسلى ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ئەسەردىكى ئالاھىدە ئىزلار قەدىمكى ئەسەرنىڭ تارقىلىش جەريانىنىڭ ئىسپاتى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىنى نەشرگە تەييارلىغان روبېرت دانكوف ئەسەر ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ئۇچۇر بېرىدۇ: بۇ ئەسەرنىڭ بىردىن بىر قولىيازما نۇسخىسى ئىستانبۇلدىكى مىللەت گىنەل كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدۇر (ئەلى ئەمىر، ئەرەبچە No4189 .) ئۇ قارا تېرە مۇقاۋىلىق بولۇپ، بۇ مۇقاۋا 20 ـ ئەسىرگە تەئەللۇقتۇر. قەغىزى شەرق ئۇسلۇبىدىكى قېلىن ئاق سېرىق قەغەز بولۇپ، بەزى يەرلىرى نەملىك ۋە ئوكسىدلىنىش نەتىجىسىدە سۇس جىگەررەڭ بولۇپ قالغان. بەزى ۋاراقلىرىنىڭ كېسىلگەن ۋە يىرتىلغان جايلىرى تار قەغەز پارچىلىرى چاپلىنىپ تولۇقلانغان. بەزى بەتلىرىنىڭ بەت تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن جايلىرى باشقا بەتلەرگە تەڭ قىلىپ قاتلاپ قويۇلغان .

بۇ ئۇچۇرلاردىن بىز ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى ۋە بىر قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا، قولىيازمىنىڭ تىتۇلىدىكى ئۇچۇرلاردىن، سىيانىڭ رەڭگى ۋە كېيىنكى قەلەم ئىزلىرى، قۇر ئارىلىقى ۋە ھاشىيەدىكى ئىزاھلاردىن بۇ ئەسەرگە قانچە كىشىنىڭ قول تەگكۈزگەنلىكىنى، قانداق سىيا ئىشلەتكەنلىكىنى ۋە ئەسەردىكى مەزمۇنلارنىڭ قانداق تۈزىتىلگەنلىكىنى بايقىۋالالايمىز. دېمەك، ئەسلىگە كەلتۈرگەندە ئەسلى ئەسەردىكى ئىزلار ساقلىنىپ قېلىشى كېرەك .

بىر قىسىم قەدىمكى ئەسەرلەردە يىرتىلغان، چاشقان يەپ كەتكەن، ھەتتا كۆيۈپ كەتكەن، ھۆللۈك تەسىرىدىن كۆپۈپ كەتكەن، ئوكسىدلانغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن نۇسخا بىلەن ساختا نۇسخىسىنىڭ پەرقىنى ئايرىۋالغىلى بولىدۇ .

ئىككىنچى، «ئەڭ ئاز قول تەگكۈزۈش» پىرىنسىپى. قەدىمكى ئەسەرنىڭ تەسىر دەرىجىسىگە قارىتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئەسلى ئەسەرنىڭ ژانىرىغا ۋە ھالىتىگە (شەكلىگە) ئەڭ ئاز قول تەگكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. پۈتۈنلەي يېپىېڭى قىياپەتكە كىرگۈزۈۋېتىشكە، ئەسەرنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ. «چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇش»تىن ساقلىنىش كېرەك .

ئۈچىنچى، «قايتىلىما جەريان پىرىنسىپى. ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى ئەسەرگە ئىشلەتكەن ماتېرىيال چوقۇم ئاسان چىقىرىۋەتكىلى بولىدىغان، بولۇپمۇ بىخەتەر شىلىم ئىشلىتىش، يەنە كېلىپ شىلىم پۈتۈنلەي ئىشەنچلىك بولۇشى، كەلگۈسىدە قايتا رېمونت قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئاسان تازىلىغىلى بولىدىغان بولۇش كېرەك .

ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى بەلگىلەنگەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش چارىسى، ئېنىق بولغان ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى ئاساسىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۇرغۇزۇشى لازىم. ئارخىپ تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك :

بىرىنچى، ئەسلى نۇسخىنىڭ ئوبيېكتىپچانلىقىنى (كۆرۈشچانلىقىنى) تەسۋىرلەش. قەدىمكى ئەسەرنىڭ نامى، نۇسخىسى، مۈلۈك نومۇرى، ئومۇمىي بەت سانى، فورماتى، مۇقاۋىسى، زەخىملىنىش تۈرى ۋە دەرىجىسىنى خاتىرىلەش ، ئەسلى ئەسەرنىڭ قەغەز (خوتەن قەغىزى، لاتا، تېرە، گېزىت قەغىزى قاتارلىق) تۈرى، تۈپلەش شەكلى ۋە تۈپلەش ھالىتى قاتارلىقلارغا ئىزاھات بېرىش كېرەك .

ئىككىنچى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت جەريانىنى خاتىرىلەش. قەدىمكى ئەسەرنىڭ زەخىملەنگەن ھەر بىر بۆلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار. بۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىمۇ بىردەك بولمايدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىش بەزى قەدىمكى ئەسەرلەرنى ياخشى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولۇش بولماسلىقىنىڭ ھالقىسى. ئۇ پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قوللىنىلىدىغان ياكى بۇزۇلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرگە قوللىنىلىدىغان پەرقلىق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ۋە پەرقلىق ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى تەجرىبىلىك خادىملار

ئېغىر زەخىملەنگەن، بۇزۇلۇشى مۇرەككەپ بولغان قەدىمكى ئەسەرلەرگە يولۇققاندا، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدا ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئارخىپ تۇرغۇزغاندا خىزمەت جەريانىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىنى، بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە تېخنىكىلىق مەزمۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. بۇ باشقا ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى خادىملارنىڭ تەربىيەلىنىشى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىدە زور رول ئوينايدۇ.

ئۈچىنچى، ماسلاشتۇرغان قەغەز ۋە ماتېرىيالنى تاللاش ۋە بوياق رەڭگىنى خاتىرىلەش. قەغەزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ماسلاشتۇرىدىغان قەغەزنىڭ تىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قەغەزنىڭ رەڭ دەرىجىسىگە نىسبەتەن ماسلاشتۇرىدىغان قەغەزنىڭ رەڭگىنى تاللاش، ماسلاشتۇرىدىغان قەغەزگە رەڭ بېرىش ياكى بەرمەسلىككە ھۆكۈم قىلىش كېرەك. ئەگەر رەڭ بېرىشكە توغرا كەلسە، رەڭ ماتېرىيالىنىڭ نامىنى خاتىرىلەش لازىم. بويىغان قەغەز كۆڭۈلدىكىدەك بولغاندىمۇ بوياق ماتېرىيالى ۋە قەغەز مىقدارىنى، تېمپېراتۇرا ۋە قەغەزنى بويىغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ۋاقتىدا ئىنچىكىلىك بىلەن خاتىرىلەش لازىم. ئەسلىگە كەلتۈرۈش داۋامىدا، ئادەتتە تۆرلۈك قەغەز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قەغەزلەرنىڭ تاللىنىشى ۋە بەلگىلىنىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىدا بىرمۇبىر ئىزاھلىنىشى كېرەك .

تۆتىنچى، تۈپلەش شەكلىنى خاتىرىلەش . ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەت پرىنسىپىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش خادىملىرىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تۈپلىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئەسلى ئەسەرنىڭ تۈپلىنىش شەكلى قانداق بولسا، ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا شۇ ھالەتنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. لېكىن ئەگەر ئەسلىدىكى تۈپلىنىش شەكلىدە قەدىمكى ئەسەرنى بۇزۇۋېتىش ئېھتىماللىقى بولغاندا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن قايتا تۈپلەش كېرەك. بۇ خىل ئۆزگەرتىش پەقەت ئالاھىدە قەدىمكى ئەسەرلەرگە ماس كېلىدۇ. ئۆزگەرتىپ تۈپلىگەن ۋاقىتتا، ئۆزگەرتىپ تۈپلەشنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاش كېرەك. مۇقاۋىنىڭ رەڭگى، تۈپلەش يىپىنىڭ ماتېرىيالى بىلەن تىپ نومۇرى قاتارلىقلارنىمۇ تولۇق خاتىرىلەش كېرەك.

بەشىنچى، تۈپلەش قورالىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە خاتىرە قالدۇرۇش. قەدىمكى ئەسەرلەرنى تۈپلەش قورالى قەدىمكى ئەسەرنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، لېكىن ئارخىپ تۇرغۇزۇشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان نۇقتا. تۈپلەش قورالىنى ياسىغان ۋاقىتتا، تۈپلەش قورالىنىڭ شەكلى، تۈپلەش قورالىغا ئىشلەتكەن قەغەزنىڭ قېلىن - نېپىزلىكى، رەخت ماتېرىياللار، قىسقۇچ، قەغەز خالتىنىڭ ماتېرىيالى قاتارلىقلارنى ياخشى خاتىرلەش كېرەك. تۈپلەشتە رەڭلىك پاختا ئىشلەتكەنمۇ ياكى بويالغانمۇ، بويالغان بولسا بوياش ئۇسۇلى ۋە جەريانلىرى تەپسىلىي خاتىرىلىنىشى كېرەك .

## 3. ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەسەر سۈرىتى ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىدا يازما خاتىرىدىن باشقا، يەنە ئەسەر سۈرىتى ئارخىپىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ئارخىپلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئەسەر سۈرىتى ئارخىپىنىڭ خاتىرىلىنىشىدە ۋاقىت تەلەپ بولىدۇ، بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇنقى سۈرىتى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش داۋامىدىكى سۈرىتى، قەدىمكى ئەسەرنىڭ قويۇلۇش قىياپىتى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىنىڭ خىزمەت جەريانى تولۇق خاتىرىلىنىشى كېرەك، بولمىسا ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى قايتا كۆرگىلى ۋە تولۇقلاپ رەسىمگە تارتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەسەرنىڭ رەسىمنى تەييارلىغاندا كۆرۈش سەزگۈسىگە ماس كېلىدىغان ھالەتتە كېسىشكە بولىدۇ، لېكىن ئەسەر رەسىمىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ .

بىرىنچى، رەسىمگە تارتىش ئاپپاراتى ۋە سۈرەتكە ئېلىش تەلىپى. رەسىمگە تارتىشتا مۇمكىن قەدەر سۈزۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى، سىپىرلىق ئاپپاراتنى ئىشلىتىش، رەسىمگە تارتقاندا ئەڭ سۈزۈك ئۆلچەمگە تەڭشەش، سۈرەتكە تارتىلىدىغان بارلىق بۆلەكلەرنى تولۇق ئېلىش كېرەك. ئىمكان بار كەسپىي رەسىمگە تارتىش جازىسىنى ئىشلىتىش، جازا بولمىسا ئامالىنىڭ

www.uyghurkitap.com



بارىچە ئەسەر ۋارىقىنى تەكشىلەپ رەسىمگە تارتىش كېرەك. شۇندىلا رەسىم ئېنىق ۋە سۈزۈك چىقىدۇ، مايماق چىقىپ قالمايدۇ .

ئىككىنچى، ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بويۇمنى سۈرەتكە تارتىشنىڭ ئورنى ۋە شەكلى (قېلىپى). بۇزۇلغان ئەسەرلەرنىڭ بۇزۇلغان ھالىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خادىملىرى بۇزۇلغان ئەسەرلەرنى تىزىپ ئۇلارنىڭ ئەسلى ھالىتىنى رەسىمگە تارتىدۇ. تىزىشتىكى مەقسەت بۇزۇلغان ئورۇننى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. شۇڭا ئەسەرنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان نۇقتىدا تۇرۇپ رەسىم تارتىش لازىم. بۇنداق رەسىم تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) بۇزۇلغان تىپ خەرىتىسى. ئەسەرلەرنىڭ بۇزۇلۇش تىپى قانچە خىل بولسا شۇنچە خىل رەسىم تارتىش كېرەك. مەسىلەن: كىرلىشىپ كېتىش، پاختىلىشىپ قېلىش، كونىراپ كېتىش، كۆكىرىپ كېتىش، كۇيە چۈشۈش، يۇمشاپ كېتىش، چاشقان يېيىش، يىرتىلىپ كېتىش، تىتىلىپ كېتىش، پۇچۇلۇش، يىپى ئۈزۈلۈپ كېتىش، كۆيۈپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئايرىم-ئايرىم رەسىمگە ئېلىش كېرەك. (2) ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى سېلىشتۇرۇش. ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن قانچە پارچە رەسىم بولغان بولسا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ شۇنچە پارچە رەسىم بولۇشى كېرەك. بۇزۇلغاندا رەسىمگە تارتىلغان ئەسەر ۋاراقلىرىنىڭ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوخشاش بىر بەت يۈزى، ئوخشاش نۇقتىدىن تارتىلغان سېلىشتۇرما رەسىمى بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجىلىرى تولۇق نامايان بولغانلىقتىن، قاراپلا ھېس قىلغىلى بولىدۇ. (3) ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان قىسىملىرىنى ئالاھىدە كۆرۈنۈشلۈك رەسىمگە تارتىش كېرەك. مەسىلەن، پەقەت بەت يۈزىگە يېقىن قىلىپ رەسىمگە تارتىلسا، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلەنمەيدۇ، ئارىلىق قويۇپ قويۇلسا تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ (كۆرگۈچىلەرنىڭ) دىققىتىنى تارتالمايدۇ. ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن جايلارنى ئالاھىدە كۆرۈنىدىغان قىلغاندا، بۇزۇلۇش دەرىجىسىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. (4) سىرتقى كۆرۈنۈش رەسىمى. بىر قىسىم قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تاشقى كۆرۈنۈشى ئىنتايىن مۇھىم. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تاشقى كۆرۈنۈش بىر ئەسەرنىڭ مۇقاۋىسى، ئەسەر قىرى، تۈپلەش سىزىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر قىسىم قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە كۆرۈنىدىغان تەرىپىدۇر. ئەگەر مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىغاندا، ماسلاشتۇرۇلغان قەغەز ۋە يىپ ئېگىز - پەس چىقىپ قېلىش، تەكشىسىز بولۇپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر كېلىپ چىقىپ، قەدىمكى ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە تەسىر يېتىدۇ. (5) ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانى. بۇ ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى خادىمنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىش بولۇپ، مۇھىم تەرتىپلەرنى ئايرىم-ئايرىم رەسىمگە ئېلىش، ئالاھىدە تەپسىلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شارائىت يار بەرسە، ئەسەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى ھالقىلىق قىسمىنى سىنغا ئېلىپ قويۇش كېرەك .

## 4. ئارخىپنىڭ ساقلىنىشى

ئارخىپنى بىخەتەر، ياخشى ساقلاش ناھايىتى مۇھىم. قەغەز ئارخىپلار ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئىككى نۇسخىدىن ساقلىنىشى كېرەك. بىر نۇسخا ئارخىپتا تۇرۇش، يەنە بىر نۇسخا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنكى قەدىمكى ئەسەر بىلەن بىرگە ساقلىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئەسەر ئامبارغا كىرگەندىن كېيىن، كېيىنكىلەرنىڭ بىۋاسىتە سىنىقىدىن ئۆتىدۇ. ئامبارغا كىرگەن ئەسەرنى ساقلاش ئۇسۇلى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى خادىمنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. ئەسەر رەسىمى ساقلانغاندا ئەسەر ئىسمى ۋە قاراشلىق ئورۇننى ئېنىق ئەسكەرتىش، ئوخشاش بىر تۈردىكى قەدىمكى ئەسەرنىڭ رەسىمنى ئايرىم ساقلاش كېرەك. يېزىق ئارخىپى بىلەن ماس كەلگەن ئەسەر رەسىمى بىلەن تەمىنلەپ، يېزىق ئارخىپنى تەكشۈرگەن

ۋاقتىدا رەسىمىنىمۇ كۆرەلەيدىغان ھالەتنى بەرپا قىلىش لازىم. تېكىستنىڭ ئېلېكترونلۇق ئارخىپى ۋە ئەسەر رەسىمى ئەڭ ئاز بولغاندا بىر پارچىدىن زاپاس تەييارلىنىشى لازىم. زاپاس ئارخىپ باشقا جايدا ساقلىنىشى كېرەك. بۇ تاسادىپىي ۋەقە - ھادىسە ياكى ئاپەت يۈز بەرگەندە ئەسلى ئارخىپنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئەسلى ئارخىپ بۇزۇلۇپ كەتسە ياكى يوقاپ كەتسە، زاپاس ئارخىپ بىلەن ۋاقتىدا تولۇقلاپ قويۇش لازىم .

## 5. ئەسلىگە كەلتۈرۈش قوشۇمچە ئارخىپىنىڭ تۈرگۈزۈلۈشى ۋە تەلىپى

ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىدىن سىرت، يەنە بىر قىسىم قوشۇمچە ئارخىپلارنىمۇ تۈرگۈزۈش لازىم. قوشۇمچە ئارخىپ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ماتېرىيال ئارخىپى. ئەسلىگە كەلتۈرۈش ماتېرىيال ئارخىپى قەغەز، تۇپلەش يېپى، شىلىم، كارتون قەغەز، بوياق قاتارلىقلارنىڭ ئۇچۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئىشلەتكەن قەغەزنىڭ ئارخىپى بولۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى ماسلاشتۇرغان ماتېرىيالنى تاللاشقا بولىدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان قەغەزنىڭ سانى ۋە رەڭلىرى كۆپ خىل بولىدۇ. شۇڭا، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خادىملىرىنىڭ سېلىشتۇرۇش، تاللاش ۋە ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ماتېرىيال ئارخىپىدا ئارخىپ مۇندەرىجىسى، ئەسلىگە كەلتۈرگەندە ئىشلەتكەن قەغەزنىڭ نۇسخىسى، قەغەز نۇسخىسىنىڭ ئۈستىگە نۇسخا نومۇرى، ئىسمى ، تىپى، رەڭگى، گىرام سانى ھەتتا ساقلىنىۋاتقان ئورنى قاتارلىقلار ئېنىق يېزىلىشى كېرەك .

ئىككىنچى، بۇزۇلغان قەدىمكى ئەسەر ئارخىپى. ساقلانغان بويۇمنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئارخىپ تۈرگۈزۈش لازىم. بۇ خىل ئارخىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ پىلانلىق قانات يايدۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، خىزمەتچى خادىملار ياكى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى خادىملار ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرنى ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىپ، قايسى ئەسەرنىڭ ئەڭ جىددىي، چوقۇم ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ھازىرقى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قۇربى يېتىدىغان - يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىشكە ۋە ئۇلارغا بىر تۇتاش پىلانلاپ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىدۇ. بۇزۇلغان قەدىمكى ئەسەر ئارخىپى قەدىمكى ئەسەرنىڭ ئىسمى، نۇسخىسى ۋە دەرىجىسى، بۇزۇلۇش ئەھۋالى ۋە دەرىجىسى، سانى ۋە ئىزدەش نومۇرى قاتارلىق زۆرۈر ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئۈچىنچى، بۇزۇلغان قەدىمكى ئەسەرنى ئالماشتۇرۇش ماتېرىيالى ئارخىپى. قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىر قىسىم يېزىق يوق مەزمۇنلارنى ياكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ۋاراقلارنى، كونا تۇپلەش يېپى، تۇپلەش قورالىنىڭ ئۈستىدىكى ئورالغان رەخت، كارتون قەغەز قاتارلىقلارنى ئالماشتۇرۇش كېرەك. بۇ ماتېرىياللاردىن تۈرگۈزۈلگەن ئارخىپ بۇزۇلغان قەدىمكى ئەسەرنى ئالماشتۇرىدىغان ماتېرىيال ئارخىپى بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار تەلەپ بويىچە مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇلۇشى، قەدىمكى ئەسەرنىڭ قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئامال بار پايدىلىنىش ياكى يېزىق ئۇچۇرىنى قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك .

## 6. قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئالاقە ئارخىپى

بۇ قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئەسلىگە كەلتۈرگەن بويۇمنىڭ بىختەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم تۈر بولۇپ، تۇتاشما ئارخىپ قەدىمكى ئەسەرنىڭ ئىسمى، مۈلۈك نومۇرى، ئەسەرنى ئالغان ۋاقىت، ئەسەرنى قايتۇرغان ۋاقىت، تاپشۇرغۇچىنىڭ ئىمزا ئۇچۇرلىرى، ئەسلىگە كەلتۈرگەن بويۇمنىڭ ۋاراق سانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

نۆۋەتتە، بۇزۇلغان قەدىمكى ئەسەرلەردىن باشقا،

ھەر قايسى جايلاردا يەنە كۆپلىگەن بۇزۇلغان قەغەز ھۆججەت ماتېرىياللار، مەسىلەن، دۆلەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى خەت - چەكلەر، توختاملار، كىنىشكا - گۇۋاھنامىلەر، ئالتۇن ۋە مىسقا ئويۇلغان خەتلەر، مىنگو دەۋرىدىكى ئەسەرلەر قاتارلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغان ماتېرىياللار بار. بۇ ماتېرىياللار ھەر دەرىجىلىك ئارخىپخانىلاردا، كۇتۇپخانىلاردا، ماتېرىيال بۆلۈملىرىدە، خەلق ئارىسىدا كۆپلەپ ساقلانماقتا. قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۈرغۇزۇشنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى بۇزۇلغان ھۆججەت ماتېرىياللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى پايدىلانمىلار بىلەن تەمىنلەپ، ئالاھىدە تۈردىكى ھۆججەت ماتېرىياللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## پايدىلانمىلار:


1. دۇۋ يېيشېڭ، جاڭ پىڭ: «قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمى ۋە سۈپەت تەلىپى»[M]. بېيجىڭ: جۇڭگو ئۆلچەم نەشرىياتى، 2008.
2. دۇۋ يېيشېڭ: «قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىرىنسىپى»[J].دۆلەتلىك كۇتۇپخانا ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007 (4).
3. دۆلەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش مەركىزى: دۆلەتلىك قىممەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئىسمىنى مەلۇم قىلىشتىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ رەسمىنى سۈرەتكە تارتىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم - قائىدىلەر ۋە ئۆلگىلىك مىساللار، 2009 (12).


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 07 - 054 - 04(2017) 5878 - 1005

# يېڭى دەۋر ئىستۇدېنتلىرىغا تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىشتىكى توسالغۇلار ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى*

قەلبىدىن لېتىپ، جاڭ فاڭ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 840046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** يېڭى دەۋردە، ئىستۇدېنتلارغا توردا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمىتى كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتەلمەسلىك ئەھۋالى ھەقىقەتەن مەۋجۇت. ئىستودېنتلارغا قارىتىلغان تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش جەريانىدىكى توسالغۇلار ھەم بۇ توسالغۇلار توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئالىي مائارىپ تەربىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن تور تارقىتىشنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەچىلەر قوشۇنىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش نۆۋەتتە ئالىي مائارىپ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ ماقالىدە، ئىستۇدېنتلارغا بولغان تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىناق ھەم مۇقىم ئالىي مەكتەپ تور ئىدىيە سىياسىي سۇپىسى بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە مۇناسىپ تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى؛ تارقىتىش توسالغۇسى؛ ئىستۇدېنتلار

## 新形势下大学生网络思政教育信息传播障碍及破解对策

卡力比登 · 力提甫，张芳

**摘要**：新形势之下，大学生网络思政教育的确存在未达到预期的教育目标的现实。对大学生网络思政教育信息传播过程当中存在的障碍及对信息传播障碍进行综合分析，并结合高等教育及网络思政教育理论来加强与完善网络思政教育师资力量是目前遇到的重要问题。本文就如何加强对大学生网络思政教育的吸引力及构建和谐稳定的高校网络思政平台提出了几点相浅认识。

**关键词**：网络思政教育；传播障碍；大学生

**Abstract:** Under the new situation, there is indeed a reality that undergraduates' online ideological education has not reached the expected educational goals. This paper analyzes the barriers in the process of the information dissemination in college students' online ideological education, and analyzes the obstacles. In combination with the theories of higher education and online ideological education, it is necessary to strengthen and improve the important issues which the teachers encountered in online ideological education. This paper proposes a few countermeasures on how to enhance the attraction of college students' online ideological education and build a harmonious and stable online ideological educational platform in colleges.

**Keywords:** online ideological education; dissemination obstacles; college students

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G641　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپلەر ئىستۇدېنتلارغا قارىتىلغان تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەگىشىپ، ئىستۇدېنتلارغا بولغان تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەگە ئائىت تەتقىقاتلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بىراق، نۆۋەتتىكى تەتقىقاتچىلار پەقەت ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمەتچىلىرى ۋە

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: قەلبىدىن لېتىپ ( 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، تەشۋىقات خىزمىتى، ئىدىيە سىياسىي ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات يۆنىلىشى يەنىلا يېڭى تېخنىكا شارائىتىدا ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدە كېلىپ چىقىۋاتقان مەسىلىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ۋە تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئەمەلىيىتىگە مەركەزلىشىپ قالغانلىقتىن، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە مۇھىتىنى تەھلىل قىلىش، تور تېخنىكىسى ئەمەلىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش ۋە تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە تارقىتىش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا سەل قارىلىپ، نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەمەلىيەت داۋامىدا «ھالسىز» لىنىپ كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. شۇڭا، ھازىرقى ئالىي مەكتەپ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى ئۇچۇرىنى تارقىتىش جەريانىدا كېلىپ چىققان خاتا چۈشەنچىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئالىي مائارىپ تەربىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تارقىتىش ئىلمى نەزەرىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىشتىكى توسالغۇلارنى ھەل قىلىش تەخىرسىز مەسىلە بولۇپ قالدى.

## 1. نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسگە ئالاقدار ئۇچۇرلارنى تارقىتىش جەريانىدا ساقلىنىۋاتقان خاتا چۈشەنچىلەر

بىرىنچى، ئالىي مەكتەپ تۆت يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى ھەم ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىيلاشقان ئوقۇتۇشنى پۈتكۈل تەربىيەلەش جەريانىغا ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى تارقىتىشقا ئېلىپ كېلىدىغان توسالغۇسىغا سەل قارالدى. ئەنئەنىۋى ئادەتتىكى تولۇق كۇرۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇش مۇددىتى ئوقۇش مەۋسۇمى ۋە يېزىقچە ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ بېكىتىلگەچكە، بىر قارار ئوقۇغۇچىلار بىر تەربىيەلەش دەۋرى قىلىنىدۇ. شۇڭا تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىدە تور ۋە توردىن سىرتقى ئۆگىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ھەم مەكتەپتە تور بەت زىيارىتى ۋە مەكتەپ تور سۇپىسى ئارقىلىق تور سىياسىي ئىدىيە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم. مەكتەپتىكى ۋاقىت قانچە ئۇزۇن بولغانسېرى ئوبيېكتىپ جەھەتتە تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنىڭ سىستېمىلىقلىقى، باغلىنىشچانلىقىغا شۇنچە ياخشى شارائىت ھازىرلىغىلى بولىدۇ. ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىل بولۇپ، كەسپى ئىقتىدار مەشىقىنى ئەمەلىي خىزمەت ئورنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا جەمئىيەتتە پىراكتىكا قىلىدىغان ۋە ئەمەلىي مەشىق قىلىدىغان ۋاقىت ئاجرىتىلدى، بولۇپمۇ تېخنىكا پەنلىرى شۇنداق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مەكتەپتە تۇرۇپ ئوقۇش ۋاقتى ئاساسەن ئۈچ يىل ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىستۇدېنتلارنى مەكتەپ ئىدىيە سىياسىي تەربىيە تور سۇپىسىغا جەلپ قىلىپ، ئۇلاردا ئۇچۇر كۆزنىكىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەت يېتىلدۈرۈلمىسە، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنى توردا تارقىتىش توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچى، WEB 2. 0 تور ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىشنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھەمتۇرتكىلىكى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى تارقىتىشقا ئېلىپ كەلگەن تەسىرىگە توغرا قارالمىدى. WEB 2. 0 تور تېخنىكىسى تېخىمۇ ئىنسانىيلىققا ئىگە بولۇپ، خاسلىقنى چىقىش قىلىش، سۇبيېكتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللاش ھازىرقى تور تارقىتىشنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىدارىغا ئايلاندى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى قىزىقمايدىغان مەزمۇنلارنى توردىن بىۋاسىتە تاللايدۇ ھەم شاللايدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىكى كىچىككىدىنلا ئىدىيە سىياسىي تەربىيەگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، قىزىقمايدىغان، قاتمال پوزىتسىيە ئالىي مەكتەپتىمۇ

دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۈچرىشىدىغان بارلىق ئىدىيە سىياسىي تەربىيە تور مەنبەلىرىگە ئىختىيارسىز هالدا رەت قىلىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۆپ قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە ئىستۇدېنتلارنىڭ WEB 2. 0 تېخنىكىسى موهىيىتىدا ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىشتىكى ئاكتىپچانلىقى ۋە باشلامچىلىقى ياخشى جارى قىلدۇرالمىدى. WEB 2. 0 تېخنىكىسى بولسا كىشىلەر ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئۇچۇر تارقىتىش ئەندىزىسى بولۇش ئالاهىدىلىكىگە ئىگە. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە سىياسىي تەربىيە تور سۇپىسىدا بۇ خىل تەربىيەنى قوبۇل قىلغان هەربىر ئوقۇغۇچى ئەمەلىيەتتە يەنە ئىدىيە سىياسىي تەربىيە تور سۇپىسىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تارقىتىشنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر هېسابلىنىدۇ، بىراق نۆۋەتتە، كۆپىنچە ئالىي مەكتەپلەر ئىستۇدېنتلارنى پەقەت تەربىيەنىڭ ئوبيېكتى ۋە تارقىتىش نىشانى دەپ قارىغاچقا، توردىن ئۇچۇر قوبۇل قىلىدىغان ئىستۇدېنتلارنىڭ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە جەريانىدىكى تەربىيەلىگۈچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رولىنى تونۇپ يەتمەي، WEB2.0 تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھەمتۇرتكىلىكى ۋە ئىنسانىيلىقى ئەكسىچە تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەگە ئائىت ئۇچۇرلارنى تارقىتىشتىكى توسالغۇغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۈچىنچى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ دىققەت نۇقتىسى يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىشقا يۆتكىلىپ، ئەسلىدە بار بولغان تېخنىكىنى تولۇق ئىېچىش هەم ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە سەل قارالغانلىقتىن، بايلىقنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يېڭى تېخنىكا بىلەن كونا تور سۇپىسى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتلىك مۇناسىۋەت تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەگە ئائىت ئۇچۇرنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. مىكرو بىلوگ، تور بەتلەرنىڭ قوللىنىلىشى، ئىنتېرنېت بىلەن تېلېفون تورىنىڭ بىرىكىشى قاتارلىق يېڭى تور تېخنىكىلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەت ۋە ئالىي مەكتەپلەر ئادەتلەنگەن تەپەككۇر خىزمىتىنىڭ مۇهىم نۇقتىسىنى قوللىنىشچان يېڭى تېخنىكىنى ئېچىشقا يۆتكىگەنلىكتىن، مۇنبەر، تور باش بېتى قاتارلىق ئەسلىدىنلا ئەۋزەللىككە ئىگە تۈرلەرگە كۆپرەك ئادەم ۋە ماددىي كۈچ ئاجرىتىشقا سەل قارالدى. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئەسلىدە بار تۈرلەردىن ۋاز كېچىپ، يېڭىدىن تور تۇرغۇزۇپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنى يەنە قايتا تور سۇپىسى قۇرۇلۇشى باسقۇچىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، زور بايلىق ئىسراپچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىلدى. يېڭى تېخنىكىنىڭ بىۋاسىتە ۋە ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىلىشىگە ئالاقىدار تەتقىقاتلار ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ئەكسىچە يېڭى تېخنىكىنىڭ ئەسلىدىكى تور سۇپىسىغا ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشقا بولغان تەتقىقات ناهايىتى چەكلىك بولدى. ماركېتنىڭ ئىلمىدە هەممە ئېتىراپ قىلغان «بىر كونا خېرىدارنى ساقلاپ قېلىشقا سېلىنغان سەرپىيات يېڭى خېرىدار قوبۇل قىلىشنىڭ يېرىمىغا تەڭ» دېيىدىغان قائىدە بار. بۇ خىل قائىدە نۆۋەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە تولىمۇ ماس كېلىدىغان بولۇپ، مۇستەقىل يېڭى تور سۇپىسى قۇرۇپ چىقىشقا كېتىدىغان چىقىم كونا تور سۇپىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كېتىدىغان چىقىمدىن ئىككى هەسسە كۆپ بولىدۇ، چۈنكى ئىستۇدېنتلارغا يېڭى تور سۇپىسىنى تونۇتقاندىن سىرت، يەنە كونا تور سۇپىسىدىكى ئىستۇدېنتلارنى جەلپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، «تور ئويۇنى»دىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچنى چىڭ تۇتمايدىغان، «تور ئويۇنى»غا قارشى تۇرىدىغان كەيپىيات تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىشقا توسالغۇ بولدى. «ئاتا - ئانا ئارزۇسىنىڭ قۇلى بولۇش» تىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تەربىيەلەش قارىشى سەۋەبىدىن، تەربىيەلىگۈچى تور ئويۇنلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىدىكى قىممىتىنى تولۇق تونۇپ، بۇ يېڭى سەھىپىدىن پايدىلىنالماي، ئۇنى تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئۇچۇرلىرىنىڭ تارقىلىشىدىكى يېڭى باشلىنىش ئەمەس، بەلكى توسالغۇسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. جياڭشىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپ پارتىيە ئەزالىرىنى ئاساسىي بىلىم بىلەن تەربىيەلەشتە تور

ئويۇنى ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتەك قىلغان. توردىكى «ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش» ئويۇنى شەكلى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن پارتىيەنىڭ نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇپ، «تور ئويۇنى شەكلى» نى قوللىنىپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى ئېلىپ بارىدىغان بىر تۈرلۈك يېڭىلىق يارىتىش كۈچىگە ئىگە تەدبىرنى سىناق قىلغان. نۇرغۇنلىغان تەربىيەچىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تور ئويۇنلىرىغا مەستانە بولغانلىقىنىڭ زىيانلىق تەرىپىنىلا كۆرۈپ، ئەكسىچە بۇ خىل «مەستانە» لىقنىڭ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەرەققىيات ئاچقۇچى ئىكەنلىكىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ. يۇقىرى ئاكتىپچانلىق، قىزغىنلىق، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ خىل شەكىلگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى نېمىشقا تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا ئىشلىتىشكە بولمىغۇدەك؟ دۆلىتىمىزدە ئىنتېرنېت تورى ئومۇملىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، توردىن ئىبارەت بۇ بازىنى بىز ئىگىلىمىسەك، باشقىلار ئىگىلەپ كېتىدۇ. شۇڭا، بىز تور ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت بۇ بازىنى مەھكەم ئىگىلەپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىشىمىز كېرەك.

بەشىنچى، يېڭى تارقىتىش ۋاستىلىرىگە بولغان تونۇش پەقەت تېخنىكا باسقۇچىدا توختاپ قېلىپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغانلىقتىن، «يېڭى ئەندىزە، كونا ئۇسلۇب» تىن ئىبارەت يېڭى تور سۇپىسى تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىدىكى توسالغۇ بولۇپ قالدى. ئەنئەنىۋى مائارىپ تەربىيەسىدە ئادەتلىنىپ قالغان تەربىيەلەشنىڭ تەسىرىدە مۇنبەر، مىكرو بىلوگ، تېلفۇن تور سۇپىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى جەلىپ قىلىش كۈچىگە ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرىلمەي، پەقەتلا سۆزلىنىدىغان مەزمۇن كىتابتىن مىكرو بىلوگ، سىن ۋە ئۈن ھۆججەتلىرىگە كۆچۈرۈپ، ئىدىيە سىياسىي نامىدىكى مىكرو بىلوگ، مۇنبەر، تېلفۇن تور سۇپىسى قاتارلىقلارنى تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىگە ئائىت ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشىدىكى توسالغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئىستۇدېنتلارنىڭ تەپەككۇرى ئوچۇق، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇن نەچچە يىللىق تەربىيەلىنىش جەريانى ئۇلاردا دوگمىچىلىقتا، خاسلىقنى بوغۇپ قويىدىغان تەربىيەگە نىسبەتەن بىرخىل بىۋاستە رەت قىلىش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن. تور دەل خاسلىقنى تەكىتلەيدىغان، تولۇق ئۆز ئالدىغا تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە بىر ئەركىن بوشلۇق، بىزنىڭ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەمىز دەل ھازىرقى يېڭى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ « ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش، مۇستەقىل بولۇش، كۆپ مەنبەلىك بولۇش»تىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىگە ھەقىقىي ھۆرمەت قىلمىغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى تور تارقىتىشى يېزىقنى ئاساس قىلىشتىن ئاستا ـ ئاستا يېزىق، سۈرەت، ۋىدىئو بىرلەشتۈرۈلگەن دەۋرگە ئۆتتى. نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپلەر يېزىقنى بىراقلا ئازايتىپ، كۆپلىگەن ۋىدىئو ۋە ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان رەسىملەرنى قىستۇرۇپ، تورنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتىنى ئاشۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مېغىزنى تاشلاپ شاكىلىغا ئېسىلىۋالغانلىقىدا. تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى چوقۇم يادرولۇق مەزمۇننى تۇتقا قىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىش كېرەك. مەيلى ئوقۇغۇچىلار قايسى خىل سەۋەبتىن تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىگە قىززىقان بولسۇن، بىزنىڭ مەقسىتىمىز يەنىلا ئۇلارغا تەربىيەمىزنىڭ مەزمۇنىنى ھەقىقىي يەتكۈزۈش. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچتىن ئىبارەت چەكلىمىلىكلەرگە ئۇچرىغانلىقتىن، پەقەت يېڭى شەكىللەرگە تايىنىپلا ئىستۇدېنتلارنى تۇتۇپ قالالمايدۇ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، پەقەت چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، ئوقۇغۇچىلارنى سەگەكلەشتۈرەلەيدىغان مەزمۇنلارلا ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىيالايدۇ. نۆۋەتتىكى يېزىق، سۈرەت، ۋىدىئو بىرلەشتۈرۈلگەن مەزمۇنلار شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، يېزىق كىشىلەرنىڭ مەلۇم شەيئىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا. شۇڭا بىزنىڭ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەمىز ھەم كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقان يېڭى تېخنىكىنىمۇ چەتكە قاقماسلىقى ھەم قارىغۇلارچە يېڭى تېخنىكىغا يۆلىنىۋالماي،

ئاقلانىلىك بىلەن ئۆزئار ماسلاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

## 2. ئىستۇدېنتلارغا بولغان تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىشتىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى

بىرىنچى، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ «هوقۇق دائىرىسى»نى ئەركىن قويۇۋېتىپ، كەسپىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەچىلەرنىڭ «كۆپ مەنبە»لىكلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. تور تېخنىكىسى مەھىيەتتە ئېچىۋېتىلگەن بولىدۇ، شۇڭا تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىمۇ ئېچىۋېتىلگەن بولۇشى كېرەك، پەقەت «تەربىيەلەش »تىن ئىبارەت مەركىزى نۇقتا چىڭ تۇتۇلسىلا شەكىل ۋە قاتناشقۇچىلار ئېچىۋېتىلىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر كەسپىي ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمەتچىلىرى قوشۇنىدىن سىرت، بىر گۇرۇپپا قوشۇمچە تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە قاتنىشىدىغان كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەشكىللەنسە ياكى كەسپتە ئالاھىدە نەتىجىسى بار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار مەخسۇس ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۈستىگە ئالسا، ئۇلارنىڭ كەسپىي جەھەتتە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تىكلىگەن نوپۇزى ۋە چاقىرىق قىلىش كۈچى، شۇنداقلا جانلىق خىزمەت ئۇسلۇبىغا تايىنىپ ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش تۈۋەندىكى ئەۋزەللىككە ئىگە: بىرىنچىدىن، ئۇلار ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكتىن، ئوقۇغۇچىلار ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. ئادەتتىكى ئىدىيە سىياسىي تەربىيەچىلەرنىڭ تەپەككۇر يولى ئىدىيە سىياسىي نەزەرىيەنى ئاساس قىلغان بولىدۇ، ئەكسىچە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي بىلىمگە، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە يولۇققان مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەقلىد قىلىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىگە پايدىلىق. ئەگەر ئادەتتىكى ئىدىيە سىياسىي خىزمەتچى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى ۋە نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى سۆزلەشكە ماھىر دېيىلسە، ئۇنداقتا كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار ئىدىيە سىياسىي تەربىيە جەريانىدا «سۆز بىلەن ھەرىكەتتە ئۈلگە بولۇش»رولىنى ئوينىيالايدۇ. نۇرغۇنلىغان كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىمى ناھايىتى مول بولغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە ھەۋەس قىلىشىغا ئېرىشىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ مىجەر - خۇلقىنىمۇ ئوقۇغۇچىلار دورايدۇ. كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، قائىدە - يوسۇن، ئادەتلىرىگە تەسىر قىلىشتا ئورنىنى باسالمايدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۈچىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ غايىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. ھازىرقى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار «كەسپىي جەھەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسپىنى چۈشىنىش » قاتارلىق كەسپىي ھايات تەرەققىيات تۈرىدىكى دەرسلىكلەرنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ئەگەر ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي ھايات تەربىيەسىگە سىڭدۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇشۇ دائىرىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى سۈپىتىدە مەخسۇس تېمىلىق مەزمۇن ئېچىلسا، ئېنىقكى تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ « ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئەمەلىي ئەمەس»، دېگەن قارىشىنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا قەرەللىك ھالدا تور بىلىملىرىنى ئۆگىنىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن ئاۋۋال ئۆگىنىشىنى

www.uyghurkitap.com



تەكىتلەپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ «ئىلغارلىق»نى ساقلاش كېرەك. تەربىيەلىگۈچىلەرنىڭ تور بىلىمى ۋە تورغا نىسبەتەن چۈشەنچىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا يەتمەسلىكى دەل نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنى كۈچلەندۈرگەندەك قانات يايدۇرالماسلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. بۇ بىۋاسىتە تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئالىي مەكتەپلەر تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەگە قاتنىشىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا قەرەللىك ھالدا تور بىلىملىرىنى ئۆگىنىش تۈزۈمىنى تۈرغۇزۇپ، تور بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلاردىن بۇرۇنراق چۈشىنىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. پەقەت تور بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلاردىن بۇرۇنراق ئىگىلەپ، ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ، تور تېخنىكىسىغا ئوقۇغۇچىلاردىن پىششىق بولغاندىلا، ئاندىن تور جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا تەشەببۇسكار بولۇپ، پىكىر قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئۈچىنچى، تور ئويۇنلىرىنى رەت قىلماي، ئۇلارغا مۇۋاپىق ماسلىشىپ، ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنى ئويۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ «جەلپ قىلىش كۈچى»نى ئاشۇرۇش كېرەك. ئەنئەنىۋى مائارىپ «ئەرزىمەس ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىپ ئىرادىسىنى يوقىتىش»، ئادەمنى زىيادە مەپتۇن قىلىدىغان ئويۇنلار ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ»، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە قىزىقىش ئۆگىنىشتىكى ئەڭ چوڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا تور ئويۇنلىرىغا بولغان مەستانىلىقتىن پايدىلىق ئىلھام ئالغىلى بولامدۇ؟ تور ئويۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەم ئۆزگىچە جەلپ قىلىش كۈچى بولسىمۇ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ماھىيەتتە ياخشى ياكى يامان دېيىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس، بۇنىڭدا ئاساسلىقى تور ئويۇنلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇنىغا قاراش كېرەك. نۇرغۇن ئىدىيە سىياسىي تەربىيەچىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تور ئويۇنى ئوينىغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆزلىرى تور ئويۇنىغا ھەۋەس قىلىدۇ، بۇ تور ئويۇنلىرىنىڭ ئۇنچىۋالا چوڭ ئاپەت ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تەرەپ - تەرەپتىن تور ئويۇنلىرىغا قارشى تۇرۇش دېسلىپىدىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغاپ، ئىدىيە سىياسىي تەربىيەچىلەرنىڭ خىزمىتىگە زور توسالغۇلارنى پەيدا قىلغان ئىدى. ئەكسىچە ئىدىيە سىياسىي تور سۈپىتى ئارقىلىق ئويۇنغا مۇۋاپىق دەرىجىدە ماسلىشىپ، ساغلام ئويۇن ئويناش ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنى ئويۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش نۆۋەتتە تەربىيەچىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. «تەقلىدىي ھايات »ناملىق داڭلىق ئويۇن دەل ئوينىغۇچىلار ئۆزلىرى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ رولىنى ئېلىپ ۋە تەشكىللەپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى كونترول قىلىپ، ئۇلارغا ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت، خىزمەت، ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلاردا ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تاپقۇزغان. بۇ دەل كىشىلەرگە ئەمەلىيەت تەربىيەسى ۋە ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەمەلىيەت دەرسلىكى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىزنىڭ ئىدىيە سىياسىي تەربىيەمىز تور ئويۇنلىرىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلسا مۇقەررەر ھالدا ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچالايدۇ.

تۆتىنچى، ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ تورلىشىشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، تور تارقىتىشنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، تور ۋە توردىن سىرتقى تەربىيە بىرلەشتۈرۈلگەن ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرۈپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنىڭ «مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسى» نى كۈچەيتىش كېرەك. تور ئاخىرىقى ھېساپتا يەنىلا بىر قورال، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىمۇ ئەنئەنىۋى تەربىيەلەش ئۇسۇلىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەربىيەلەش شەكلى ئەمەس. ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنى تورلاشتۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم تور ۋە توردىن سىرتقى

تەربىيەنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تور سۇپىسى ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، تور سۇپىسىدا ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ھەل قىلىپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ يېقىشلىق قىلىش كېرەك. تاۋباۋ نېمىشقا پۈتۈن دۆلەتتىكى ئەڭ چوڭ توردا سودا قىلىش سۇپىسى بولۇپ قالدى؟ سەۋەبى دەل ئۇنىڭ توردا مال سېتىۋېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدا. QQ نېمىشقا پۈتۈن دۆلەتتىكى ئەڭ چوڭ توردا ئالاقىلىشىش سۇپىسى بولۇپ قالدى؟ سەۋەبى سىز ھەر ۋاقىت ئالاقىلىشىدىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان، ئۆزئارا چۈشىنىشىدىغان دوستلىرىڭىز. ئوقۇغۇچىلارغا تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغۇزۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى تور ئىدىيە سىياسىي سۇپىسىغا ۋە تەربىيەچىگە ئىشەندۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا تور تارقىتىش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش كېرەك، ھەقىقىي ئېچىۋېتىلگەن تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى سۇپىسىنىڭ يەنە بىر تەرەپىدىكى ئادەم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان ھالەتنى ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

بەشىنچى، WEB 3. 0 نى تور ئىناۋەت مېخانىزمى ۋە تور بايلىقىنى تەقسىملەش مېخانىزمىغا باشلاپ كىرىپ، مەكتەپ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنىڭ «ئۈنۈمى»نى ئاشۇرۇش كېرەك. WEB3.0 ھەقىقىي مەنىدىكى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەمەس، بەلكى بىر ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىش بولۇپ، ئۇ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىشلىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. WEB3. 0 نىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى تور ئىناۋەت مېخانىزمى ۋە تور بايلىقىنى تەقسىملەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئىستۇدېنتلار توردىن مال سېتىۋالغاندا QQ پۇلى ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۇ ئىستۇدېنتلارنىڭ تورغا نىسبەتەن ئىشەنچىسىنىڭ تۇغۇزۇلغانلىقى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەكتەپ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسى مۇشۇ نۇقتىنى تۇتقا قىلىپ، مەكتەپ ئىدىيە سىياسىي تور سۇپىسىدا ئىناۋەت مېخانىزمى ۋە تور بايلىقنى تەقسىملەش مېخانىزمىنى يولغا قويۇشتا ئالدىدا مېڭىپ، ئىدىيە سىياسىي تەربىيەنى تور ئابونتلىرىنى تەربىيەلەش جەريانىغا سىڭدۇرۇپ، ياخشى بولغان ئىناق مەكتەپ تور مۇھىتى ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنى مەدەنىي تور ئەخلاقى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىشى، مەكتەپ تور سۇپىسىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىناۋىتىنى تىكلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ تور ئىدىيە سىياسىي سۇپىسىدا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە تەۋەلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلغاندىلا، ئاندىن مەكتەپ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە سۇپىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئۇچۇرلىرىنىڭ تارقىلىشىدىكى توسالغۇلارنى تۆگىتىش ئۈچۈن، تور تارقىتىشنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىگە ئاڭلىق ئەمەل قىلىپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە قوشۇنىنى ئەلالاشتۇرۇپ ۋە كۈچەيتىپ، ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيەسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مەكتەپ ئىدىيە سىياسىي تورىنىڭ مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئىناق مەكتەپ تور ئالماشتۇرۇش مۇھىتى يارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ ئىدىيە سىياسىي تورىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلدۇرۇش كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. 厉利亚.论高校网络思政教育队伍建设的途径[J].法制与社会 ,2011-07-25.
2. 田树学.高校网络思政教育现状与时策研究[J].辽宁科技大学学报,2013(3).
3. 陆中恺.高职学生网络思政教育信息传播障碍突破的探索[J].长春理工大学学报(社会科学版),2012(05).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 08 ـ 061 ـ 04(2017) 5878 ـ 1005

# «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نۆۋەتتىكى ۋارىسلىق قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى(1)*

نۇرمەمەت ئىمام، ئادىلە ئەمەت

(1. غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئىنستىتۇتى، لەنجۇ. 730001؛
2. قەشقەر سەنئەت مەكتىپى، قەشقەر. 844000)

قىسقىچە مەزمۇنى: پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەل ئىچى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە قېزىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى تۈرتكىسىدە «ئون ئىككى مۇقام» نى ئۆگىنىش ۋە ۋارىسلىق قىلىشقا نىسبەتەن ئەۋزەل شارائىت ھازىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى نەتىجىسىدە، رايونىمىزدا ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلار ئارىسىدا «ئون ئىككى مۇقام»نى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ماقالىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ كەسپىي «ئون ئىككى مۇقام» ئورۇنلاش مۇسابىقىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى كەسپىي «ئون ئىككى مۇقام» خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇقامچىلارنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئارقىلىق «ئون ئىككى مۇقام» ۋارىسچانلىق خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى كۆرسىتىلىپ بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئون ئىككى مۇقام؛ ۋارىسچانلىق؛ چوڭ نەغمە

## 维吾尔“十二木卡姆”传承现状调查研究报告 (1)

奴尔麦麦提 · 依马木， 阿迪拉 · 艾麦提

**摘要**：在党和政府对民间文化的传承和发扬工作的关注下，维吾尔“十二木卡姆”的学习和继承相对优越的条件已经具备，但随着经济的发展和城市化进程的加快，在青少年和青年人中对于学习维吾尔“十二木卡姆”的积极性越来越低。文章通过首届新疆专业“十二木卡姆”演唱比赛的实际情况，以及在新疆维吾尔自治区境内从事木卡姆行业的“十二木卡姆”传承人对于这次比赛的态度调查，指出了木卡姆艺术传承工作的现状。

**关键词**：十二木卡姆；传承；琼乃格曼

**Abstract:** Under the attention of the Party and the government to the inheritance and development of folk culture, the relatively favorable conditions for the study and inheritance of the “Twelve Muqam” of Uyghur have been met. But along with the economic development and the acceleration of urbanization, the enthusiasm of young people for learning Uyghur “Twelve Muqam” is getting lower and lower. By describing the actual situation of the first Xinjiang “Twelve Muqam” singing contest, this article states the attitude of the inheritor of “Twelve Muqam” engaged in the Muqam industry in the Xinjiang Uyghur Autonomous Region and analyze the inheritance status of Muqam.

**Keywords:** Twelve Muqam; inheritance; Chong Neghme

كىتابلارنى جۈملىگە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: J607　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھەممىمىزگە مەلۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەل ئىچى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە قېزىش

---

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى سەنئەت پەنلىرى ياشلار تۈرى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي تەرەققىيات تارىخى» نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىرى. تەستىق نومۇرى: CH21917.

ئاپتورلار: نۇرمەمەت ئىمام (1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، دوكتورانت، ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى ۋە ئاغزاكى ئورۇنلاش سەنئىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ئادىلە ئەمەت (1983 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، دوكتورانت، ئۇيغۇر سەنئىتى تەتقىقاتى ۋە جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، «ئون ئىككى مۇقام» دىن ئىبارەت بۇ ئەل ئىچى سەنئىتىنى ئۆتكۈر ۋە روشەن مەسئۇلىيەتچانلىق قارىشى بىلەن تونۇپ بايقىشى ئاساسىدا، خىلمۇخىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان «ئون ئىككى مۇقام» قايتا يورۇقلۇققا چىقىپ، 1950 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلغىچە تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق مۇقامچىلار ئۈرۈمچىگە ئىككى قېتىم تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىنىپ «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق ئۈنگە ئېلىنىۋېلىندى[1]. 1956 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۇردى تەۋەككۇل ۋاپات بولدى. ئۇ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ مىراسنى بىزگە، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئىچىدە ئارزۇ ـ ئارمىنى يوق ھالدا بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى. ئەگەر بىز يەنە بىر نەچچە يىل كېچىككىنىمىزدە، بۇ تارىخىي مىراسىمىز پەقەت «تەۋارىخى مۇسقىيون» دا خاتىرىلەنگەن تارىخ بولۇپ قالاتتى خالاس ۋە ياكى روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ ئۈنگە بەرگەن مۇقەددىمە، داستان، مەشرەپ قىسىملا قېلىپ، مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە قىسىملىرىنى بىز «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدە مەڭگۈ كۆرەلمىگەن بولاتتۇق.

ئۇلار ئورۇنلاپ ئۈنگە بەرگەن نۇسخىسى ئاساسىدا «ئون ئىككى مۇقام» نوتىغا ئېلىنىپ، 1960 ـ يىلى مۇزىكا نەشرىياتى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم بەش سىزىقلىق نوتا كىتابى نەشر قىلىندى ۋە تۇردى ئاخۇن ئورۇنلاپ بەرگەن ئەسلىي مۇقام تېكىستى كىتابى 1964 ـ يىلى ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقىتىلدى[2]. 1993 ـ يىلى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئون ئىككى توملۇق نوتا كىتابى ۋە تېكىست كىتابى نەشر قىلىندى. شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئورۇنلىشىدا ئون ئىككى يۈرۈش ئۈنئالغۇ لېنتىسى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. 1997 ـ يىلىغا كەلگەندە 3 ـ قېتىملىق تولۇقلانغان، رەتلەنگەن 13 توملۇق «ئون ئىككى مۇقام ۋە ئىشرەت ئەنگىز مۇقامى» نىڭ نوتا كىتابى ۋە تېكىست كىتابى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. 2002 ـ يىلى مۇشۇ نۇسخىسى ئاساسىدا CD، DCD پىلاستىنكىلىرى ئىشلەپ تارقىتىلىپ، «ئون ئىككى مۇقام» نى ئۆگەنگۈچىلەرگە، ئۆگىنىشكە كۈچلۈك بولغان ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇندى. «ئون ئىككى مۇقام» سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىشتا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، 1996 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا مەخسۇس مۇقام ئورۇنلاش كەسپى بويىچە، مۇقام سىنىپى ئېچىلىپ[3] «ئون ئىككى مۇقام» نى ھەقىقىي تۈردە قۇتقۇزۇش، قوغداش، تەتقىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش بولدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان مۇقام كىتابى ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئاساسىدا مۇقام ئۆگىنىشنى كۆلەملەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ئۆمەكلەردىمۇ ئەڭ كەم دېگەندە بىر ـ ئىككى مۇقامچى بار ھالەت شەكىللەندۇردى ۋە بۇ مۇقامچىلار ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بىر ـ ئىككى مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسى ياكى بىر نەچچە داستان ئاھاڭلىرىنى، ئوقۇيالايدىغان ھالەت شەكىللەندى. شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى توققۇز قاراردا جەمئىي 180 گە يېقىن ياش مۇقام ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئەينى يىلى بەش ئادەمگە يەتمىگەن ساناقلىقلا مۇقامچى قالغان ھالەتتىن، 50 يىل ئىچىدە مۇشۇنداق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. گەرچە يۇقىرىقىدەك خىزمەتلەرنىڭ ئىشلىنىشى تۈرتكىسىدە، «ئون ئىككى مۇقام» نى ئۆگىنىش ۋە ۋارىسلىق قىلىشقا نىسبەتەن ئەۋزەل شارائىت ھازىرلانغان بولسىمۇ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى نەتىجىسىدە رايونىمىزدا، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلار ئارىسىدا «ئون ئىككى مۇقام»نى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جانلاندۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ياش مۇقام ۋارىسلىرىنى قېزىپ چىقىش، مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسەرلىرىنى خەلققە نامايان قىلىش، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى «ئون ئىككى مۇقام» ئورۇنلىغۇچىلارنىڭ ئورۇنلاش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش سەھنىسى ھازىرلاش مەقسىتىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئۆتكۈزۈشىنى ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كەسپىي «ئۇن ئىككى مۇقام ئېيتىش مۇسابىقىسى» 2016 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى مۇقام ئانسامبىلىدا ئۆتكۈزۈلدى .

تۆۋەندە بۇ قېتىملىق «ئۇن ئىككى مۇقام» ئورۇنلاش مۇسابىقىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋسىدىكى كەسپىي «ئۇن ئىككى مۇقام» خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇقامچىلارنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئەھۋالى ۋە «ئۇن ئىككى مۇقام» نىڭ نۆۋەتتىكى ۋارىسچانلىق خىزمىتىگە نەزەر تاشلايمىز :

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە ھەر دەرىجىلىك ئىدارە - ئورگانلار، مەكتەپلەر بىر تۇتاش ماھىر تەۋسىيە قىلىپ تىزىملىتىش، نەق مەيداندا ئورۇنلاش شەكلىدە، ياشلار ۋە چوڭلار گورۇپپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقىگە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋسىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيەلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمەك ئارتىستلىرى، مۇقام خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، رايونىمىز تەۋسىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى مۇقام خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ۋە ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 89 نەپەر ماھىر قاتناشتى .

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە ھەر بىر ماھىر ئىككىدىن نومۇر تەييارلاپ ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، 89 نەپەر ماھىرنىڭ مۇسابىقىگە تەييارلاپ كەلگەن نومۇرى جەمئىي 178. ئۇلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: (چوڭلار گورۇپپىسىدىن ئىككى نەپەر ماھىر مۇسابىقە جەريانىدا مۇسابىقىدىن ۋاز كېچىپ جەمئىي 87 نەپەر ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى).

(1) مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ جىنس قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، 89 نەپەر ماھىر ئىچىدە 56نەپەر ئەر، 33 نەپەر ئايال ماھىر بار بولۇپ، ئەر ماھىرلار سانى ئومۇمىي ماھىرنىڭ 62.92% نى، ئايال ماھىرلار سانى 37.07% نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇقام ۋارىسلىرى ئىچىدە ئەر مۇقامچىلار يەنىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بىراق ئايال مۇقامچىلارنىڭ سانى جەھەتتىنمۇ كۆرۈنەرلىك ئېشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز .

(2) مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، 89 نەپەر ماھىر ئىچىدە 88 نەپەر ئۇيغۇر، 1 نەپەر خۇيزۇ ماھىر بولۇپ، ئۇيغۇر ماھىرلار ئومۇمىي ماھىرنىڭ 98.88% نى، باشقا مىللەت ماھىرلىرى 1.12% نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇقام ۋارىسلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر مۇقامچىلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بىراق باشقا مىللەت سەنئەتكارلىرىنىڭمۇ ئۇيغۇر مۇقامىنى ئۆگىنىشكە باشلىغانلىق ۋەزىيىتىنى ھېس قىلالايمىز .

(3) مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ ياش قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، 89 نەپەر ماھىر ئىچىدە 20 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ياشلار 65 نەپەر، 40 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغانلار 23 نەپەر، 60 ياشتىن يۇقىرى پېشقەدەملەر 1 نەپەر بولۇپ، ياش ماھىرلار ئومۇمىي ماھىرنىڭ 73.03% نى، ئوتتۇرا ياش ماھىرلار 25.84% نى، پېشقەدەم ماھىرلار 1.12% نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇقام ۋارىسلىرى ئىچىدە ياش مۇقام ۋارىسلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، مۇقام ۋارىسلىرىنىڭ ياشلىشىش نىسبىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك يۇقىرىلاۋاتقانلىقىنى، ئوتتۇرا ياش ۋە پېشقەدەم ماھىرلارنىڭ سانىنىڭ نىسپىي تۆۋەنلەپ كېتىپ بارغانلىقى، بولۇپمۇ پېشقەدەم ماھىرلارنىڭ تۈگەپ كېتىشىدەك خەۋپ ئىچىدە تۇرىۋاتقانلىقىدەك ۋەزىيىتىنى ھېس قىلالايمىز .

(4) مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىدىن قارىغاندا، 89 نەپەر ماھىر ئىچىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ماھىرلار 8 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تولۇق كۇرس مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ماھىرلار 36 نەپەر، ماگىستىر ئاسپىرانت مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ماھىرلار 3 نەپەر بولۇپ، ئاساسىي مائارىپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ماھىرلار ئومۇمىي ماھىرلارنىڭ 8.99% نى، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ماھىرلار % 91.01 نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى مۇقام ۋارىسلىرى ئىچىدە ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن مۇقام ۋارىسلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، مۇقام ۋارىسلىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئۇستاز ـ شاگىرت تەربىيەلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇقام ۋارىسلىرى يېتىشتۈرۈش ھالىتىدىن، ئىلمىي، سىستېمىلىق ھالدا مائارىپ تەربىيەسى ئاساسىدا تەربىيەلىنىۋاتقانلىقىدەك ۋەزىيەتنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ۋە كۆرۈنەرلىك يۇقىرىلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز .

(5) مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ تەييارلىغان ئاھاڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە:

1 ـ جەدۋەل. مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ تەييارلىغان ئاھاڭ قۇرۇلمىسى

| تەييارلىغان ئاھاڭ تۈرى | مۇقەددىمە | چوڭ نەغمە 28 | | | | | | داستان | مەشرەپ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تەئەززە | نۇسقا | مۇستەھزاد | يارىم ساقى | جۇلا | كىچىك سەلىقە | | |
| ئاھاڭ سانى | 63 | 6 | 8 | 3 | 1 | 7 | 3 | 83 | 4 |
| ئىگىلىگەن | | 3.37% | 4.49% | 1.69% | 0.56% | 3.93% | 1.69% | | |
| نىسبىتى | 35.39% | 15.73% | | | | | | 46.63% | 2.25% |

مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ تەييارلىغان ئاھاڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا(1 ـ جەدۋەل)، چوڭ نەغمە قىسمىدىكى سەنەم، چوڭ سەلىقە، ئابۇچەشمە، پىشرەۋ، تەئكىد قاتارلىق ئاھاڭلاردىن بىرسىمۇ يوق. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇقام ۋارىسلىرىغا ئاساسلىقى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇقەددىمە ۋە داستان قىسمى ئومۇملىشىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەنلىكى، «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئاھاڭلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان چوڭ نەغمە ۋە مەشرەپ قىسمى ئاھاڭلىرىنىڭ بارغانسېرى ئورۇنلاشتىن قېلىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقانلىقىدەك ۋەزىيەتنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ۋە كۆرۈنەرلىك يۇقىرىلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز .

(6) مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا، 89 نەپەر ماھىر ئىچىدە مۇقام كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 20 نەپەر، ئوقۇتقۇچى 8 نەپەر، كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى ئارتىسلىرى 41 نەپەر، مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمەتچىسى 9 نەپەر، ئەل ئىچى سەنئەتكارى 11 نەپەر بولۇپ، مەخسۇس مۇقام كەسپى ئوقۇغۇچىلىرى %22. 47 نى، كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى ئارتىسى %07. 46 نى ئىگىلەپ، كەسپىي «ئون ئىككى مۇقام» خادىملىرى ئومۇمىي قاتناشقان ماھىرلارنىڭ %68. 54 نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇقام ۋارىسلىرى بۇرۇنقىدەك ئەل ئىچىدە «ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى» ھالىتىدىن، كەسپىي ئۆمەك ۋە مائارىپ تەربىيەلەش ئورۇنلىرىدا ئىلمىي، سىستېمىلىق ھالدا سەنئەت مائارىپى تەربىيەسى كۆرگەن «كەسپىي مۇقام ۋارىسلىرى» ھالىتى شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ۋە مەلۇم نىسبەتتە كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز .

(7) ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ماھىرلارنىڭ سانى جەھەتتە:

2ـ جەدۋەل. ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ماھىرلارنىڭ سانى

| رايون | | قاتناشقان ئادەم سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|
| خوتەن ۋىلايىتى 1 | خوتەن شەھىرى | 1 | 1.12% | |
| قەشقەر ۋىلايىتى 12 | قەشقەر شەھىرى | 2 | 2.25% | 13.48% |
| | كونىشەھەر ناھىيەسى | 1 | 1.12% | |
| | يەكەن ناھىيەسى | 8 | 8.99% | |
| | پوسكام ناھىيەسى | 1 | 1.12% | |

www.uyghurkitap.com



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ ۋىلايىتى 14 | ئاقسۇ شەھىرى | 7 | 7.87% | 15.73% |
| | ئۇچتۇرپان ناھىيەسى | 3 | 3.37% | |
| | توقسۇ ناھىيەسى | 1 | 1.12% | |
| | شايار ناھىيەسى | 1 | 1.12% | |
| | كۇچار ناھىيەسى | 1 | 1.12% | |
| | ئاۋات ناھىيەسى | 1 | 1.12% | |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 6 | بۇگۇر ناھىيەسى | 1 | 1.12% | 6.74% |
| | چاقىلىق ناھىيەسى | 1 | 1.12% | |
| | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى | 4 | 4.49% | |
| تۇرپان شەھىرى 2 | تۇرپان شەھىرى | 2 | | 2.25% |
| قۇمۇل شەھىرى 1 | قومۇل شەھىرى | 1 | | 1.12% |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى 15 | غۇلجا شەھىرى | 4 | 4.49% | 16.85% |
| | غۇلجا ناھىيەسى | 6 | 6.74% | |
| | قورغاس ناھىيەسى | 4 | 4.49% | |
| | كۇنەس ناھىيەسى | 1 | 1.12% | |

ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ماھىرلارنىڭ ساندىن قارىغاندا(2 ـ جەدۋەل)، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ مەركىزى ھېسابلانغان ئۈرۈمچى شەھىرى مۇقام ۋارىسلىرىنى تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈشتىمۇ كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان ۋە مونوپوللىقنى شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلانغان قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا مۇقامچىلارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئازلاۋاتقانلىقىدەك ھەقىقەتنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز .

(8) مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ ئاھاڭنى ئىگىلىشى جەھەتتە:

3ـ جەدۋەل. مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ ئاھاڭنى ئىگىلەش ئەھۋالى

| ۋەزىپىسى / ئاھاڭ | ئوقوغۇچى | ئوقۇتقۇچى | كەسپىي ئۆمەك ئارتىسى | مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمەتچىسى | ئەل ئىچى سەنئەتكارى |
|---|---|---|---|---|---|
| مۇقەددىمە ( 63) | 13 | 7 | 25 | 9 | 9 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 20.63% | 11.11% | 39.68% | 14.29% | 14.29% |
| چوڭ نەغمە ( 28) | 11 | 0 | 10 | 6 | 1 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 39.29% | 0% | 35.71% | 21.43% | 3.57% |
| داستان (83) | 15 | 9 | 46 | 3 | 10 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 18.07% | 10.84% | 55.42% | 3.61% | 12.05% |
| مەشرەپ (4) | 1 | 0 | 1 | 0 | 2 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 25% | 0% | 25% | 0% | 50% |

مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭىنى ئىگىلەش قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا (3ـ جەدۋەل )، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇقام ۋارىسلىرى ئىچىدە «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇقەددىمىسى ئاساسلىقى كەسپىي ئارتىسلار ئارىسىدا، چوڭ نەغمە قىسمى، كەسپىي ئارتىسلار ۋە ئوقۇغۇچى مۇقام ۋارىسلىرى ئارىسىدا، داستان قىسمى كەسپىي ئارتىسلار ئارىسىدا، مەشرەپ قىسمى ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى ئارىسىدا كۆپرەك ئومۇملىشىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

(9) مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەر قايسى يۇرتتىكى ماھىرلارنىڭ ئاھاڭنى ئىگىلىشى جەھەتتە:

4 ـ جەدۋەل. مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەر قايسى يۇرتتىكى ماھىرلارنىڭ ئاھاڭنى ئىگىلەش ئەھۋالى

| يۇرتلار / ئاھاڭلار | خوتەن ۋىلايىتى | قەشقەر ۋىلايىتى | ئاقسۇ ۋىلايىتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | تۇرپان شەھرى | قۇمۇل شەھرى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئۈرۈمچى شەھرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇقەددىمە( 63) | 0 | 12 | 3 | 3 | 4 | 0 | 16 | 25 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 0% | 19.05% | 4.76% | 4.76% | 6.35% | 0% | 25.40% | 39.68% |
| چوڭ نەغمە (28) | 0 | 3 | 5 | 3 | 0 | 0 | 3 | 14 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 0% | 10.71% | 17.86% | 10.71% | 0% | 0% | 10.71% | 50% |
| داستان (83) | 2 | 8 | 20 | 6 | 0 | 2 | 9 | 36 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 2.41% | 9.64% | 24.10% | 7.23% | 0% | 2.41% | 10.84% | 43.37% |
| مەشرەپ( 4) | 0 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 2 | 1 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 0% | 25% | 0% | 0% | 0% | 0% | 50% | 25% |

مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىنىڭ ھەر قايسى يۇرتلارغا تارقىلىش ئەھۋالى قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا(4 - جەدۋەل)، «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، ئىلى ۋە قەشقەر رايونلىرىدا، چوڭ نەغمە قىسمى ئۈرۈمچى رايونىدا، داستان قىسمى ئۈرۈمچى، ئاقسۇ رايونلىرىدا، مەشرەپ قىسمى غۇلجا رايونىدا كۆپرەك ئومۇملاشقانلىقتەك ۋەزىيەتنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز .

(10) ماھىرلار ئورۇنلىغان ئاھاڭ قۇرۇلمىسى.

5 ـ جەدۋەل. ھەر قايسى يۇرتلاردىكى ماھىرلار ئورۇنلىغان ئاھاڭ قۇرۇلمىسى

| رايون | مۇقەددىمە | چوڭ نەغمە | داستان | مەشرەپ |
|---|---|---|---|---|
| خوتەن ۋىلايىتى( 2) | 0 | 0 | 2 | 0 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 0% | 0% | 100% | 0% |
| قەشقەر ۋىلايىتى( 24) | 12 | 3 | 8 | 1 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 50% | 12.5% | 33.33% | 4.17% |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى (28) | 3 | 5 | 20 | 0 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 10.71% | 17.86% | 71.43 | 0% |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى(12) | 3 | 3 | 6 | 0 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 25% | 25% | 50% | 0% |
| تۇرپان شەھرى (4) | 4 | 0 | 0 | 0 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 100% | 0% | 0% | 0% |
| قۇمۇل شەھرى( 2) | 0 | 0 | 2 | 0 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 0% | 0% | 100% | 0% |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى (30) | 16 | 3 | 9 | 2 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 53.33% | 10% | 30% | 6.67% |
| ئۈرۈمچى شەھرى ()76 | 25 | 14 | 36 | 1 |
| ئىگىلىگەن نىسبىتى | 32.89% | 18.42% | 47.37% | 1.32% |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەر قايسى يۇرتتىكى ماھىرلارنىڭ ئىگىلىگەن ئاھاڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا(5 - جەدۋەل)، «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىنىڭ ئىچىدە مەشرەپ ئاھاڭىنىڭ ھەر قايسى رايونلارغا تارقىلىش ھالىتىدە ئومۇميۈزلۈك ياسىسىپ ھالەتتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. قالغان مۇقەددىمە، چوڭ نەغمە، داستان ئاھاڭلىرىنىڭ قەشقەر، بايىنغولىن، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق رايونلاردا نىسپىي تەكشى تارقالغان بولسىمۇ بەزى رايونلاردا بولۇپمۇ، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قومۇل، قاتارلىق رايونلىرىدا مەلۇم بىر خىل ئاھاڭنىڭ مەركەزلىك ئومۇملىشىپ قالغانلىقى، يەنە مەلۇم ئاھاڭ قىسىملىرىنىڭ ئاساسەن يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىدەك ھادىسىدىن بىزگە بېشارەت بېرىدۇ [5].

يۇقىرىقىلاردىن بىز شۇنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىزكى، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى كەسپىي مۇقام خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاساسىي قوشۇن، ئاساسىي كۈچ بولغان يۇقىرىقى مۇقامچىلارنىڭ مۇقام ئۆگىنىشكە، جۈملىدىن چوڭ نەغمە ئۆگىنىشكە، ئۇنى ئورۇنلاشقا، ئۇنى قوغداپ ۋارىسلىق قىلىشقا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشكە تۇتقان پوزىتسىيەسى، قىزغىنلىقى مۇشۇ دەرىجىدە سۇس، تۆۋەن بولغىنىدىن قارىغاندا، ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكار، ئەل ئىچىدىكى مۇقامچىلارنىڭ ھالىتىنى پەرەز قىلىشىمۇ ئانچە تەسكە توختىمايدۇ. كىشىنى ئەڭ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلغان تارىخىي بۆشۈكى بولغان قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە مۇقامچىلارنىڭ، مۇقام خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئازلاپ كېتىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرماي قالمايدۇ. يەكەن ناھىيەسىدىن كەلگەن خەلق سەنئەتكارى نۇسرەت ئوبۇلنىڭ ئېيتىشىچە، يەكەن ناھىيەسى تەۋەسىدە مۇقام ئېيتىشنى بىلىدىغان ياشقا چوڭ مۇقامچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، ھازىر بارلىرىمۇ ياشتا چوڭىيىپ قالغان، سانى جەھەتتىنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئازلاپ كەتكەن. نۇرغۇن ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا مۇقامدىن ئىبارەت بۇ كىلاسسىك ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتىگە بولغان قىزىقىش يوق، بۇنى كونا، زامانغا لايىق ئەمەس دەپ قاراپ، ئۆگىنىشنى، ئاڭلاشنى خالىمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن، ھەتتا بىرنەچچە ئەۋلاد مۇقامچىلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرىمۇ ئەجدادلارنىڭ بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسىنى قوغداشنى، ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بېسىشنى خالىمىغان، بۇ ھال قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ھادىسە بولۇش ئېھتىمالىغا ئىنتايىن يېقىن. بۇنى يەنە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساق بولىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە كەلگەن مۇقامچىلارنىڭ 82% تىن كۆپرەكى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ مۇقەددىمە ۋە داستان قىسىمىنى تەييارلىغان. ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى چوڭ نەغمە ئاھاڭ قىسىملىرىنى ئادەتتە كۆپ ئورۇنلاپ تۇرمىغاچقا ئۇنۇتقان ياكى ياخشى بىلمىگەچكە تەييارلىمىغان، ئورۇنلاشقا كۆزى يەتمىگەن. چوڭ نەغمە قىسمى ئاھاڭىنى سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇقام سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە كەسپىي ئارتىسلاردىن باشقىلار ئاساسەن ئورۇنلىمىغان. دېمەك «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىنى ئاشۇ ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچى مۇقام ۋارىسلىرى ۋە كەسپىي ئارتىسلاردىن باشقىلار ئانچە كۆپ بىلمەيدۇ، دەپ قىياس قىلساق بولىدۇ، ئوچۇقنى ئېيتقاندا چوڭ نەغمە قىسمى ئەل ئارىسىدا يوقىلىشقا يۈزلەنگەن .

بۇ ھال ئەينى يىلى قەشقەردىن «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىلى رايونىغا ئېلىپ بېرىپ تارقاتقان قەشقەرلىك مۇھەممەت موللا (كاروشاڭ ئاخۇنۇم) نىڭ غۇلجا رايونىغا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ پەقەت داستان ۋە مەشرەپ قىسمىنىلا ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭ نەغمە قىسمىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدەك تارىخىي ئاچچىق ساۋاقنى كىشىنىڭ ئېسىگە سالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، 1870 - يىللاردا مۇھەممەت موللا «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىلى رايونىغا ئېلىپ بارغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بەلكىم «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسىملىرىنىمۇ ياخشى بىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجا رايونىدىكى خەلقنىڭ، مۇقام ئاڭلىغۇچىلارنىڭ، مۇقام ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ، ئېستېتىك ئېھتىياجى تۈپەيلى چوڭ نەغمە قىسمى بارغانسېرى ئىلى رايونىدا ئورۇنلاشتىن

قىلىپ، پەقەت مۇقەددىمە، داستان ۋە مەشرەپ قىسمىلا ئورۇنلانغاچ، چوڭ نەغمە قىسمى ئۇنتۇلغان بولۇشى مۇمكىن[6]. مۇشۇ بويىچە تەھلىل قىلايلى دېسەك چوڭ نەغمە ئاھاڭلىرىدىن، رىتىم ۋە مېلودىيەلىرى نىسبەتەن ئاددىيراق بولغان جۇلا، سەنەم، قاتارلىق رىتىم ۋە مېلودىيەسى داستان، مەشرەپ ئاھاڭلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن يېقىنلىشىدىغان ئاھاڭلاردىن ھېچبولمىغاندا بىرەر ـ ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرى بولسىمۇ ساقلىنىپ قېلىنماسلىقى تازا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەت موللىنىڭ، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى چوڭ نەغمە ئاھاڭ قىسمىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى ياكى ياخشى ئۆزلەشتۈرمىگەنلىكى ۋە ياكى ئۇنۇتقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى كەسپىي «ئون ئىككى مۇقام» ئورۇنلاش مۇسابىقىسىدىكى ماھىرلارنىڭ مۇسابىقىگە تەييارلىغان نومۇرلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كەسپىي مۇقام خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار ئارىسىدا چوڭ نەغمە قىسمىنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس، ئورۇنلاش بارغانسېرى ئازايغان، ئۇنتۇشقا باشلىغان، ئوچۇقنى ئېيتقاندا چوڭ نەغمە ئاھاڭلىرىنىڭ ئەل ئىچىدە يوقىلىش قەدىمى ئاللىقاچان بېسىلىشقا باشلىغان.

## ئىزاھلار:

[1] ھۇسەيىن كېرەم باھادىر: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى تۇنجى قېتىم سىنغا ئېلىش، توپلاش، نوتىسىنى خاتىرىلەش، كىتاب قىلىپ نەشر قىلىش تارىخىي جەريانى توغرىسىدا»[J] . بۇلاق، 2016 (5): 88 .

[2] يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش .

[3] جۇ جى، ئىمىن ئەھمىدى: « ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ جەۋھىرى - مۇقام »[M] . شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2007 : 226 .

[4] بۇنىڭ ئىچىدە 11 نەپىرى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ كەسپىي مۇقامچىلىرى، 27 نەپىرى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقامنى ئۆگەنگەن، ئىگىلىگەن، ۋارىسلىق قىلغان ئاساسلىق رايونى ئۈرۈمچى بولغاچقا بۇ ئىستاتىستىكىغا ئۈرۈمچى دەپ ئېلىندى .

[5] يۇقىرىقى ئىستاتىستىكىلار ئاپتورنىڭ نەق مەيدان خاتىرىسىدىن ئېلىندى .

[6] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: « ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى »[M] . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009: 329 .

## پايدىلانمىلار


1. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخىي مۇسقىييۇن»[M] . مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 .
2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن:«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»[M] . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 .
3. تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت، ئىمىن ئەھمىدى: «سەنئەت نەزەرىيە ئاساسلىرى»[M] . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 .
4. جۇجى، ئىمىن ئەھمىدى: «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ جەۋھىرى ـ مۇقام»[M] . شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2007 .
5. جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى، «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى ماقالىلەر توپلىمى (1)» [M]. جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى، 2013 .
6. ھۇسەيىن كېرەم باھادىر: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى تۇنجى قېتىم سىنغا ئېلىش، توپلاش، نوتىسىنى خاتىرىلەش، كىتاب قىلىپ نەشر قىلىش تارىخىي جەريانى توغرىسىدا»[J] . بۇلاق، 2016 (5) .


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 09 - 069 - 04(2017) 5878 - 1005

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئاچ بارس ھېكايىسى»نىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەھلىل*

رەيھانگۈل قادىر

((مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 10081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئاچ بارس ھېكايىسى» «ئالتۇن يارۇق» تىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق ئاتىلىشى («ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلگى ئاتلىغ نوم بىتىگ» - ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق يالتىراقلىق، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك) بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە دائىر تەرجىمە ئەسەر بولۇپ، جەمئىي 10 جىلد 32 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان. «ئاچ بارس» ھېكايىسى 10 - جىلدىنىڭ 26 - بۆلۈمىدىن ئېلىنغان. ئەسەرنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تەرجىمانى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ كاتتا ماھارەت بىلەن قەدىمكى خەنزۇتىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ماقالىدە «ئاچ بارس» ھېكايىسىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى؛ «ئاچ بارس ھېكايىسى»؛ تىل ئالاھىدىلىكى

## 回鹘文《舍身饲虎》的语言结构特点分析

热依汗古丽·卡地尔

**摘要：**《金光明最胜王经》是大乘佛教经典之一，回鹘文译名叫做《金色光明的最佳经王的书》。全书共由 10 卷 32 品组成。回鹘文《金光明最胜王经》由高昌时期著名的佛学家、翻译家胜光法师用高明的翻译技术将它从古代汉语翻译成回鹘语。本文将研究的《舍身饲虎》故事取自于第 10 卷，第 26 品。本文将对《舍身饲虎》的语言结构特点进行分析和归纳，从语音和形态特征的角度进行了分析和归类。

**关键词：** 回鹘文；《舍身饲虎》故事；语言特征

**Abstract:** “The Story of Hungry Tiger” is a part in the book of "suvarna-prabhāsa-sūtra". The Old Uighur version is the translation of one of the Mahayana Buddhism classics. The book consists of 10 volumes and 32 sections. “The Story of Hungry Tiger” is from the secion 26, volume 10. It was translated from ancient Chinese to Old Uighur by famous Buddhist scholar and translator Sïngqu Säli Tutung. This article analyzes and summarizes the phonetic and morphological characteristics of the story.

**Keywords:** Old Uighur; the story of hungry tiger; linguistic features

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K877　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

«ئالتۇن يارۇق» (金光明最胜王经) (تولۇق ئىسمى ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراغلىق قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلكى ئاتلىق نوم بىتىك) بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت تەرجىمە ئەسەر. ئەسلىي سانسكرىتچە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يى جىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانىدى. بەش دەۋرنىڭ كېيىنكى زامانىدا 923 - 936 يىللىرى بەشبالىقلىق ئۇيغۇر سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۇنى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: رەيھانگۈل قادىر (1993- يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان)، ئۇيغۇر تىلى كەسپىنىڭ 2017 - يىللىق ماگىستىرانتى.

بىرىنچى جىلدىغا خەنزۇچە نۇسخىدا بولمىغان «ئالتۇن يارۇق تىۋۋا ئىستىغپار ئېيتىپ گۇناھنى يۇيۇش ھەققىدە» دىگەن ھېكايە ۋە «تۆت دېۋاغا مەدھىيە»، «سەككىز مۇقەددەس جايغا مەدھىيە» كىرگۈزۈلگەن.

ئەسەردە بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك تەسىرلىك ھېكايىلەر، رىۋايەتلەر ۋە ئەقىدىلەرمۇ سۆزلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى رۇس ئالىمى مالوف تەرىپىدىن 1909 - 1911 - يىللىرى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ۋېنشۇ گوۋ يېزىسى يېنىدىكى بۇتخانىدىن قولغا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ قولغا چۈشۈرگەن نۇسخىسى كاڭشىنىڭ 26 - يىلى (مىلادىيەنىڭ 1687 - يىلى) يېزىلغان ھەمدە 1915 - 1917 - يىللىرى رادلوف ۋە مالوفلار تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇلغان. ھازىر بۇ نۇسخا رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلانماقتا.

«ئاچ بارس ھېكايىسى» 10 - جىلدىنىڭ 26 - بۆلۈمىدىن ئېلىنغان ھېكايە بولۇپ، ھېكايىدە مۇنداق ۋەقەلىك سۆزلىنىدۇ:

چامبۇدىۋىپ ئېلىدە ماھارادى ئاتلىق ئىلىك خان بار بولۇپ، ئىلىك خاننىڭ ساغلىرى ئاشلىق، خەزىنىلىرى مال - دۇنيا بىلەن تولغانىدى. ئۇ باتۇر، مەرگەن، قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئىگە بولغاچقا، تۆت ئەتراپىدىكى يەر - زېمىن ۋە خەلقلەرنى باشقۇرۇپ ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. ئۇ چوڭ ئايالىدىن ئوماق، چىرايلىق، كۆركەم ئۈچ ئوغۇل كۆرگەن بولۇپ، تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى ماھابالى[1]، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ماھادىۋى[2]، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى ماھاساتۋى[3] ئىدى. بىر كۈنى ئىلىك خان ئۈچ ئوغلى بىلەن سىرتتىكى تاغ - ئورمانلىقلارغا سەيلىگە چىقىدۇ. سەيلىنى خوشال - خورام تۈگەتكەندىن كېيىن بۇ ئۈچ شاھزادە گۈل - چېچەك ۋە يەل - يېمىشلەرنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتىسى ئىلىك خاندىن ئىجازەت سورايدۇ. ئۇلار ئورمانلىق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ ۋە تېخى يېگى

ئەنۈكلىگەن[4] (ئاسلانلىغان) بىر چىشى يولۋاسنى كۆرىدۇ. ئۇ ئاچ يولۋاس ئەنۈكلىگىلى يەتتە كۈن بولغانىدى. (ئۇ) يەتتە ئەنۈكنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا ئالغان ۋە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن قىينىلىپ، ئۇرۇقلاپ ئاجىزلىغان بولۇپ، ئۆلەر ھالەتتە ياتقانىدى. ئاكىسى ماھابالىنىڭ: «ئاچ يولۋاسنى پەقەتلا ئىسسىق قان، گۆش قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ»، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان ماھاساتۋى ئېكىن تېنىدىن ۋاز كېچىپ، ئەڭ ئۈستۈنكى مەڭگۈلۈك نىرۋانانى ئىزلەش ئۈچۈن مېھرىبان كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ ئاچ يولۋاسنى قۇتقۇزۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئاكىلىرىنىڭ قوشۇلماسلىقى ۋە ئاررزۇ - ئارمانىغا يەتكۈزمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئاكىلىرىنى يولغا سېلىۋېتىپ، قورۇپ قالغان قاتتىق قومۇشنى بويۇن تومۇرىغا سانجىپ قان چىقىرىدۇ. قان ئېقىپ يولۋاسنىڭ ئالدىغا بېرىشىغىلا يەر - زېمىن تەۋرىيدۇ؛ قاتتىق بوران چىقىپ كۆل سۈيى يۇقىرى - تۆۋەن چايقىلىدۇ؛ ئاسماندىكى كۈن (گويا) ئىلاھىي تور چىرمىۋالغاندەك قاراڭغۇلىشىپ، نۇرسىزلىنىدۇ؛ كۆك ئاسماندىن ئېپاردەك گۈل - چېچەكلەر ياغىدۇ. بۇ چاغدا ئاچ يولۋاس ماھاساتۋىنىڭ بويىندىن ئېقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ، قاننى يالاپ، گۆشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەيدۇ. ئۇنىڭ پەقەتلا قۇرۇق سۆڭەكلا قالىدۇ. ئىككى ئاكىسى يەر - زېمىندىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئىنىسىنىڭ جېنىدىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن گۇمان قىلىپ قايغۇرغان ھالدا كەينىگە يېنىپ، ھېلىقى يولۋاس ياتقان جايغا بارىدۇ. ئىنىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ قومۇشتا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى، سۆڭەك پارچىلىرىنىڭ ئۇيەر - بۇيەردە چېچىلىپ، قانلىرىنىڭ توپا بىلەن يۇغۇرۇلۇپ لاي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئازابلىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ ھوشىدىن كېتىدۇ. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈن سېلىپ يىغلايدۇ.

ئاتا - ئانىسى ماھاساتۋى تېكىننىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق قايغۇرىدۇ، ئازابلىنىدۇ، ئەس- ھوشىنى يوقىتىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. خىزمەتچىلەر سۇ پۈركۈپ، يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈپ ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ماھاساتۋىنىڭ قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۆڭەك كۆلىنى يىغىپ، كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

## 1. ئەسەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى ھەققىدە

«ئالتۇن يارۇق»نى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ (胜光法师)بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ تەخمىنەن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ 960 - 1127 - يىللىرى قوچۇ ئېلىنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن ۋە خىزمەت قىلغان كاتتا تەرجىمان ۋە مەشھۇر ئالىم. ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بولسا بېشبالىق (Bişbalik) تاڭ دەۋرىدە بېشبالىق دەپ ئاتالغان بولۇپ (ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى جىمسار ناھىيەسى تەۋەسىدە). «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»(玄奘传) («ئۇلۇغ تاڭ ۋاپىشىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېمۇ ئاتىلىدۇ). «ئالتۇن يارۇق»، «خۈيپۇنىڭ تەرجىمىھالى»، «سەككىز يۈكمەك نوم» قاتارلىق 6 پارچە مەشھۇر ئەسىرى بار. تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدىن ئۇنىڭ ئانا تىل ۋە خەنزۇ تىلىدىن باشقا سانسكرىت ۋە قەدىمكى كۇچا - قارا شەھەر تىلىغىمۇ پىششىق بىلىدىغانلىقىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن

سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ ئەينى زاماندا خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇش، خەنزۇ، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپە كۆرسەتكەن.

## 2. «ئاچ بارس ھېكايىسى» نىڭ تىل قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تەھلىل

### 1) فونېتىكا جەھەتتە

9 سوزۇق تاۋۇش بار بولۇپ، ئۇلار: a، ä، e، ı، i، o، u، ö، ü

ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار: ä، ö، ü

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: ä، ö، ü، i

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار: a، o، u، ı

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار: o، u، ö، ü

لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: a، ä، i e، ı

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى: سۆزدە ياكى سۆزگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىششىپ كېلىش ھادىسىسى.

تىل ئورنى جەھەتتىن: سۆزدە ياكى سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا بىرىنچى بوغۇمىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن كەلسە، كېيىنكى بوغۇملىرىمۇ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن كېلىدۇ؛ ئەگەر بىرىنچى بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن كەلسە، كېيىنكى بوغۇملىرىمۇ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن: közüm+üz=közümüz bol+ur=bolur

لەۋ ھالىتى جەھەتتىن: سۆزلەردە ياكى سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بولسا، ئاخىرقى بوغۇملىرىمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن كېلىدۇ؛ ئەگەر بىرىنچى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن كەلسە كېيىنكى بوغۇملىرىمۇ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن: ata+lar+ı=ataları ؛ öz+ümüz+=özümüz

تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە:
- پارتلىغۇچى: p، t، k، ḳ، b، d،
- سىيرىلاڭغۇ: s، ş، h، z، ž، ğ
- پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ: ç

22 ئۈزۈك تاۋۇش بار بولۇپ ئۇلار: b، p، t، ç، h، d، r، z، s، ş، ğ، ḳ، k، g، ŋ، l، m، n، h، v، y، ž

سۆز بېشىدىكى g، f، k، d قاتارلىقلار پەقەت كىرمە سۆزدىلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: (laçın) موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن كىرمە سۆز.

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى: سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بولسا، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ؛ ئەگەر جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: mäŋiz+lig=mäŋizlig

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار: b ، d، g، v، z، ŋ، l، m،

ž ،ğ ،y ،n ،r

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار:p، t، k، ç، s، ş، h، ķ

"t "بىلەن "d" تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىشى dädi ـ tedi

ķudı ـ ķutı

"s" بىلەن "z" تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىشى yarlıķazun

ـ yarlıķasun

«ئالتۇن يارۇق»قا ئوخشاش «ئاچ بارس ھېكايىسى»نىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇ:

① «a»، «ä » تاۋۇشلىرى e، I تاۋۇشىغا ئاجىزلاشمىغان. مەسىلەن: inilärim ataları yägäli

② ئىسىملارغا تەۋەلىك ۋە شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغان ۋاقىتتا تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسى ئارىلىقىدا (n ـ ) تاۋۇشى كۆپىيىپ قالغان، مەسىلەن: közintä hatunınta suvıntın

③ قىسمەن سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن، مەسىلەن: (oğlınıŋ) دېگەن سۆزدە oğul سۆزىگە بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى "um ـ" قوشۇلغاندىن كېيىن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىدىكى "u ـ" تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

④ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بار بولۇپ، «ئاچ بارس» ھېكايىسىدە ئاز بىر قىسىم سۆزلەر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن يېزىلغان، مەسىلەن: yüüz (يۈز، چىراي، سىيما) oot ئوت)، yeel (شامال)؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا yüz: (يۈز)، ot(ئوت)

⑤ سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن، مەسىلەن: savları tınlığlar teginlär inilär

⑥ قەدىمكى سۆزلەردە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقى ۋە بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرىدا كەلگەن d تەرەققىيات داۋامىدا بىر قىسىم سۆزلەردە ئەسلىنى ساقلاپ قالغان، يەنە بىر بۆلەك سۆزلەردە g غا ئۆزگەرگەندىن باشقا، ئومۇمەن z باسقۇچقىنى بېسىپ y غا ئۆزگەرگەن بولۇپ، «ئاچ بارس ھېكايىسى»دە بولسا d شەكلىنى ساقلاپ قالغان سۆزلەر كۆرۈلگەن، مەسىلەن: bädük ediz.

⑦ قەدىمكى سۆزلەردە سۆز ئاخىرىدا كەلگەن b تاۋۇشى تەرەققىيات داۋامىدا v نى باشتىن كەچۈرۈپ y غا ئۆزگەرگەن بولۇپ، «ئاچ بارس» ھېكايىسىدە بولسا v شەكلى بويىچە كەلگەن، مەسىلەن: suv (سۇ)

⑧ قەدىمدە بىرىنچى بوغۇمى كەڭرى ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش a ، ä دىن تەركىب تاپقان، ئىككىنچى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش u، üدىن تەركىب تاپقان قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى a، ä سوزۇق تاۋۇشلىرى كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن، yaruķ bädük

**2) مورفولوگىيە جەھەتتە:**

«ئاچ بارس»تا قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن باشقا يەنە بىر قىسىم كىرمە سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

| كىرمە سۆزلەر | مەنىسى | كىرمە سۆزلەر | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| Yoŋla ـ (خەنزۇچە) | ئىشلەتمەك، قوللانماق | rahu (سانسكرىتچە) | بىر خىل يۇلتۇزنىڭ ئىسمى |
| yaŋ (خەنزۇچە) | شەكىل، ئۇسۇل | Nom (سوغدىچە) | نوم، دىن، نىزام |
| tsaŋ (خەنزۇچە) | ئامبار، خەزىنە | ärdini (سانسكرىتچە) | گۆھەر، قىممەتلىك تاش |
| taloy (خەنزۇچە) | دېڭىز | dyan (سانسكرىتچە) | چوڭقۇر ئويلاش |
| Sansar (سوغدىچە) | بۇ دۇنيا، تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشنىڭ ئايلىنىش دەۋرى | | |

سۆز ياساش ئۇسۇلى: سۆز تومۇرىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق سۆز ياسىلىدۇ. مەسىلەن: barm+lığ=barımlığ çoğ+luķ= çoğluķ

**سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار**

تۇرغۇن سۆزدىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە: (1) "n ـ//in ـ//ın ـ//ün ـ" "un ـ"ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە. مەسىلەن: bodun (كونا ئۇيغۇر تىلىدا: خەلق)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



① "ig-" ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، «ئاچ بارس» ھېكايىسىدە قىسمەن ئورۇندا كۆرۈلگەن، مەسىلەن : elig (پادىشاھ، ھۆكۈمدار، خان، قاغان)

②"çı - " بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت ياكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنى ياسايدۇ، مەسىلەن: tapığçı (خىزمەتچى)

③"siz - " بۇ قوشۇمچە سۈپەت ياساشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىغان قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ شۇ شەيئى ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاچ بارس ھېكايىسى»دە بولسا " siz - " شەكلىدە كۆرۈلگەندىن سىرت يەنە "süz -//-suz" شەكلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن :Yağısız (دۈشمەنسىز) yokṣuz (يوقسۇل)، kärgäksiz (كېرەكسىز)

④"lük - //luk - //luğ - //lık - //lığ -"ئىسىمدىن سۈپەت، سۈپەتتىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن سۈپەتنى بىلدۈرىدۇ. سۈپەتلەرنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن ئىسىمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: küçlüg (كۈچلۈك)، körklüg (چىرايلىق، مەنزىرىلىك)

⑤"ığ-" ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، «ئاچ بارس ھېكايىسى»دە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: yıdığ (سېسىق)

⑥"ki - //gi - //ğı - " kı - رەۋىشتىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ ئىسىملارغا قوشۇلۇپ سۈپەت ياسايدۇ. مەسىلەن: küntä bükünki (بۈگۈنكى كۈندە) üstünki (ئۈستۈنكى)

پېئىلدىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

①"ig -"پېئىلدىن ئىسىم ياكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، «ئاچ بارس» ھېكايىسىدە بىر قانچە ئورۇندا كۆرۈلگەن. مەسىلەن: bilig (بىلىم)، ämig (ئەمچەك).

②" ım - //im -"پېئىلدىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، تېكىستتە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ئورنىدا كەلگەن. مەسىلەن: Atım (كونا ئۇيغۇر تىلىدا: مەرگەن).

③" - k"پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، پېئىل بىلدۈرگەن مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: yumşak (يۇمشاق)

④"gü -"پېئىلدىن ئىسىم ياكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ پېئىل بىلدۈرگەن مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملارنى ۋە ياكى سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن، yälpigü:(يەلپۈگۈچ) edgü (ياخشىلىق).

⑤"inç - "پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىلغا قوشۇلۇپ پېئىل بىلدۈرگەن مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. بىر قانچە ئورۇندا كۆرۈلگەن. مەسىلەن: säwinç (خۇشاللىق)، sakınç ( ئوي - خىيال، ھەرىكەت).

⑥"m - "پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، پېئىللارغا قوشۇلۇپ پېئىل بىلدۈرگەن مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: yemiş (يېمىش، مېۋە)

⑦" - ığ // ğ - "پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، پېئىللارغا قوشۇلۇپ پېئىل بىلدۈرگەن مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن: katığ (قاتتىق) kuruğ(قۇرۇق) issiğ (ئىسسىق)

⑧"u -"پېئىلدىن ھەم ئىسىم ھەم سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، «ئاچ بارس» ھېكايىسىدە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە رولدا كەلگەن. مەسىلەن ( tolu : تولۇق، مۇكەممەل)

تۇرغۇن سۆزلەردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە

(1) "a"ئىسىملار ۋە سۈپەتتىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، بۇ قوشۇمچە ئايرىم ئىسىملارغا ياكى بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، مەلۇم شەيئىنى ياكى بەلگىنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: yarlıka (يارلىق چۈشۈرمەك، بۇيرۇق قىلماق)

(2) "lä - "ئىسىملاردىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، بۇ قوشۇمچە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇم شەيئىنى ياكى بەلگىنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن( : sözlä سۆزلە)، nüklää (تۇغماق)

(3)"kä - "ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە. ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: irinçkä (ئىچ ئاغرىتماق)

(4)"r - " ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە. ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ئىسىم ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: bälgür (بىلىنمەك، مەلۇم بولماق)

### سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۈستىدە تەھلىل

### ئىسىم

ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى:

(1)"lar - lär//" ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بولۇپ، بىرلىك شەكىلدىكى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدۇ. «ئاچ بارس» ھېكايىسىدە ئىنتايىن كۆپ ئورۇندا كۆپلۈك قوشۇمچىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: tsaŋlar (ئامبارلار، خەزىنىلەر) tınlığlar (جانلىقلار) ataları (ئاتىلىرى)

(2)"t - " قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلۈك ئۇقۇمىنى بېرىدىغان قوشۇمچە.

tigit سۆزى tigin (شاھزادە) نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، (تېكىنلەر، شاھزادىلەر) دېگەن مەنىدە، بىراق بۇ قوشۇمچە قوشۇلغان ئىسىملارغا يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: üç tigitlär (ئۈچ شاھزادىلەر)، tört tigitlär تۆت شاھزادىلەر (✓)، (üç tigit (✓)، tört tigit (✓)

تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى:

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرى تەۋەلىگۈچىنىڭ شەخسىيىتىگە مۇۋاپىق ھالدا I شەخس، II شەخس ۋە III شەخستىن ئىبارەت ئۈچ شەخسكە بۆلۈنىدۇ؛ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۈچ شەخس بار بولۇپ، «ئاچ بارس» ھېكايىسىدە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

(1) "üm - um// - im// - m// - " ئىسىمنىڭ I شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى. مەسىلەن: oğlum (ئوغلۇم)، inim (ئىنىم)، yüräkim (يۈرىكىم)

"imiz - miz// - " ئىسىمنىڭ I شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى. كونا ئۇيغۇر تىلىدا "ümüz" - شەكلىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: oğlumuz(ئوغلىمىز)، özümüzkä (ئۆزىمىزگە)، inimiz (ئىنىمىز)

(2) "ı - si// - i// - " ئىسىمنىڭ III شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: iliki (تۇنجىسى) atı (ئىسمى) ikintisi (ئىككىنچىسى)

**كېلىش قوشۇمچىلىرى:**

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش شەكلى باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن - بەلگە كېلىش، چەك كېلىش، ئوخشاتما كېلىش، تەكلەشتۈرمە كېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت 10 خىلغا بۆلۈنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ 10 كېلىشتىن سىرت «ۋاستە كېلىش» دەپ ئاتىلىدىغان كېلىش بار بولۇپ، «ئاچ بارس ھېكايىسى»دە كۆرۈلىدۇ. ئەمما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىمىزدا «ۋاستە كېلىش» ئىستېمالدىن قالغان.

2- جەدۋەل. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش شەكىللىرى

| كېلىش نامى | كېلىش قوشۇمچىسى | مىساللار |
|---|---|---|
| باش كېلىش | - | sav سۆز |
| ئىگىلىك كېلىش | - nüŋ// niŋ - | Savniŋ سۆزنىڭ käntünüŋ ئۆزۈمنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | - ın//in - | Bodunin ئەلنى savığ سۆزنى ät özümin ئۆزۈمنى |

www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| | //uğ - //ik - //ıķ - //ığ - //ig - | |
| | ğ - //üg - | |
| يۆنىلىش كېلىش | - - kä//gä - //ķa - //ğa - | ئۆزىمىزگە Özümüzkä |
| | - //garu - //ğaru - //kärü | ئورمانلىققا Arığķa |
| | tä - //ta - // - dä//ķaru – - da | تاشقىرىغا taşğaru |
| ئورۇن كېلىش | tä - ،ta - ،- dä ،da - | دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا tıŋalı olormışta |
| | | ۋۇجۇدۇمدا ät özümtä |
| چىقىش كېلىش | - // - dä//- da //din - // - tin | جېنىدىن isig öztä |
| | ta// - tä | بىزدىن باشقا bizintä adin |
| ئورۇن - بەلگە كېلىش | daķı// - taķı// - deki// - teki - | كۆڭۈللىرىدىكى Köŋüllärtäki |
| | | ئاسماندىكى yüüzindäki kök ķalıķ |
| چەك كېلىش | taķı - | |
| ئوخشاتما كېلىش | - däk// - täk | سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك suv üzäki kärakütäg |
| تەڭلەشتۈرمە كېلىش | ça// - çä - | كۆڭۈلدىكىدەك köŋülçä |
| ۋاستە كېلىش | - ı// in - //n - | بارلىق ئادەملەر بىلەن ķamağun ünüp |
| | un// - ün// - an// - än - | سىڭىر تومۇرلار بىلەن sıŋırin tamırın |

**سان**

(1)قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "inç - //nç - "قاتارلىق قوشۇمچىلار بولسا ساناق سانلارغا قوشۇلۇپ تەرتىپ سان ياسايدۇ. مەسىلەن: üçünç (ئۈچىنچى)

(2) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بىردىن ئونغىچە بولغان سانلارنىڭ ئاتىلىشى ھازىرقى تىلىمىزدىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. مەسىلەن:iki ،üç ،tört.....لېكىن ئونلار خانىسىدىكى سانلارنىڭ ئاتىلىشى بىر قەدەر پەۋقۇلئاددە بولۇپ، ئالدى بىلەن بىرلەر خانىسىدىكى سان ئاتىلىپ، ئاندىن بىرلەر خانىسىدىكى شۇ سان تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان ئونلەر خانىسىدىكى سان ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئاتاش «ئاچ بارس ھېكايىسى»دە بىر ئورۇندا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: altı ķırķ (ئوتتۇز ئالتە)

**سۈپەت**

"ğıya - //giyä - //ķıya - " kiyä - سۈپەتنىڭ ئەركىلىتىمە دەرىجە قوشۇمچىسى بولۇپ، سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگە ئامراقلىق، كۆچەيتىش ياكى كىچىكلىتىش ھېسسىياتىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن ( birläkiyä: بىرلىكتە( ) ögükkiyämin ئومىقىم، قوزام ( körkläkiyä ( تايچىقىم) azķıya (ئازغىنە)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا: تاتلىققىنە كىچىككىنە ئازغىنە

**ئالماش**

monçulayu: كۆرسىتىش ئالماش بولۇپ، «مۇشۇنداق، ئاشۇنداق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەنبە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ munçula (مۇشۇنداق قىلماق) دېگەن پېئىلنىڭ ھال پېئىل قوشۇمچىسى - yuبىلەن تۈرلەنگەن شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان.

nägü :سوراق ئالماش بولۇپ «نېمىشقا، قانداق، نېمە ئۈچۈن» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن monçulayu sakınıp:مۇشۇنداق ئويلاپ

**پېئىل**

(1) " mä - //ma - "بولۇشسىز پېئىل بولۇپ، پېئىللارغا قوشۇلۇپ ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: barmadım (بارمىدىم)

(2) "sär - //sar - "پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى بولۇپ، پېئىلغا قوشۇلۇپ مەلۇم بىر ھەرىكەتكە قارىتا ئىككىنچى بىر ھەرىكەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا شەرت رايى قوشۇمچىلىرىدا ھەر قايسى شەخسلەر ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن : tutsar (تۇتسا) täsär

دېسە (tuysar)(تۇيسا)

(3) "ti// - di" - "پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى بولۇپ، پېئىللارغا قوشۇلۇپ ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: kälti (كەلدى) sözlidi (سۆزلىدى)

(4) "ur// - ür" - "پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى بولۇپ، ھەرىكەتنى جۈملىنىڭ گىرامماتىكىلىق ئىگىسى ئۆزى ئورۇندىماي باشقا بىر شەخسنى مەجبۇرلاش ئاساسىدا ئورۇنداتقۇزغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: yatur körür kılınur

(5) "yin// - yın" - "پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى I شەخس بىرلىك (بەزىدە كۆپلۈكنىمۇ ئىپادىلەيدۇ) قوشۇمچىسى بولۇپ، پېئىللارغا قوشۇلۇپ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ياكى ئورۇندالماسلىقىغا نىسبەتەن سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇقىنى، خاھىشىنى، تەلىپىنى، ئىلتىماسىنى، ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن bulayın : (بولاي) biläyin (بىلەي) tiläyin (تىلەي)

(6) "älim - " پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى I شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى.

مەسىلەن : ötünälim (ئۆتۈنەيلى) sözlälim (سۆزلەيلى)

(7) "ğur - " پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى II شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى. مەسىلەن: turğurup

(8) "zun - " پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى III شەخس قوشۇمچىسى.

مەسىلەن: yarlıkazun (يارلىق قىلسۇن، بۇيرۇق قىلسۇن )

(9) "ğay - " پېئىلنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ رايى قوشۇمچىسىنىڭ يەنە بىر خىلى. I، II شەخسكە قارىتىلغاندا، پېئىلنىڭ بۇ قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەن شەكلىنىڭ ئاخىرىغا شەخسكە مۇناسىپ كىشىلىك ئالماشلار قوشۇلۇپ، شەخس تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدۇ. III شەخسكە قارىتىلغاندا كىشىلىك ئالماشلار قوشۇلمايدۇ.

مەسىلەن: bolğay (بولغاي)

(10) mış - "، "miş - پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى. مەسىلەن: basmış ayatmış

(11) " - gäli"پېئىلنىڭ پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى. ئۇمۇمەن دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچىنىمۇ كۆرسىتىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن : istägeli (ئىزدىگىلى) tilägäli (تىلىگىلى)

(12) "yuk - " پېئىلنىڭ پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى. مەسىلەن: bolmayuk

(13) "gülük // - ğuluk - " پېئىلنىڭ پۈتمىگەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكى ۋە ئىشلىگۈچىنىڭمۇ شۇ ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنداشنى قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، mäŋilätgülük.

(14) "güsi - " پۈتمىگەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى بولۇپ، ئۇمۇمەن كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ikägüsi

## 3. خۇلاسە

«ئاچ بارس ھېكايىسى»دىكى بەزى سۆز تۈرلىگۈچى ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان ۋە ياكى ۋارىيانتلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئەمما كۆپ قىسىم قوشۇمچىلار تاكى بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، لۇغەت تەركىبىنى بېيىتقان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرساق تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈۋالالايمىز.

(1) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان t- قوشۇمچىسى بۈگۈنگە كەلگەندە كۆپلۈكنى ئىپادىلىمەيدىغان بولغان.

(2) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا da// - dä// - ta// - tä قاتارلىق قوشۇمچىلار چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىش ۋە يۆنىلىش كېلىشلەرنى ئىپادىلىگەن. ئەمما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا پەقەتلا ئورۇن كېلىشنى

www.uyghurkitap.com



ئىپادىلەيدۇ.

(3) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ۋاستە كېلىش» دەپ ئاتىلىدىغان كېلىش بار بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ۋاستە كېلىش» ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان.

(4) سۆپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان ğıya - //giyä - kıya - //kiyä - قاتارلىق قوشۇمچىلاردىكى y تاۋۇشى n تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا -غىنا// - قىنا// - گىنە// - كىنە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

(5) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوندىن يۇقىرى بولغان ساناق سانلارنى ئاتاش ئۇسۇلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ساناق سانلارنى ساناش ئۇسۇلى ئوخشاش ئەمەس.

(6) خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى ۋە سوغدى تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش نەتىجىسىدە ئاز بولمىغان كىرمە سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن:yäŋ ، Sansa، ažun قاتارلىقلار.

دېمەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەتقىقات جەھەتتە يەنىمۇ كەڭ بوشلۇق ھازىرلاش، ئەڭ مۇھىمى تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى، گۈزەللىكىنى ساقلاش ئۈچۈن قەدىمكى ئەسەرلەردىكى ئىشلىتىشكە بولىدىغان سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياسىشىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار:

[1] [2] [3] سانسكرىتچە ئىسىم.

[4] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يولۋاس بالىسىنى شۇنداق ئاتايدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. 张铁山. 回鹘文《金光明经》第八品研究[J]. 新疆大学学报, 1990(2).
2. 耿世民. 回鹘文“金光明最胜王经”第六卷四天王护国品研究 [J].中央民族学院学报语言文学增刊, 1986(3).
3. تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998.
4. ئىسمايىل تۆمۈر: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2014.
5. تۇرسۇن ئايۇپ، مۇھەممەترېھىم سايىت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001.
6. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى (مورفولوگىيە)»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 078 ـ 04(2017) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا باھا*

رىسالەت ئەخەت[1]، ئابدۇرېھىم راخمان[2]

(1. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 840046)
(2. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 840046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** خەلقئارادا ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقات 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلانغان ھەمدە بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. لېكىن بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقات بىر قەدەر كېيىن باشلانغان. نۆۋەتتىكى تەتقىقاتلارغا قارايدىغان بولساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە تەركىبلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك ئەمەس. بۇ ماقالىدە، ھازىرغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ ھەمدە ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ بۇ تەتقىقاتلارغا باھا بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى؛ تولدۇرغۇچى؛ باھا

**对研究维吾尔语宾语的相关评述**

热萨来提 · 艾海提，阿不都热依木 · 热合曼

**摘要：**在国际上，关于维吾尔语宾语的相关研究开始于二十世纪六十年代并取得了一定的成果，但是研究成果也存在着一些问题。在我国关于维吾尔语宾语的研究起步较晚。从目前的研究情况看，现代维吾尔语句子成分的研究成果不太明显。本文对目前国内外关于维吾尔语宾语的相关研究进行了简要评述，并从现代语言学的角度出发对该研究提出了一些个人观点。

**关键词：**现代维吾尔语；宾语；评述

**Abstract:** Outside the China, the research on the object in Uyghur began in 1960s and achieved some results. However, there are some shortcomings in the previous research. In China, the research on the object in Uyghur started a little bit later. From the current situation, we know that there are not many works on the syntactic component of a sentence in Uyghur. Therefore, this article briefly reviews current studies on the object in Uyghur and presents some personal views the of authors on this topic from the perspective of modern linguistics.

**Keywords:** modern Uyghur; object; review

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H215　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تولدۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلىكى بولۇپ، ئۆتۈملۈك پېئىلدىن بولغان خەۋەرنىڭ بىۋاسىتە قوبۇل قىلغۇچىسى. تولدۇرغۇچىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى، بەزى ئەھۋاللاردا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز ياكى بىرىكمىلەر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولالايدۇ، تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى بىر قەدەر ئەركىن بولىدۇ.

خەلقئارادا ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقات 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلانغان ھەمدە بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. لېكىن بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. نۆۋەتتىكى تەتقىقاتلارغا قارايدىغان بولساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە تەركىبلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئانچە كۆرۈنەرلىك ئەمەس. ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىغا ئائىت يېزىلغان

---

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** رىسالەت ئەخەت (1991 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ 2015 ـ يىللىق ماگىستىرانتى.

ئابدۇرېھىم راخمان (1970 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەخسۇس ئەسەر يوق دېيەرلىك. ھازىرقى بار بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىنتايىن يۈزەكى بولۇپ، پەقەت مورفولوگىيەلىك شەكىل قىسمىنى چۈشەندۈرۈش بىلەنلا چەكلەنگەن. سىنتاكسىسقا ئائىت تەتقىقات ئىنتايىن ئاز.

دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقات نىسبەتەن كېيىن باشلانغان، گەرچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمى رۇس تىلىدا يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنىپ دۆلىتىمىزگە كىرگەن تەتقىقات نەزەرىيەلىرى ۋە ماتېرىياللىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك.

دۆلەت ئىچىدىن قارىغاندا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرىدا دۆلەت ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقات ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، ئاساسلىقى تولدۇرغۇچىنىڭ ئېنىقلىمىسى، دائىرىسى، شەكىل جەھەتتىكى تۈرلىرى، بىر قىسىم جۈملە شەكىللىرىدىكى تولدۇرغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە جۈملە بۆلەكلىرىنى ئېنىقلاش قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ تەتقىقاتلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: بۇ باسقۇچ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا چەت ئەل تىلشۇناسلىرى ۋە دۆلىتىمىزدىكى تىلشۇناسلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە بۆلىكىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلگەن، بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەتقىقات يوق دېيەرلىك بولۇپ، تىل تەتقىقاتى جەھەتتە رۇس تىلى، خەنزۇ تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلغان، نەتىجىدە بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچىنى رۇس تىلى، خەنزۇ تىلىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى ۋە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلگەن. ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەتقىقات خېلى كېيىن باشلانغان، شۇڭلاشقا تىل تەتقىقاتىدىكى بەزىبىر تەقلىد قىلىش ھادىسىلىرىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن تەتقىق قىلماقچى بولغان تىلنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلماي قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشمۇ ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەتقىقاتلار، بولۇپمۇ جۈملە بۆلەكلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار دەل شۇ قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشنىڭ مەھسۇلى.

رۇسىيەلىك تۈركولوگ ۋ. م. ناسىلوف «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»[1] ناملىق كىتابىدا بىۋاسىتە تولدۇرغۇچىنىڭ ئىككى خىل شەكلىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرگەن: «تولدۇرغۇچى بولسا ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئىككى خىل شەكىلدىن تۈزۈلىدۇ: ئەگەر ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى ئېنىق بولسا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى -نى قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ، ئەگەر ئوبيېكت ئېنىق بولمىسا باش كېلىشكە ئوخشاش سۆز تومۇرى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ».

1963 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات بۆلۈمى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[2] ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئۇيغۇر تىلى تىل تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قەدەر تەپسىلىي، بىرقەدەر مۇكەممەل يېزىلغان تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ كىتابتا «تولدۇرغۇچى» ھەققىدىكى ئۇقۇم ئېنىق ئەمەس. تولدۇرغۇچىنى سىنتاكسىسلىق رولى ۋە شەكلىگە ئاساسەن بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى ۋە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلگەن. «چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدىغان سۆزلەر (بەزى ئەھۋاللاردا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ) بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن پەيت كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سۆزلەر ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى». ئۇلار ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىدە ئېنىق بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويمىغان. «ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتنى ئايرىش ھەقىقەتەن بىر قىيىن مەسىلە، ئىككىسىنى ئايرىشتا ئۇلار لېكسىكىلىق، گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەممىدە بەزى كېلىپ چىقىدىغان مەسىلىلەرنى ئاساس قىلىش كېرەك» دەپلا ئۆتۈپ كەتكەن. لېكىن جۈملىلەردە قانداق ئايرىش توغرىسىدا كونكرېت مىسال بەرمىگەن.

ئابدۇكېرىم باقى يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (مىللەتلەر نەشرىياتى. 1983 - يىلى) ناملىق كىتابىدا تولدۇرغۇچىغا مۇنداق ئېنىقلىما بەرگەن:

«جۈملىدە باش كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەرنىڭ بىردە كېلىپ ۋە ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بولۇپ، پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەك تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ»[3]. يەنى چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ دەپ قارىغان. ئابدۇكېرىم باقى تولدۇرغۇچىلارنى قايسى كېلىشتە كەلگەنلىكى ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى (چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن تولدۇرغۇچىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە ئۆتۈمسىز تولدۇرغۇچى (يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشتە كەلگەن تولدۇرغۇچى)دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلگەن. مەسىلەن: مەن بۇ خەتنى ئاكامغا يازدىم (ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى)؛ پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم (ئۆتۈمسىز تولدۇرغۇچى).

ئاپتور ئۆتۈمسىز تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشتە كېلىپ ئادەم ۋە نەرسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئۆتۈمسىز تولدۇرغۇچى، ئورۇن - جاي ۋە ۋاقىت - پەسىلنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[4] ناملىق كىتابتا تولدۇرغۇچىنى بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى ۋە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلگەن: يەنى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سۆزلەر بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى، ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىلىك ئوبيېكتىنى بىلدۈرۈپ، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن پەيت كېلىش ۋە تىركەلمىلەر بىلەن كەلگەن سۆزلەر بىردەك ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن : تۆمۈر ئوتتا تاۋلىنىدۇ، ئادەم مېھنەتتە تاۋلىنىدۇ (ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى) .

جاۋ شياڭرۇ، جۇ جىنگلار1985 - يىلى «ئۇيغۇر تىلىدىن قىسقىچە بايان»[5] ناملىق كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتابمۇ بىر قەدەر بالدۇر يېزىلغان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىغا ئائىت كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابتىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچىنى بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى ۋە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلگەن: چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سۆزلەر بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى، ئومۇمەن تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ كەينىگە ھەرخىل كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، پېئىلنى تولۇقلاش چۈشەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان ۋاسىتىلىك ئوبيېكت ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن: ماڭا بىر قەلەم بېرىڭ. بۇ جۈملىدە «ماڭا» دېگەن سۆز ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن.

1980 - يىللاردىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىغا ئائىت كىتابلار كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنغان. گەرچە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان تىلشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەردە تولدۇرغۇچىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن تولدۇرغۇچىغا بولغان قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچىنى بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى ۋە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلگەن. بۇ ۋاقىتتىكى تالاش - تارتىش ئاساسەن ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە دائىرىسى مەسىلىسىدە بولغان. لېكىن تىلشۇناسلارنىڭ ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى قاراشلىرى چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش، ئىنچىكە تەرەپلەردىن پەرقلىنىدۇ، يەنى يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن پەيت كېلىش بىلەن كەلگەن سۆزلەرنى ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بولىدۇ دەپ ئېنىقلىما بەرگەن.

بۇ ۋاقىتتىكى تەتقىقاتنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان تىلشۇناسلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ كونكرېت تىل شارائىتىنى ئاساس قىلماي، رۇس تىلى، خەنزۇ تىلىنىڭ تىل نەزەرىيەلىرىگە تەقلىت قىلغان، بىر - بىرىنىڭكىنى تەقلىد قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ نۇرغۇن، تەكرارلاش خاراكتېرىدىكى تەتقىقاتلار بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تىلشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى ۋە ئۆتۈمسىز تولدۇرغۇچى، بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى ۋە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى، تولۇقلىغۇچى مەسىلىسى دەل شۇ قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشنىڭ نەتىجىسى.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1990 - يىللاردىن 2000 -

www.uyghurkitap.com



يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا مىياۋ دوگشىيا («ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»)[6]، ۋەن شېفىڭ («ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى مەسىلىلەر»)[7]، مۇھەممەد سادىق («ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى، تولۇقلىغۇچى ۋە ھالەت ھەققىدە») قاتارلىق تىلشۇناسلار تولدۇرغۇچى ھەققىدە ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار ئورتاق ھالدا مۇنداق دەپ قارىغان: «ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بولسا شەكىل. پەقەت مورفولوگىيەلا شەكىلنى ئۆلچەم قىلىپلا قالماستىن بەلكى، سىنتاكسىسمۇ شەكىلنى ئاساسلىق بەلگە قىلىدۇ. چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى (بەزى ئەھۋاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ) بىلەن كېلىدىغان سۆزلەرلا تولدۇرغۇچى بولىدۇ. ئۆتۈملۈك مەنىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارلا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سۆزلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇلار ئىش - ھەرىكەتنى قوبۇل قىلىدىغان پېئىل بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى 〈ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى〉 دەل ئۇيغۇر تىلىدا شەكىلگە سەل قاراپ مەنىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكنىڭ نەتىجىسى. ئۇيغۇر تىلىدا ھالەت پېئىلدىن بولغان خەۋەرنى چۈشەندۈرۈپ ۋە سۈپەتلەپ، مەقسەت، ماكان - زاماننى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن 〈ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى〉نى ھالەتكە تەۋە قىلىش كېرەك»، بۇ خىل قاراش ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىسى ۋە تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى زىنەپ نىياز مۇئەللىم «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتنىڭ پەرقى توغرىسىدا مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەت توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالغان. ئۇ تۇردى ئەخمەت تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى»؛ ئابدۇكېرىم باقى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»؛ شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» قاتارلىق كىتابلاردىكى «تولدۇرغۇچى بۆلەك جۈملىدە ئىش - ھەرىكەتنىڭ بولۇشىغا ۋاستە بولغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ. چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىش قاتارلىق كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملار ياكى تىركەلمە (سۆز ئارقا ياردەمچىسى) بىلەن بىرىكىپ كەلگەن ئىسىملارمۇ تولدۇرغۇچى (ئۆتۈمسىز تولدۇرغۇچى) بولىدۇ» دېگەن قاراشلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە مۇناسىۋەتلىك مىساللارنى كەلتۈرگەن. ئۆتۈملۈك پېئىل ھەممىدە تولدۇرغۇچى ھەققىدە مۇنداق ئېنىقلىما بەرگەن: ئۆتۈملۈك پېئىل ياكى ئۆتۈملۈك پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ كېلىپ، شۇ ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈملۈك پېئىل بىرىكمىلىرى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغان شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرى تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە تولدۇرغۇچى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» قوشۇلغان ئىسىم ياكى چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەن دوستۇمنى كۆردۈم؛ بىز بەش پارچە ماقالە يازدۇق.

بۇ ۋاقىتتىكى تەتقىقاتنىڭ ئالاھىدىكى شۇكى، تەتقىقاتلار بىر قەدەر ئىجادىيلىقتا ئىگە. تىلشۇناسلار باشقا تىللارغا ئائىت تەتقىقاتلارغا تەقلىد قىلىشتىن ساقلانغان ھەممىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتنى ئېنىق ئايرىش، ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىنى ھالەتكە تەۋە قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بولۇپمۇ زىنەپ نىياز ماقالىسىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتنىڭ مۇناسىۋىتى، دائىرىسى مەسىلىسىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختىلىپ، تولدۇرغۇچىنىڭ دائىرىسىنى چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ ئۆتۈملۈك پېئىلغا بېقىنىپ كەلگەن بۆلەك ئارقىلىقلا چەكلەش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ بۇ قارىشى بىرقەدەر ئىلمىيلىققا ئىگە.

ئۈچىنچى باسقۇچ: بۇ باسقۇچتىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى بىر قەدەر سىستېمىلىققا، كونكرېتلىققا قاراپ يۈزلەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. باشقا لىتىپ توختى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پايدىلانما گىرامماتىكىسى» ناملىق كىتابىدا ھاسىلاتىما گىرامماتىكا نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچىنى بىۋاستە

تولدۇرغۇچى ۋە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈش مەسىلىسىدە لىتىپ توختى مەخسۇس توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەزىلەر ‹مۇئەللىم لۇغەتنى تۇرسۇنغا بەردى› دېگەن جۈملىدىكى ‹لۇغەتنى› دېگەن سۆزنى بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى، ‹تۇرسۇنغا› دېگەن سۆزنى ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى دەپ قارايدۇ. بۇ ئېنىقكى خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلىنىڭ گىراماتىكىسىغا تەقلىد قىلغانلىق. بۇ خىل قىلىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇنداقلا ئالتاي تىللىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە ماس كەلمەيدۇ ». لىتىپ مۇئەللىم جۈملە بۆلەكلىرىنى تەھلىل قىلغاندا ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى سۆز بويىچە ئەمەس بەلكى بىرىكمىلەر شەكلىدە تەھلىل قىلىش كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: «بىز يېڭى ئۆيىمىزنى بىزىدۇق» دېگەن جۈملىنى ئىلگىرىكى گىراماتىكا كىتابلىرىدا «يېڭى» دېگەن سۆزنى ئېنىقلىغۇچى، «ئۆيىمىزنى» دېگەن سۆزنى تولدۇرغۇچى دەپ تەھلىل قىلغان، لېكىن لىتىپ مۇئەللىم «سۆز-جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا ئالدى بىلەن «يېڭى» دېگەن سۆز بىلەن «ئۆي» دېگەن سۆز بىرىكىدۇ، ئاندىن «يېڭى ئۆي» دېگەن سۆز بىرىكمىسىگە تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى ‹نى› ئۇلىنىپ كېلىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇنىڭدىن باشقا رۇن شىنخۇڭ («قوش تولدۇرغۇچىنىڭ يوقىلىشى ــ ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدىن خەنزۇ تىلىدىكى قوش تولدۇرغۇچىلىق قۇرۇلمىغا نەزەر») [8]، فاڭ شياۋخۇا («ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل»)[9] قاتارلىقلار ماقالىلىرىدە خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدىكى تولدۇرغۇچىلار ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە ئىككى تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىسىغا تەۋە تىل بولغانلىقى، سۆز تەرتىپى قاتارلىقلاردا نۇرغۇن پەرقلەر بولغاچقا خەنزۇ تىلىدىكى تولدۇرغۇچى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچىنىڭ بىرگە-بىر ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ قوش تىل ئوقۇتۇشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئابدۇرېھىم مەتنىياز «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2017 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتنىڭ پەرقى توغرىسىدا»، دېگەن ماقالىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى دەرسلىك كىتابلاردا تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتكە بېرىلگەن ئىزاھ، ئېنىقلىمىلارنىڭ بىردەك بولماسلىقى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك «بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان» مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغانلىقى، تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك مىساللارنى كەلتۈرگەن: 1993 ـ يىلى باھاۋۇدۇن نىياز تۈزگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 3 ـ يىللىقى ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىك كىتابىدا تولدۇرغۇچىغا بېرىلگەن ئېنىقلىمىنى تىلغا ئالغان ‹تۆمۈر ئوتتا تاۋلانماي پولاتقا ئايلىنالمايدۇ›، ‹ئۇلار ئىشلەشكە كەپتۇ› دېگەن جۈملىلەردىكى ‹پولاتقا›، ‹ئىشلەشكە› دېگەن سۆزلەر يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، ‹ئايلىنالمايدۇ›، ‹كەپتۇ› دېگەن پېئىلدىن بولغان خەۋەر بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىشتا باغلىنىپ، تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن. زىنەپ نىياز «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەتنىڭ پەرقى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە تولدۇرغۇچى بىلەن ھالەت توغرىسىدا توختىلىپ پەقەت چۈشۈم كېلىش بىلەنلا تۈرلەنگەن ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرلا تولدۇرغۇچى بولىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. «بۇ مەسىلىگە ئەتراپلىق قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك»، «بىز دۈشمەنلەرگە قارشى غەزەپكە كەلدۇق» دېگەن جۈملىلەردىكى «مەسىلىگە»، «دۈشمەنلەرگە» دېگەن سۆزلەرنى تولدۇرغۇچى بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى يەنە كەلتۈرۈش مۇمكىن.

بۇ باسقۇچتا سېمانتىكا، ھاسىلاتما گىراماتىكا نەزەرىيەسى، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى، كېلىش گىراماتىكىسى قاتارلىق يېڭى تىلشۇناسلىق نەزەرىيەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلغان ھەمدە بەزى تەرەپلەردىن خەنزۇ تىلىدىكى تولدۇرغۇچىلىق خەۋەر بىرىكمىسى بىلەن سېلىشتۇرغان.

www.uyghurkitap.com



ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەڭ دەسلەپتىكى رۇس تىلى، خەنزۇ تىلىدىكى تەتقىقاتلارنى ئۈلگە قىلىشتىن باشلىنىپ، بارا - بارا توغرىلىققا، ئىلمىيلىققا قاراپ يۈزلەنگەن. تىلشۇناسلار ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچىنى ھاسىلاتما گىراماتىكا نەزەرىيەسى، كېلىش گىراماتىكىسى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تىلشۇناسلىق نەزەرىيەلىرىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىپ خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن بۇ تولدۇرغۇچى ئاساسىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىنىپ بولغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. قانداق سۆزلەر تولدۇرغۇچى بولالايدۇ، تولدۇرغۇچى قانداق ۋاقىتتا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، قانداق ۋاقىتتا چۈشۈپ كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، تولدۇرغۇچىنىڭ ئىگە، خەۋەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى كۆپ تەرەپتىن چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى تەتقىقاتى بىر بوشلۇق بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىلا ئەمەس بەلكى ئىككىنچى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار:


[1] قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M] .535.

[2] قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M]. 535.

[3] ئابدۇكېرىم باقى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M] . مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983: 224.

[4] تۇردى ئەخمەت، ئەنسەرىدىن مۇسا، نەسرۇللا يولبولدى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M]. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1985: 335.

[5] جاۋ شياڭرۇ، جۇ جىئېن: «ئۇيغۇرتىلىدىن قىسقىچە بايان»[M]. بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 159:1985.

[6] مياۋ دوڭشيا: «ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»[J]. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1991( 6 ).

[7] ۋەن شىفېڭ: «ئۇيغۇرتىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى مەسىلىلەر»[J]. شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007(3).

[8] رۇن شىنخۇڭ: «قوش تولدۇرغۇچىنىڭ يوقلىشى — ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدىن خەنزۇ تىلىدىكى قوش تولدۇرغۇچىلىق قۇرۇلمىغا نەزەر»[J]. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2001 ( 3).

[9] فاڭ شياۋخۇا: « ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل»[J]. تىل ۋە تەرجىمە، 1995 ( 2 ).


## پايدىلانمىلار:


1. ئابدۇكېرىم باقى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983.
2. چېن شىمىڭ، مياۋ زېيى (تەرجىمە قىلغان) : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1987.
3. چېن شىمىڭ، رازاق مەتنىياز: «ئۇيغۇر تىلى قوللىنىشچان گىراماتىكىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991.
4. لىتىپ توختى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھەمدە باشقا ئالتاي تىللىرىنىڭ ھاسىلاتما گىراماتىكا تەتقىقاتى»[M]. بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2001.
5. تۇردى ئەخمەت، ئەنسەردىن مۇسا، نەسرۇللا يولبولدى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»[M]. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1985.
6. قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى».
7. 赵相如, 赵志宁. 《维吾尔语简志》 [M].北京: 民族出版社,1985年.
8. 苗东霞. 《浅谈维吾尔语的宾语》 [J].中央民族大学学报(哲学社会科学版), 1991(6).
9. 万世丰. 《维吾尔语宾语问题研究》 [J].新疆财经学院学报,2007(3).


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)04 - 084 - 08

# «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى تاشقى قىياپەت تەسۋىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا*

مەرۋايىت مەمەتئابدۇللا

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 10081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ يۇقىرى، ۋەقەلىكىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشىنى پېرسوناژلارنىڭ قىياپەت تەسۋىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك پېرسوناژلار تاشقى قىياپەت تەسۋىرىنىڭ تەرجىمىسىمۇ پۈتكۈل ئەسەر تەرجىمىسىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ماقالىدە، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرىنىڭ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇللىرى، تەرجىمە ماھارىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ؛ پېرسوناژ تەسۋىرى؛ تەرجىمە

## 论《红楼梦》中人物外表描写的维译

麦尔瓦依提罕 · 麦麦提阿卜杜拉

**摘要：**《红楼梦》是我国古典文学中写作水平高超精湛的一部经典著作。《红楼梦》所具备的极高的艺术价值与丰富深厚的内容必然离不开人物外表描写。而它的翻译水平在整个译本中起着重要的作用。本文试结合现代翻译理论，从翻译方法、翻译技巧等方面对《红楼梦》中人物外表描写的维译进行研究、分类，尝试讨论译本中所使用的翻译技巧和翻译方法等。

**关键词：**《红楼梦》；人物外表描写；维译

**Abstract:** "A Dream of Red Mansions" is a classical work with a superb writing skill in classical Chinese literature. The high artistic value, rich and profound content of "A Dream of Red Mansions" must be inseparable from the description of the characters' appearance. The quality of the translation of characters' appearance description plays an important role in the entire translation. This paper attempts to study and classify the translation techniques and methods used in the translation of appearance description of the characters in "A Dream of Red Mansions" from the aspects of translation theories, methods and techniques.

**Keywords:** A Dream of Red Mansions; characterization; translation

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.411    ماتېرىيال بەلگىسى: A

تەرجىمە ئاددىي تىل پائالىيىتىلا ئەمەس، بەلكى ئىجادىي خىزمەت. شۇڭلاشقىمۇ كىشىلەر تەرجىمانلىق قىلىشنى «سىم ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناشقا ئوخشايدۇ» دەپ تەرىپلەيدۇ. چۈنكى، تەرجىمان ھەم «سىم ئۈستىدە ماڭالىشى» ھەم «ئۇسسۇل ئويناشنى» بىلىشى كېرەك. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە قاتناشقان ئۇستازلار دەل شۇنداق بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولغاچقا رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ سەركىسىگە ئايلاندۇرالىغان. مەزكۇر ماقالىدە مەن شۇ نادىر ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرىنىڭ تەرجىمىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدا ئاپتور

---

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** مەرۋايىت مەمەتئابدۇللا (1992 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان) خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمە كەسپىنىڭ 2016 - يىللىق ماگىستىرانتى.

فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى بايان قىلىش جەريانىدا ئەلۋەتتە پېرسوناژلار تەسۋىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولغان تەسۋىر ياخشى يېزىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش نەتىجىسىدە ئەسەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننىڭ جانلىق ۋە روشەن ئېچىپ بېرىلىشىدە ئەينەكلىك رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا ئەسەردە يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق سۈرەتلەپ كىتابخانلارنى پېرسوناژلارغا چەكسىز يېقىنلاشتۇرالايدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى تاشقى قىياپەت تەسۋىرلىرىمۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇش ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشتا مۇھىم رول ئوينىغان ئەلۋەتتە!

## 1. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى تاشقى قىياپەت تەسۋىرلىرىنىڭ تەرجىمە ئۇسۇلى

تەرجىمە مەدەنىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ سۆز تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا ھەربىر تەرجىماندا ئەسلىي تىل مەدەنىيىتى بىلەن تەرجىمە تىلى مەدەنىيىتى جەھەتتىكى پەرقلەرنى ۋە چوڭراق تېكىستلەردىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە ئوي - پىكىر پەيدا بولىدۇ. ھەربىر تەرجىمانغا مەلۇم بولغىنىدەك، ئۈچۈر يەتكۈزگۈچىنىڭ رېئال دۇنياغا بولغان تونۇشى بىلەن ئۈچۈر قوبۇل قىلغۇچىنىڭ رېئال دۇنياغا بولغان تونۇشى ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆدۈملۈك مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشى ناتايىن[1]. شۇنىڭدەك «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ نۇرغۇن مەدەنىيەت توقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر تۇغۇلغان. بۇ مەسىلىلەر تەرجىمانلار تەرىپىدىن تۆۋەندىكىدەك ھەل قىلىنغان:

### 1) ئەينەن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى

ئاتاقلىق يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس ماۋدۇن ئەپەندى: «ئەينەن (ئۆدۈل) تەرجىمە دېگىنىمىز، ‹سۆزمۇ سۆز› تەرجىمە قىلىش دېگەن سۆز ئەمەس. خەنزۇ تىلى بىلەن چەت ئەل تىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق ‹سۆزمۇ سۆز› تەرجىمە قىلىش ئەمەلىيەتتە مۇمكىن ئەمەس. ئەينەن تەرجىمىنىڭ مەنىسى، ئەسلىي ئەسەرنىڭ قىياپىتىنى بۇرمىلىماسلىق، دېگەندىن ئىبارەت. مۇبادا، ‹سۆزمۇ سۆز› تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولسا بۇ كۆڭۈلدىكىدەك تەرجىمە بولغان بولىدۇ، ‹سۆزمۇ سۆز› تەرجىمە قىلىش مۇمكىن[2] بولماي، ئانچە - مۇنچە سۆز كۆپەيتىلگەن ياكى كېمەيتىلگەن تەقدىردىمۇ، ئەسلىي ئەسەر روھىنىڭ سەككىز - توققۇز ئۈلۈشى ساقلاپ قېلىنغان بولسا، بۇنىمۇ ئەينەن تەرجىمە دېيىشكە بولىدۇ. ئەنە شۇنداق ئەينەن تەرجىمە توغرا تەرجىمە بولالايدۇ» دېگەن.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ تەرجىمىسىگە قارايدىغان بولساق، ئەينەن تەرجىمە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ئەسلىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئەسەر ئۇسلۇبى قاتارلىقلار تەرجىمە ئەسەر كىتابخانلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەرجىمىنىڭ راۋان بولۇش ئېھتىياجى بىلەن ئەسلىي مەزمۇننىڭ «سەككىز - توققۇز ئۈلۈشى» ساقلاپ قېلىنغان جايلارمۇ نۇرغۇن. مەسىلەن:

（1）敝巾旧服，虽是贫窘，然生得腰圆背厚，面阔口方，更兼剑眉星眼，直鼻权腮。（一回7页）

ئۇ ئۇچىسىدىكى ئېگىنىدىن نامراتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن تەمبەللىك، كەڭ غوللۇق، يۈزى دۈپدۈگىلەك، قاشلىرى شەمشەردەك، كۆزلىرى چاقناق، بۇرنى ئېلىپتەك، ياڭاقلىرى كەڭ ئادەم ئىدى. (1 - باب 17 - بەت)

（2）面目清秀，身材俊俏，轻裘宝带，美服华冠。（六回，57页）

ئۇ قاش كۆزى جايىدا، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ئۇستىبېشىغا چىرايلىق كىيىنگەن ۋە زىننەتلىك كەمەر باغلىۋالغانىدى. (6 - باب، 157 - بەت)

（3）只见头上皆是素白银器，身上月白缎

祆，青缎披风，白绫素裙。眉弯柳叶，高吊两梢，目横丹凤，神凝三角。俏丽若三春之桃，清洁若九秋之菊。 (68回587页)

ئۇ بېشىغا ئاپئاق كۈمۈش جابدۇق تاقىغان، ئۈستىگە ھاۋا رەڭ تاۋاردىن نىمچە، كۈمۈش كالاۋۇتۇندىن زىملىك تۇتقان قارا تاۋار جىلىتكە، ئاق دارايىدا سىيدام بەل كۆڭلەك كىيىۋالغان؛ سۆگەت يوپۇرمىقىدەك ئەگىم قاشلىرىنىڭ قۇيرۇقى ئېگىلىپ چۈشكەن، ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك كۆزلىرىگە پۈتۈن ھېس - تۇيغۇلىرى ئۇيۇشقانىدى. لاتاپەتلىكتە باھار كۈنلىرىدىكى شاپتۇل چېچىكى تەمسىل بولسا، نازاكەتلىكتە كۈز كۈنلىرىدىكى جۇخار گۈلى مىسال بولاتتى. (68 ـ باب، 197 ـ بەت)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى تەسۋىردىن تەرجىمە تىل كىتابخانلىرى ئەسلىي تىل كىتابخانلىرى بىلەن ئوخشاش تەسىرات ئالالايدۇ. كىتابخان كۆز ئالدىغا خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان ئېسىل نەسەبتىكىلەر كېلىدۇ. (3) مىسالدىكى «ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك كۆز، جۇخار گۈلى» دېگەندەك ئەسلىي تىلدىكى گۈزەل ئوخشىتىشلار تەرجىمە تىلىغا كۆچۈرۈپ كېلىنىپ تەرجىمىنىڭ مەدەنىيەت تارقىتىش رولى جارى قىلدۇرۇلغان.

**2) مەنەن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى**

مەنەن تەرجىمە دېگىنىمىز ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولغان ئاساستا، ئەسلىي تېكىستنىڭ تىل ئىپادىلەش شەكلىنى ئاساس قىلماي، بەلكى تەرجىمىنىڭ مەزمۇننى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرجىمە تېكىستتە ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. تەرجىمىدە ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىشقا بولمايدىغان، ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنسا ئەسلىي ئەسەر مەزمۇنى ياخشى ئىپادىلەنمەيدىغان ياكى بەزى خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئەھۋال ئاستىدا مەنەن تەرجىمە ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەنەن تەرجىمە ھەرگىزمۇ ئەسلىي ئەسەردىن چەتنەپ قارىسىغىلا تەرجىمە قىلىش بولماستىن، بەلكى ئەسلىي ئەسەر مەزمۇننى توغرا ئىگىلەش ئاساسىدا مەزمۇننى تۇتقا قىلىپ، شەكلىدىن ۋاز كېچىشنى كۆرسىتىدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىمۇ ئىككى تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى، كىتابخانلارنىڭ پىسخىك تونۇشىنىڭ بىردەك بولماسلىقى ھەمدە تەرجىمە تىلىدىكى بەدىئىي يۈكسەكلىكنى كۆتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلۇپ ئەسلىي مەزمۇنغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىنغان مەنەن تەرجىمىلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن:

（4）头上周围一转的短发，都结成小辫，红丝结束，共攒至顶中胎发，总编一根大辫，黑亮如漆，从顶至梢，一串四颗大珠，用金八宝坠角；身上穿着银红撒花半旧大袄，仍旧戴着项圈、宝玉、寄名锁、护身符等物；下面半露松花撒花绫裤腿，锦边弹墨袜，厚底大红鞋。越显得面如敷粉，唇若施脂；转盼多情，语言常笑。天然一段风骚，全在眉梢；平丘百种惰曝来雄瞩角．看苴外黐帚县糨好．却难知其底细。(三回28页)

ئۇنىڭ بېشىنىڭ چۆرىسىدىكى چاچلىرى تال - تال ئۆرۈلۈپ، قىزىل چىلتەكلەر چىگىلگەن، ئاندىن چوققىسىدىكى چېچىغا قوشۇپ يوغان بىر تال قىلىپ ئۆرۈلگەنىدى. يوغان تۆت دانە مەرۋايىت ۋە تۆرلۈك لەئەل - ياقۇتلار چاقناپ تۇرغان جالا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۈستىگە چاچما گۈللۈك ماش رەڭ دارايى ئىشتان، پۇتىغا كىمخابتىن پەۋاز تۇتقان قارا مەخمەل پايپاق، قېلىن چەملىك توق قىزىل خەي كىيگەنىدى. بوينىدا ئاۋۋالقىدەكلا زۇننار، ھېكمەتلىك قاشتاش، قۇلۇپ، تۇمار ۋە باشقا نەرسىلەر ئېسىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى پەردازلاپ قويغاندەك تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەن، لەۋلىرى ئەڭلىك سۈرگەندەك قىپقىزىل ئىدى، قاراشلىرىدا شوخلۇق، سۆزلەشلىرىدە يوشۇرۇن تەبەسسۇم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى تەبىئىي گۈزەللىك گويا ئەگىم قاشلىرىغا يىغىلىپ، ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ھېس - تۇيغۇلار ئۇنىڭ كۆز قىرلىرىغا جەملەشكەندەك ئىدى. ئومۇمەن ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن قارىغاندا ئىنتايىن كېلىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى دۇنياسى زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئىدى. (3 ـ باب، 73 ـ بەت)

（5）穿着几件半新不旧的衣裳，倒是一头黑鬒鬒的头发，挽着个纂，容长脸面，细巧身材，却十分催丽干净。 (24回202页)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ چوڭرە قىز ئىمكەش ئېگىن كىيگەن، قاپقارا چاچلىرىنى تۇرمەكلىۋالغان، يۈزى سوزۇنچاق، بويى زىلۋا، ئىنتايىن بەلەن، تاتلىق قىز ئىكەن. (24 ـ باب، 548 ـ بەت)

（6）见宝玉戴着束发银冠，勒着双龙出海抹额，穿着白蟒箭袖，围着攒珠银带，面若春花，目如点漆。（15回116页）

باۋيۇ بېشىغا كۈمۈش تاج قىستۇرغان ۋە ماڭلىيىغا دېڭىزدىن شۇڭغۇپ چىققان بىر جۈپ ئەجدىھا كەشتىلەنگەن ماڭلايچە چىگكەن، ئۈستىگە پىيكان يەڭلىك ئاق تون كىيگەن، بېلىگە ئۈنچە ـ مارجان بىلەن زىننەتلەنگەن كۈمۈش كەمەر باغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يۈزى خۇددى باھار چېچەكلىرىدەك گۈزەل، كۆزى گويا قارىمۇقتەك قارا ئىدى. (15 ـ باب، 314 ـ بەت)

(4) مىسالدا ئەسلىي تېكىستتە پېرسوناژنى ئۈستىدىن باشلاپ بىراقلا تەسۋىرلەپ كەلگەن، تەرجىمىدە بولسا ئاۋۋال كىيىم ـ كېچەكنى ئاندىن بويىنغا ئاسقانلىرىنى، ئاخىرىدا خاراكتېرىنى بېرىپ ئازراق رەتلەش كىرگۈزگەن. (5) مىسالدا ئەسلىي جۈملىدە پېرسوناژنىڭ ئۆزى ئۈنچە ساھىبجامال بولمىسىمۇ پاكىز يېقىشلىق ئىكەنلىكىنى مەقسەت قىلغان بولسا، تەرجىمىدە ئادەتتىكى بايان بىلەنلا نازۇك، تاتلىققىنە قىزچاقنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. (6) مىسالدىكى ئوخشىتىشتا ئەسلىي تېكىستتە «باھاردىكى گۈل، قاپقارا ئىدى» دەپلا ئېلىنغان بولسا تەرجىمە قىلغاندا تەرجىمە ئەسەر ئۇسلۇبىنىڭ ماسلىشىشى ۋە تەرجىمە تىلىدىكى بەدىئىيلىكنىڭ ۋايىغا يېتىشى كۆزدە تۇتۇلۇپ «باھار چېچەكلىرىدەك گۈزەل، گويا قارىمۇقتەك قارا» دەپ ئېلىنغان.

**3) ئېنىقلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى**

ئېنىقلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى يەنە روشەنلەشتۈرۈش، قۇرۇلمىسىنى روشەنلەشتۈرۈش، ئوچۇقلاشتۇرۇش، ئېنىق كۆرسىتىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل تەرجىمان تەرجىمە تىلىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش ئادىتى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ ئەسلىي ئەسەردىكى يوشۇرۇن كەلگەن مەزمۇنلارنى ئېنىق ئىپادىلەش، مۇھىم نۇقتىلارنى كونكرېتلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە بىۋاسىتە ھالدا تەرجىمە تىلىدا ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. تەرجىمە ئەسەرلەردىكى ئېنىقلاشتۇرۇپ ئېلىش ئۇسۇلىنى كۆپ خىل ئامىل كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭدا تىلنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئامىللىرى بولۇپلا قالماي، يەنە تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆلچىنىش قائىدىلىرى ۋە ئىككى مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى پەرق قاتارلىق ئامىللارمۇ بار[3]. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىمۇ خەنزۇ تىلىنىڭ غۇۋا مەنزىرىلەر، يوشۇرۇن مەنالار ئارقىلىق ھەقىقىي مەزمۇنىنى باغلانما تەسەۋۋۇر شەكلىدە ئىپادىلەشتەك ئۇسلۇبىنى ئېنىقلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا بىرلەشتۈرۈپ مۇۋاپىق ھالدا قايتا ئىپادىلەپ چىققان. بۇ ئارقىلىق تەرجىمە تىلىنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى خاسلىق يورۇتۇلغان. مەسىلەن:

（7）两弯似蹙非蹙罥烟眉，一双似喜非喜含露目。态生两靥之愁，娇袭一身之病。泪光点点，娇喘微微。娴静时如娇花照水，行动处似弱柳扶风。心较比干多一窍，病如西子胜三分。(三回28页)

تۇرار ئىدى ئەگمە قاشىن گويا تۇرۇپ، گويا تۇرمەي،
ئوينار ئىدى ئويچان كۆزى ۋە يا كۈلۈپ ۋەيا كۈلمەي.
نېسىپ بولمىش زىنىخ غەمكىن رۇخسارىغا،
خۇلق قوشۇپ لۇتپى يانا بىمارىغا.
چاقنايدۇ ياش دانە ـ دانە،
نەپەس ئالۇر ناتىۋانە.
تۇرۇشى گۈلناز مىسالى سۇغا ئەكسى ئورنىغان،
مېڭىشى خۇددى تالى مەجنۇندۇر شامالدا ئوينىغان.
كۆڭلىنىڭ بىر كۆزى كۆپ بىگەن بېگىمنىڭ كۆڭلىدىن،
دىلى ھەم ئۈچ ھەسسە خەستە شىشى خېنىمنىڭ دىلىدىن.
(3 ـ باب، 75 ـ بەت)

（8）头上挽着漆黑油光的髻儿，蜜合色棉袄，玫瑰紫二色金银鼠比肩褂，葱黄绫棉裙，一色半新不旧，看去不觉奢华。（八回69页）

باۋچەي پارقىراپ تۇرغان قاپقارا چېچىنى تۈرمەل قىلىۋالغان، ئۈستىگە بولسا ھەسەل رەڭ قىشلىق نىمچە، ئاق ۋە سېرىق كالاۋاتۇندىن كەشتە تىككەن قىرمىزى

جىلىتكە، سارغۇچ كۆك دارايىدىن قىشلىق پۇرمە بەل كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى، ئۇنىڭ نىمكەش كىيىملىرى ئۇنىڭچىلا پار - پۇر كۆرۈنمەيتتى، ئەكسىچە نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى. (8 - باب، 190 - بەت)

（9）袭人头上戴着几枝金钗珠钏，倒华丽；又看身上穿着桃红百子刻丝银鼠袄子，葱绿盘金彩绣绵裙，外面穿着青缎灰鼠褂。（51回430页）

شېرىنىڭ بېشىغا تاقىغان ئالتۇن جىغا، مەرۋايىتلىق تۈرگۈچلىرى پار - پۇر قىلىپ تۇراتتى؛ ئۇچىسىغا تېگى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك، گۈلى ئاق جىخەنىسىدىن تاشلانغان ئەرس جۇۋا، زەردە گۈل چېكىلگەن پىياز كۆكى كىمخاب بەل كۆڭلەك، تېشىغا كۆك تاۋار تاشلىق تىيىن كۆرمە كىيىۋالغانىدى. (51 - باب، 501 - بەت)

(7) مىسالدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بىگەن نامىلىق ۋەزىر توغرىسىدىكى رىۋايەت ئەسلى ئەسەردە ئىسمىنى ئاتاش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن، تەرجىمە قىلىنغاندا بولسا «بىگەن ۋەزىر»نىڭ كۆڭۈل كۆزىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ ئىكەنلىكى ئىزاھاتسىزمۇ ھېس قىلالايدىغان قىلىپ ئىنقلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان. كەينىدىكى مىسرادىكى يۆ بەگلىكىدە ياشاپ ئۆتكەن ساھىبجامال شىشى خېنىم توغرىسىدىكى رىۋايەتتىمۇ، ئەسلىسىدە «دېيىۋىنى شىشى خېنىمدىن ئۈچ ھەسسە ئېشىپ چۈشكىدەك» دەپ ئېلىپ، ئىككەيلەنىڭلا پەرىشان ئايالاردىن ئىكەنلىكى كىتابخان تەسەۋۋۇرىغا قالدۇرۇلغان بولسا، تەرجىمە قىلىنغاندا «دىل خەستە»دىن ئىبارەت ئۇچۇر ئىنقلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. (8) مىسالدا ئەسلى جۈملىدىكى كىيىملەرنىڭ ھەشەمەتلىك ئەمەسلىكى يېپ ئۇچى قىلىپ بېرىلگەن بولسا، تەرجىمە قىلغاندا تەرجىمە ئەسەر ئۇسلۇبىنىڭ ئىزچىللىقى ئۈچۈن «ئۇنىڭ نىمكەش كىيىملىرى ئۇنىڭچىلا پار - پۇر كۆرۈنمەيتتى، ئەكسىچە نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى» دەپ ئېلىپ باش - ئاخىرىنىڭ لوگىكىلىق باغلىنىشىنى جىپسىلىغان. (9) مىسالدا ئەسلى تېكىستتە شىرېنىڭ چىرە قىز بولسىمۇ ئېسىل جابدۇقلارنى تاقىغانلىقى غۇۋا ئىپادىلەنگەن بولسا، تەرجىمە قىلغاندا «پار - پۇر قىلىپ تۇراتتى» دېيىش ئارقىلىق ئېسىل نەرسىلەرنى تاقىۋالغانلىقى ئىنقلاشتۇرۇپ ئېيتىلغان.

### 4) ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى

ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدىمۇ مۇئەييەن خاسلىقلار بار. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدا ئەسلى ئەسەر مەزمۇنىنى، خاسلىقىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، يەنە خەنزۇ تىلىنىڭ مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا بويسۇندۇرغان، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلىنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئوخشىتىش، ئوبراز، مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەدەنىيەت ۋە تىل ئىپادىلەش ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن:

（10）第一个肌肤微丰，合中身材，腮凝新荔，鼻腻鹅脂，温柔沉默，观之可亲。第二个削肩细腰，长挑身材，鸭蛋脸面，俊眼修眉…（三回22页）

ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، سەل - پەل ئەتلىك، ئوتتۇرا بويلۇق، ئىككى مەڭزى پىشاي دەپ قالغان توغاچتەك، قاڭشىرى خۇددى ئەتىر سوپۇندەك يالتىراپ تۇرغان، مۇلايىم - جىمغۇر ، كۆرۈنۈشى يېقىملىق؛ ئىككىنچىسى، تار خامۇت يەلكىلىك، بەللىرى ئىنچىكە، بويى زىلۋا، يۈزى سوزۇنچاق، كۆزلىرى چىرايلىق، قاشلىرى قىيغاق ئىدى. (3 - باب، 58 - بەت)

（11）那人面如傅粉，唇若涂朱，鲜润如出水芙蕖，飘扬似临风玉树。（93回809页）

ئۇ كىشىنىڭ مەڭزى ئۇپا سۈرتكەندەك ئاپئاق، لەۋلىرى كەنۇۋەزدەك قىپقىزىل، تۇرقى يېڭىلا سۇدىن چىققان نىلۇپەردەك يېقىملىق، سىياقى شامالدا ئېگىلىپ تۇرغان مەجنۇنتالدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. (93 - باب، 45 - بەت)

（12）包勇身长五尺有零，肩背宽肥，浓眉爆眼，磕额长髯气色粗黑，垂着手站着。（93回811页）

باۋيۇڭ ئىككى يېرىم گەز كېلىدىغان ئېگىز بويلۇق، كەڭ غوللۇق، قويۇق قاشلىق، غورا قاپاق، ئۇزۇن زاڭاق، ساقاللىق، رەڭگىرويى قارىدىغان ئادەم

www.uyghurkitap.com



ئىدى، ئىككى قولىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. (93 ـ باب، 51 ـ بەت)

(13) 头上戴着束发嵌宝紫金冠，齐眉勒着二龙抢珠金抹额；穿一件二色金百蝶穿花大红箭袖，束着五彩丝攒花结长穗宫绦，外罩石青起花八团倭缎排穗褂；登着青缎粉底小朝靴。面若中秋之月，色如春晓之花，鬓若刀裁，眉如墨厕，面如桃瓣，目若秋波。虽怒时而若笑，即嗔视而有情。项上金螭璎珞，又有一根五色丝绦，系着一块美玉。（三回27页）

ئۇ چوققىسىغا تۇرۇلگەن چېچى ئۇستىگە ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن تاج تاقىغان؛ گۆھەر ئويناپ تۇرغان ئىككى ئەجدىھا سۈرىتى چېكىلگەن ماڭلايچە قاشلىرىغىچە تېڭىلغان؛ گۈللۈكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان رەڭدار كېپىنەكلەر چېكىلگەن پەيكان يەڭلىك يەكتەك كىيگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە رەڭدار يىپەكلەردىن پۆپۈكلەر تۈگۈلگەن بەلباغ باغلانغان؛ يەنە قۇلپى رەڭ تاۋارغا كۆتۈرمە غۇجمەك گۈللەر چېكىلگەن ۋە چۆرىسىگە قاتار قىلىپ پۆپۈكلەر تۇتقان كۆرمە يېپىنغان؛ ئايىغىغا قارا سىيدام تاۋاردىن ئاق چەملىك ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇنىڭ تولۇن ئايدەك رەڭگىرويى باھار تېڭىدا ئېچىلغان گۈللەردەك، چېكە چاچلىرى قايچا بىلەن تەكشى قىرقىلغاندەك، قاشلىرى سۈرمە بىلەن ياسالغاندەك، قاڭشىرى قول بىلەن چىمداپ قويغاندەك، كۆزلىرى ئويناق ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەزەپكە كۈلكە، كۆزلىرىدىكى نەپرەتكە مۇھەببەت ھەمراھ ئىدى، بويىنىدا بولسا مۈڭگۈزلۈك ئالتۇن ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن زۇننار، رەڭدار چىلتەككە ئۆتكۈزۈلگەن چىرايلىق قاشتاش ئېسىقلىق ئىدى. (3 ـ باب، 72 ـ بەت)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئوخشىتىشلار:

新荔 ــــ لىچى دەرىخى؛ تەرجىمىدە «توغاچ»قا ئالماشتۇرۇلغان.

鹅脂 ــــ غاز مېيى؛ تەرجىمىدە «ئەتىر سوپۇن»غا ئالماشتۇرۇلغان.

玉树 ــــ كاجىپۇت دەرىخى؛ تەرجىمىدە «مەجنۇنتال»غا ئالماشتۇرۇلغان.

五尺有零 ــــ بەش چى؛ تەرجىمىدە «ئىككى يېرىم گەز» دەپ ئېلىنغان.

墨厕 ــــ بوياق سۈركەش؛ تەرجىمىدە «سۈرمە بىلەن ياسالغان» دەپ ئېلىنغان.

## 2. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى تاشقى قىياپەت تەسۋىرلىرىنىڭ تەرجىمە ئالاھىدىلىكى

### 1) رىتىمدارلىق گۈزەللىكى يارىتىلغان

تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەر مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىش تەرجىمىدىكى قىيىن نۇقتىلارنىڭ بىرى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ ئەسلىسىدە ھەر بىر جۈملە، ھەر بىر سۆزگىچە بەدىئىي ئالاھىدىلىك سىڭگەن، پاساھەتلىك سۆزلەردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسى جۈملىنىڭ راۋانلىقىدىلا ئەمەس بەلكى، ئوقۇغاندىكى رىتىم گۈزەللىكىدىمۇ ئىپادىلەنگەن. خەنزۇ تىلىدىكى تۆت تونىنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئىنتوناتسىيەدىكى راۋانلىقتىن بارلىققا كەلگەن رىتىم گۈزەللىكىنى تەرجىمە ئەسەردە ئىپادىلەش مۇشكۈل بىر ئىش. ئەمما «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ پېرسوناژلار تاشقى قىياپەت تەرجىمىسىگە قارايدىغان بولساق، خۇددى بۇرۇنقى كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكىدەكلا ئىنتايىن راۋان، ئېغىزىمىزغا يېقىن تۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ بەزى تەرجىمە ئەسەرلەردەك تولىمۇ چۇۋالچاق، نەچچە جۈملىنى ئوقۇسىمۇ ھېچقانداق بىر مەنانى چۈشەنگىلى بولمايدىغان تۇترۇقسىز ئەمەس. شۇڭا ئەسلىي ئەسەردىكى رىتىم گۈزەللىكى تەرجىمە ئەسەردە كەم ـ كۈتىسىز ساقلانغان دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

### 2) تەرجىمە تىلى ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشلۇق ئوبرازلار قوللىنىلىپ، ئەسەرنى يېقىشلىق تۇسكە كىرگۈزگەن

ئەدەبىي ئەسەردە ئوقۇرمەنلەرنى ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تەسىرلىك، جەلپكار بولۇشى كېرەك، بۇنىڭدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا تىل ئامىلى. يۇقىرى بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى ئەلۋەتتە

ئاپتور تەرىپىدىن ھەر بىر جۈملە ھەر بىر سۆزگىچە «يەتتە كېسىپ بىر ئۆلچەش»تىن ئۆتتۈپ تاللانغان، تاۋلانغان بولىدۇ. بۇنداق مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبنى ئۆزگە بىر تىلدا قايتا ئىپادىلەپ بېرىش، ئىپادىلىگەندىمۇ دەل جايىدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەش زور كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ پېرسوناژلار تاشقى قىياپەت تەرجىمىسىدە تەرجىمە تىل ئوقۇرمەنلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىتىشلار بىلەن پېرسوناژلار تەسۋىرى بېرىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشى ئاشۇرۇلغان، ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقى ساقلاپ قېلىنغان شۇنداقلا تەرجىمە ئەسەرنى يېقىشلىق تۇسكە كىرگۈزگەن.

**3) ئەسلىي ئەسەر تىلىدىكى مەدەنىيەتنى تەرجىمە ئەسەر تىلىغا يەتكۈزۈشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان**

تەرجىمە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىي ئەسىرىدىكى ۋەقەلىكىنىلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى يەنە بىر مىللەتكە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان پائالىيەت. نوقۇل تارىخىي ۋەقەلىكنىلا بايان قىلىش ئاساس قىلىنماستىن تارىختا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ۋە تىل - يېزىق مەدەنىيىتى گەۋدىلىك نامايان قىلىنغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنى تەرجىمە قىلىشتا، مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەشلا ئەمەس بەلكى مەزمۇن ئىچىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئىپادىلەش زۆرۈر. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ پېرسوناژلار تاشقى قىياپەت تەرجىمىسىدە ھەر خىل رىۋايەت، ماقال - تەمسىللەرنى ئىزاھلاش ۋە ياكى شۇ مەزمۇننى سەل كېڭەيتىپ تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئەسلىي ئەسەردىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تەرجىمە تىلىغا تولۇق يەتكۈزۈلگەن.

**4) ئېستېتىكا گۈزەللىكى تامامەن تەگلەشكەن**

ئېستېتىك گۈزەللىك دېگىنىمىز، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئالاھىدە ئورتاق پىسخىك تەلپۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ[4]. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى ھەر قايسى جەھەتتىن خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى ئۈلگە ئەسەر سانىلىدۇ. بۇ ئەسەرنى تەرجىمە تىل ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئەسلىي تىل ئوقۇرمەنلىرىگە ئوخشاش بەدىئىي زوق ئالغۇدەك دەرىجىدە تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن تەرجىمانلار ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت ئامىللىرى ئەكس ئەتكەن سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئېسىلىۋالمىغان، بەلكى كونتېكىستتىكى ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان مەنە مايىللىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن تېپىپ چىقىپ ئەسلىي ئەسەر ئۇسلۇبىغا ماس كېلىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىسى قوللانغان. شۇڭلاشقا ئوقۇرمەنلەر پېرسوناژلار تاشقى قىياپەت تەرجىمىسىدىكى ئۆز تىل شارائىتىغا ماس كەلگەن سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملە شەكلى بىلەن يورۇتۇلغان مەنىنى دەر ھال ھېس قىلىپ، ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. دېمەك، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپەت تەرجىمىسىنى ئوقۇغان تەرجىمە تىل ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئېستېتىك زوق ئېلىش دەرىجىسى ئەسلىي ئەسەر ئوقۇرمەنلىرىدىن قىلچە قېلىشمايدۇ، ھەتتا ئېشىپ چۈشىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

تەرجىمە بىر تىلدىكى مەنىنى يەنە بىر تىلغا ئالماشتۇرىدىغان ئەمگەك بولۇپلا قالماستىن، ئۇ بىر تىلغا خاس مەدەنىيەت ئامىلىنى، ژانىر ئۇسلۇبىنى يەنە بىر تىلدا قايتا ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەقلىي ئەمگەك. تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەرنى ئۆزلەشتۈرۈش مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەدەبىي ئەسەرنى باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلغاندا، ئىككى مىللەتنىڭ ئۆزگە خاس مەدەنىيەت ئېڭى ۋە پسىخىك ساپاسىنى مۇكەممەل چۈشىنىش كېرەك. تەرجىمان تىل قاتلىمىدىكى ئىپادىلەش شەكلى، سېمانتىكىلىق مەنە ۋە تىل ئادىتىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئىككى خىل تىلنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى ئىنچىكە سېلىشتۇرالىسا ئاندىن تەپەككۇر ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۇنۇمىگە، شۇنداقلا تەرجىمە تىلدا ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئەڭ زور ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرجىمىسىدە «ئېنىقلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش» ئۇسۇلى كەم بولسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمىگە

www.uyghurkitap.com



ئوخشاش ئىپادىلەش شەكلى، لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەردىكى نۇرغۇن يوشۇرۇن مەنە، قۇر ئارىسىدىكى نازۇك ھالقىلارنى ئېنىق ئىپادىلەش تولىمۇ زۆرۈر. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى پېرسوناژلار تاشقى قىياپىتىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ ھەر بىر جۈملىدە دېگۈدەك ئەسلىي جۈملىدە قىسقارتىلغان ھەر خىل جۈملە تەركىبى ئېنىق بېرىلگەن. مۇبادا ئەسلىي ئەسەرگە زىيادە ئېسىلىۋېلىپ شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولسا، تولىمۇ چۈشىنىكسىز ۋە چۇۋالچاق سۆز دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

تەرجىمە ساھە ھەر كەسپتە ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تەرجىمە تەتقىقاتى، تەرجىمە نەزەرىيەسىنى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك. مەلۇم بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنى يەنە بىر تىلدا شۇ دەرىجىدە ئىپادىلەش تامامەن مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىغا ئوخشاش نادىر تەرجىمىلەرنى تەھلىل قىلىپ تەپەككۇر يۇرگۈزۈشىمىز، ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ بوشاشماي تىرىشىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ھەممە ساھە ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە، دۇنيا تەرەققىياتى بىلەن تەڭ ماڭىمىز، باشقىلارنى چۈشىنىمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزنى باشقىلارغا تونۇتىمىز دېيدىكەنمىز چوقۇم تەرجىمىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، تەرجىمە سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈپ تەرجىمە ساھەمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

## ئىزاھلار:


[1] ئامېرىكىلىق سېلىشتۇرما ئەدەبىيات پېشىۋاسى ۋە تەرجىمان Edwin Gentzler 艾德温.根茨勒: «ھازىرقى زامان تەرجىمە نەزەرىيەسى»[M]. شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى مائارىپ نەشرىياتى، 2004.

[2] لى ياڭۋېي: «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئەدەبىي تەرجىمىدىكى ئېنىقلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا» [J]. تىل ۋە تەرجىمە (خەنزۇچە)، 2008(1).

[3] لىياڭ ۋېي: «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئەدەبىي تەرجىمىدىكى ئېنىقلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا»[J] . تىل ۋە تەرجىمە (خەنزۇچە)، 2008(1).


## پايدىلانمىلار


1. ساۋ شۆچىن، گاۋئې: «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (خەنزۇچە)[M]. بېيجىڭ: خۇاشيا نەشرىياتى. 2006.

2. ساۋ شۆچىن، گاۋئې: «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (ئۇيغۇرچە 1 - ، 2 - ، 3 - ، 4 - توم)[M]. ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2012.

3. ئەخمەت پاسار: «تەرجىماننىڭ ئىزدىنىشى»[M]. بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007.

4. رەيھانگۈل تۇردى: «تەرجىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن بولغان ‹ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ياتلاشتۇرۇش› ئۇسۇلىدىن ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›نىڭ تەرجىمىسىگە نەزەر»[J]. تىل ۋە تەرجىمە ، 2014 (3).

5. غەيۇر ئابدۇقادىر: «‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› رومانىدىكى باب ناملىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا»[J]. تىل ۋە تەرجىمە، 2012(1).


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 04 ـ 092 ـ 04(2017) 5878 ـ 1005

# تەرجىمىدىكى سادىقلىق ۋە جانلىقلىق ھەققىدە*

شىرىنئاي نىياز

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تەرجىمە تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ تەرجىمانىنىڭ چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىپادىلەش پائالىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئۇ ماس ۋە تەڭ قىممەتلىك، راۋان ۋە توغرا بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئەسلىگە سادىق بولۇش بىلەن جانلىق بولۇشنى ئىلمىي يوسۇندا بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ماقالىدە. تەرجىمىدىكى سادىقلىق بىلەن جانلىقلىق ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تەرجىمە ؛ سادىقلىق ۋە جانلىقلىق ؛ توغرا ؛ راۋان

## 浅谈翻译中忠实性和变通性的运用

西热娜依 · 尼牙孜

**摘要**：翻译是思维的产物，它是翻译人员的理解，进行逻辑思维和表达的结合体，翻译必须适当和同等条件下做到语言通顺和准确。为了达到这个程度，在进行翻译当中，我们必须把忠实内容和灵活变通科学地相结合。本文按照这种思路，浅谈翻译中忠实性和变通性的运用。

**关键词**：翻译 ；忠实性和变通性 ；准确 ；通顺

**Abstract:** Translation is the product of thinking. It is the comprehension of translators and the combination of logical thinking and expression. Translation must be fluent and accurate under appropriate and equal conditions. To achieve this level, we must combine the fidelity and flexibility in our translation. This article follows this line of thinking and discusses the application of fidelity and flexibility in translation.

**Keywords:** translation; fidelity and flexibility; accuracy; fluency

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** H08 **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

بىز ئادەتتە تىلغا ئالىدىغان تەرجىمە پائالىيىتى ئالماشتۇرۇلماقچى بولغان ئىككى تىلنى مەنا ۋە ئىدىيە جەھەتتىن، تىل ۋە تەپەككۇر جەھەتتىن، ئۇسلۇب ۋە شەكىل جەھەتتىن توغرا، ئېنىق، راۋان قىلىپ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش جەريانى بولۇپ، ئۇ تەرجىماندىن تەرجىمە قىلىنماقچى بولغان تىلدا ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى ئەتراپلىق، چوڭقۇر چۈشىنىش ھەمدە ئۇنى تەرجىمە قىلماقچى بولغان تىلدا ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكلىك ئىككى قەدەملىك پائالىيەتنى يۇقىرى ماھارەتتە ئورۇنلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە ماس قەدەملىك ھەم تەڭ قىممەتلىك ئالمىشىش بولۇپ، بۇ تەرجىمىدە سادىق بولۇش ۋە جانلىق بولۇشتىن ئىبارەت نىگىزلىك مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەريانىدا سادىق بولۇش ۋە جانلىق بولۇش مۇتلەق بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى يەنىلا بەلگىلىك نىسپىيلىككە ئىگە بولۇپ، مۇتلەقلىق ئەسلىسىگە سادىق بولۇشنى، جانلىقلىق بولسا ئىجادىيلىقنى، ماسلىشىچانلىقنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئىككىسى ئۇتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەلىيەتتە ئىككى تىلنىڭ ماسلىشىش جەريانى بولۇپ، تەرجىمىدە بۇ ئىككىسى ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش سادىق بولۇش بىلەن جانلىق بولۇشتىن ئىبارەت تەرجىمە پرىنسىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** شىرىنئاي نىياز (1992 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتى تەرجىمە كەسپىنىڭ 2015 ـ يىللىق ماگىستىرانتى.

www.uyghurkitap.com



يەردىكى سادىقلىق مەزمۇننى، جانلىقلىق بولسا ۋاستىنى يەنى ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. «شۇڭا تەرجىمە ئاۋۋال مەزمۇن، ئاندىن شەكىل ـ ئۇسلۇب جەھەتتىن ماس ۋە تەڭ قىممەتلىك ئالمىشىشنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىشى لازىم»[1] . شۇندىلا تېكىستنىڭ مەنىسى ۋە تىل ئۇسلۇبىنى بىر قەدەر تولۇق، مۇكەممەل قىلىپ قايتا نامايەن قىلغىلى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر تىل فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر تىل مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. يەنى شۇ تىلنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئىپادىلەش ئادىتى، ئۇسلۇبى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلار بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، قۇرۇلما ۋە ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتتە روشەن پەرققە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا تەرجىمە تىلى ئەسلىي تىلنىڭ قۇرۇلمىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئىشلىتىش ئادىتى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تەرجىمە تىلىنىڭ تىل قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىش ئاساسىدا مەزمۇنغا سادىق بولۇش بىلەن ئىپادىلەشتە جانلىق بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئەسلىسىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىش كېرەك. مانا بۇ سادىقلىق بىلەن جانلىقلىقنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەريانىدا كونكرېت ئىپادە قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىدىيەۋى مەزمۇننى، مەقسەتنى، ئۇسلۇبنى شۇنداقلا ماھارەتنى سادىقلىق بىلەن مۇكەممەل ھالەتتە كۆرسىتىش ـ سادىقلىق، ئىككى تىلنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا قاتارلىق قۇرۇلما جەھەتتىكى پەرقىنى چۈشىنىش ھەم تولۇق ئىگىلەش ئاساسىدا تەرجىمە تىلىنىڭ راۋان، سۈپەتلىك، توغرا، گۈزەل، پاساھەتلىك ھالدا نامايەن بولۇشىنى جانلىقلىق دېمىز. مەسىلەن:

(1)«发声亮剑» ئۇيغۇرچىدا «ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش» [2] دەپ تەرجىمە قىلىنىدى، بۇ سۆز تەرجىمىدىكى سادىقلىق بىلەن جانلىقلىقنىڭ بىرلىكىشىنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى. بۇ سۆزدىكى تۆت خەت ئىپادىلەۋاتقان كۆچمە مەنىنى ئۇيغۇر تىلىدا جانلىق ھالدا «ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش» دەپ ئالغان بولۇپ، مەنە جەھەتتە تەڭ قىممەتتە سادىقلىق بىلەن ساقلاپ قېلىنغان، شۇنداقلا جانلىق ھالدا ئەسلىي مەنىنى ئىپادىلىگەن.

(2)«像石榴籽那样紧紧抱在一起» دېگەن جۈملىنى ئالساق، بىرقىسىم مەتبۇئاتلاردا بۇ «ئانارنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشاش چىڭ قۇچاقلىشايلى» دەپ ئېلان قىلىندى، لېكىن بۇنداق ئالغاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئۇسلۇبى، ئىشلىتىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماي بەدىئىيلىكىمۇ بەلگىلىك تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزنى ھازىر ئاخبارات ـ تەشۋىقات، مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىردەك « ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشايلى» دەپ ئادەتلەنگىنىمىز بويىچە قىسقا، ئىخچام، جانلىق ئىپادە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ بىر ياخشى يۈزلىنىش، تەرجىمىدىكى سادىقلىق بىلەن جانلىقلىق مۇۋاپىق بىرلەشكەندىلا ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە تولۇق يەتكىلى بولىدۇ.

(3)«立场暧昧» بۇ سۆز بىرىكمىسى ئەسلىي خەت مەنىسى بويىچە بولغاندا «مەيدانى غۇۋا»، «مەيدانى ئېنىق ئەمەس» دېگەندەك كۆچمە مەنىدىكى سۆز بولۇپ، تەرجىمان بۇ سۆزنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ھەم مەزمۇننى ئېنىق ئىپادىلىيەلەيدىغان ھەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئادىتىگە ئۇيغۇنلاشقان ھالدا تولىمۇ چىرايلىق قىلىپ «مەيدانى مۇستەھكەم بولماي»[3]دەپ ئالغان.

(4) «矮化文化» بۇ سۆز بىرىكمىسى خەتمۇخەت ئۇدۇل تەرجىمە قىلغاندا «مەدەنىيەتنى كىچىكلەشتۈرۈش، يېگىلىتىش، پۇچەكلەشتۈرۈش» دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ، ئەمما بۇنداق بولغاندا ئەسلىدىكى مەنا بەكلا كونكرېتلىشىپ كېتىپ، جۈملىنىڭ پاساھەتلىك، راۋان چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ سۆز «مەدەنىيەتنى چاكىنىلاشتۇرۇش»[4] دەپ ئالغاندا مەزمۇن تولۇق ئىپادىلىنىپلا قالماي بەلكى جۈملىنىڭ راۋان، سۆزلەرنىڭ جانلىق، چىرايلىق بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

(5)«盯住总目标» بۇ سۆز «باش مەقسەتكە تىكىلىۋالماق» دېگەندەك كونكرېت مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆز تەرجىمىدە جانلىقلاشتۇرۇلۇپ «باش نىشاننى كۆزلەپ»[5] دەپ چىرايلىق تەرجىمە

قىلىنغان. بۇنداق مەزمۇن بىلەن ئىپادىلەش بىرگەۋدىلەشتۈرۈلگەن، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلغان شۇنداقلا جانلىق تىلغا مايىللاشقان، قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەللەشكەن سۆز - جۈملىلەر تەرجىمە ئەمەلىيىتىمىزدە يېڭى يۈزلىنىش بولۇپ قالغۇسى.

ھازىر بىر قىسىم ياش، يېتىلىۋاتقان تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمىسىدە چۈشىنىش ئېنىق، چوڭقۇر بولسىمۇ، لېكىن ئىپادىلەش جەھەتتە بىرقىسىم كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار كۆرۈلمەكتە. ئۇلار مەزمۇنغا سادىق بولۇشنىلا قوغلىشىپ، ئىپادىلەشكە سەل قارىماقتا. يەنى تەرجىمە قىلىدىغان تىلغا سادىق بولۇپ، قىلىنىدىغان تىلغا سەل قاراشتەك بىر تەرەپلىمە خاھىشلار باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا. بۇنداق بولغاندا سادىقلىق بىلەن جانلىقلىقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنمايلا قالماي، بەلكى تەرجىمىنىڭ سۈپىتىگە قاتتىق تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ خىل خاتالىقلار تۆۋەندىكىچە بىرنەچچە تۈردە ئىپادىلىنىدۇ:

## 1. تۇراقلىشىپ بولغان سۆز - ئاتالغۇلارنى ئۆزگەرتىۋېتىش

(1) «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ھېكمەتلىك ھېكايىلەر» ناملىق كىتابنىڭ 15 - ، 16 - ، 24 - بەتلىرىدە قەدىمكى گرېتسىيەنىڭ داڭلىق پەيلاسوپى 柏拉图 «بىرات» دەپ ئېلىنغان. بۇ بىرگە ئاللىقاچان «پىلاتون» دەپ ئومۇملىشىپ كەتكەن ئاتالغۇ بولۇپ، تەرجىماننىڭ سەۋەنلىكى بىلەن مەزكۇر كىتابتا ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن «پىلاتون» باشقا ئادەمدەك تۇيغۇ بېرىپ قالغان. تەرجىمىدە بۇنداق سەۋەنلىكلەرگە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

(2) يۇقىرىقى كىتابنىڭ 28 - بېتىدە 哈里. S杜鲁门 دېگەن ئادەم ئىسمىنى «خاررى. S ترومان» دەپ ئېلىنغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىسىم ئوخشاشلا تىلىمىزغا «خاررى. S تىرومىن» دەپ ئومۇملىشىپ بولغان ھەم شۇنداق داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ تەرجىماننىڭ بىلىمىنىڭ ئەتراپلىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

(3) «سىقىلغان يۈرەك» ناملىق كىتابنىڭ 94- بېتىدە 白雪公主 دېگەن ئاتالغۇ «ئاق مەلىكە» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز تىلىمىزدا «قار مەلىكە» دەپ ئىشلىتىلىپ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ يەردە يېڭى سۆز ئىجاد قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

## 2. سۆزمۇسۆز ئۆلۈك تەرجىمە قىلىش

(1) «سىقىلغان يۈرەك» نىڭ 609 - بېتىدە 狗戴了嘴罩 دېگەن سۆز «ئىتقا ماسكا تاقىماق» دەپ ئېلىنغان. بۇ ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاغزى تۇۋاقلانماق» دېگەن مەنىگە تەڭداش بولغان سۆز بولۇپ، تەرجىمان يەڭگىللىك بىلەن ئۇنى خەتمۇ خەت تەرجىمە قىلىپ قويغان.

(2) «سىقىلغان يۈرەك» نىڭ 133 - بېتىدە 三脚两步 دېگەن سۆز «ئىككى ئاتلاپ بىر سەكرەپ» دەپ ئېلىنغان. بۇ ئەسلىدە تىلىمىزدىكى «ئالمان - تالمان» دېگەن سۆز بىلەن تەڭداش ئۇقۇمدىكى سۆز بولۇپ ھەم شۇنداق ئېلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ خىل قارىغۇلارچە ئەسلىسىگە سادىق بولۇش، جانلىق بولماسلىق تەرجىمە سەنئىتىمىزدىكى ئاجىز ھالقىدۇر.

(3) بەزىبىر لوزۇنكىلارغا قارىساق خەنزۇ تىلىدىكى 深入开展 دېگەن سۆز «چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش» دەپ ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ يەردىكى «چوڭقۇر» دېگەن سۆز كەينىدىكى «قانات يايدۇرۇش» بىلەن مەنتىقە جەھەتتە ماس كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلىدا «قانات يايدۇرۇش»، «كەڭ كۆلەمدە» سۆزى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزنى تەرجىمە قىلغاندا «كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش»، «كەڭ قانات يايدۇرۇش» دەپ ئېلىش كېرەك.

## 3. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى تاللاشقا سەل قاراش

(1)稳定 دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا «مۇقىم، تۇراقلىق، مەزمۇت» دېگەندەك مەنىلىرى بار. 社会 دېگەن سۆزنىڭ «جەمئىيەت، ئىجتىمائىي» دېگەن مەنىلىرى بار. تەرجىمان ئۇنى كونتېكىستتا قاراپ

www.uyghurkitap.com



ئوخشىمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ. 社会稳定 دېگەننى ھەرگىزمۇ «ئىجتىمائىي تۇراقلىق»، «جەمئىيەت تۇراقلىقى» دەپ خالىغانچە تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ سۆزنى «ئىجتىمائىي مۇقىملىق» ياكى «جەمئىيەت مۇقىملىقى» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

(2)«她发现自己瘦了很多» بۇ جۈملىدىكى 很 سۆزى «نۇرغۇن، كۆپ، جىق، ئىنتايىن، بەك، خېلى، تولا، ناھايىتى» دېگەندەك مەنىداش سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. لېكىن بۇلاردىن يۇقىرىقى جۈملىدە ئۇيغۇر تىلى ئىستىمال قائىدىسىگە توغرا كېلىدىغىنى، «ئورۇقلاش» سۆزى بىلەن ماسلىشىدىغىنى پەقەت «خېلى» بولۇپ، بۇ جۈملە «ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى ئورۇقلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى» دەپ تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك.

(3)«无论风再大，我们都会出海» بۇ جۈملىنى «شامال قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز دېڭىزغا چىقىمىز. » دەپ تەرجىمە قىلساق چوڭ خاتالىققا يول قويغان بولىمىز، ئۇيغۇر تىلىدا شامالنىڭ دەرىجىسى كۈچلۈك - ئاجىز دېگەن سۆزلەر بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ. ھەرگىز چوڭ - كىچىك دەپ ئۆلچەنمەيدۇ. شۇڭا بۇ جۈملىنى« ھەرقانچە كۈچلۈك شامال بولسىمۇ دېڭىزغا چىقىۋېرىمىز» دېيىش كېرەك.

تەرجىمە ئەمەلىيىتى تەرجىماندىن ھەم سادىقلىقنى ھەم جانلىقلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى سادىقلىق مېخانىك ھالدا خەتمۇخەت شۇ پېتى تەرجىمە قىلىپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس ھەم شۇنداقلا جانلىق تەرجىمە قىلىشمۇ ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولماي ئۆز خاھىشى بويىچە سۆز ئىشلىتىپ مەزمۇندىن چەتنەپ كېتىش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. قارىماققا سادىقلىق بىلەن جانلىقلىق تەرجىمىدىكى قارىمۇقارشىلىقتەك قىلسىمۇ، سادىقلىق جانلىقلىقتىن، جانلىقلىق سادىقلىقتىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ ئىككىسى بىر پارچە قەغەزنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، شۇنداقلا بىر- بىرىنى تولۇقلايدۇ. شۇڭا سادىقلىق بىلەن جانلىقلىقنى تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سادىقلىق بىلەن جانلىقلىق يۇقىرى دەرىجىدە ماسلاشقاندىلا ئاندىن مۇكەممەل بىر تەرجىمە ئەسىرى بارلىققا كېلىدۇ.

ئومۇمەن، تەرجىمىدە سادىقلىق ئەسلىي تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، مەزمۇننى ئىپادىلەشكە سادىق بولۇش پرىنسىپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جانلىقلىق بولسا تەرجىماننىڭ تەرجىمە ماھارىتى، سەۋىيەسى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى قاتارلىقلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ ئىپادىلەشنىڭ جانلىق، مۇۋاپىق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككىسى يۈكسەك دەرىجىدە بىرلەشكەندىلا ئاندىن تەرجىمىنىڭ راۋان، گۈزەل، تەڭ قىممەتلىك بولۇشى ئىشقا ئاشىدۇ.

## ئىزاھلار:


[1] نۇرمۇھەممەت مەمتىمىن: «تەرجىمىدە ئەسلىگە سادىق بولۇش بىلەن جانلىق بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»[J]. تىل ۋە تەرجىمە، 2014(3):44.

[2] «شىنجاڭ گېزىتى»[N] 2017-6-2 (2)

[3] «شىنجاڭ گېزىتى»[N] 2017-4-20 (2)

[4] «شىنجاڭ گېزىتى»[N] 2017-4-20 (2)

[5] «شىنجاڭ گېزىتى»[N] 2017-6-2 (2)


## پايدىلانمىلار:


1. نۇرمۇھەممەت مەمتىمىن: «تەرجىمىدە ئەسلىگە سادىق بولۇش بىلەن جانلىق بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»[J]. تىل ۋە تەرجىمە، 2014(3).

2. پاتىگۈل ئابلىكىم: «تەرجىمىدە تىل ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك»[J]. تىل ۋە تەرجىمە، 2014(1).


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 12 ـ 096 ـ 04(2017) 5878 ـ 1005

# شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتى*

چېن گاڭلوڭ

(بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق ئەدەبىياتى تەتقىقات مەركىزى، بېيجىڭ. 100080)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** شەرق ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تەركىب تاپىدۇ. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەرق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بارلىق مىللىي ئەدەبىياتنىڭ جان تومۇرى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاددىي ھالدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسىرى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئەسىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى ياكى ئاغزاكىي ئەنئەنە بىلەن مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسىرىنى تەسۋىرلەش، تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ئاساسى. نۆۋەتتە شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى يەنىلا «بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» باسقۇچىدا. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى ئىنتايىن تەكشىسىز. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغاندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىسىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك. قايتىلاش ۋە قائىدىلەشتۈرۈش ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پەن قۇرۇلۇشى جەريانىدا، شەرق ئەدەبىياتى تەتقىقات ساھەسىدىكى بەزى ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتىن سىرت، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى نەزەرىيەۋى نەتىجىلەرنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈش ھەمدە شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر «بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلمىسى ۋە سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى؛ شەرق ئەدەبىياتى تارىخى؛ ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىسى؛ بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

## 东方民间文学与东方文学

陈岗龙

**摘要**：东方文学的整体是由作家文学和民间文学构成的。东方民间文学是东方文学的重要组成部分。民间文学是所有民族文学的母体，民间文学与作家文学之间的关系并不是简单的一部民间文学作品和一部作家文学作品之间的关系，而是一种民间文学传统或者口头传统与一个民族文学传统之间的关系。东方各国的民间文学共同构成了东方民间文学的实质内容，是东方民间文学作品描述和理论探讨的基础。目前东方民间文学的研究状况还基本处于“一国民间文学”的阶段，各国的研究状况很不平衡。研究东方民间文学要关注民间文学的口头传统。重复和程式化是其最主要的特征。东方民间文学的学科建设，既要吸收和继承东方文学研究领域里的一些可资借鉴的研究成果，还要吸收民间文学界的理论成果，并以东方各国一国民间文学研究为基础，逐步建构东方民间文学的理论结构和体系。

**关键词**:东方民间文学；东方文学史；口头传统；一国民间文学

**Abstract:** The whole of oriental literature is composed of writer literature and folk literature. Oriental folk literature is an important part of oriental literature. Folk literature is the mother of all ethnic literature. The relationship between folk literature and writers' literature is not a simple

*بۇ ماقالە «لياۋدۇڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئىجتىمائىي پەنلەر قىسمىنىڭ 2009 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى. تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسكەندەر تۇرامەت.

**ئاپتور:** چېن گاڭلوڭ (1970 ـ يىلى تۇغۇلغان، موڭغۇل، موڭغۇلچە ئىسمى دولان)، پىروفېسسور، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، موڭغۇل فولكلورى ھەم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



relationship between a folk literary work and a literary work of a writer, but a relationship between the folk literature tradition or oral tradition and the ethnic literary traditions. The folk literature of different oriental countries constitutes the essential content of oriental folk literature together and is the basis for the description and theoretical discussion of oriental folk literature. At present, the research status of oriental folk literature is still at the stage of "an ethnic literature", and the research progress of various countries is unbalanced. Studying oriental folk literature should pay attention to the oral tradition of folk literature. Repeatedness and stylization are its main features. The discipline building of oriental folk literature should not only absorb and inherit some researchable results in the field of oriental literary studies, but also absorb the theoretical achievements of the folk literature circle, and based on the literature research of "an ethnic literature" in oriental countries, to set up the theoretical structure and system of oriental folk literature.

**Keywords:** oriental folk literature; history of oriental literature; oral traditions; an ethnic literature

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I106.7 ماتېرىيال بەلگىسى: A

شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — شەرق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، رەڭدار ۋە كۆپ خىللىققا تولغان شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات بىرلىكتە شەرق ئەدەبىياتىنى تەشكىل قىلىدۇ ھەمدە قەدىمىي شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە پۈتمەس - تۈگىمەس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى بار. قەدىمكى مىسىرنىڭ رىۋايەتلىرى، قەدىمكى بابىلونىنىڭ «گىلگامىش» داستانى، ھىندىستاننىڭ ئىككى چوڭ داستانى ۋە «بەشنامە»سى، ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردە دۇنيا ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. دۇنيا داستان خەزىنىسىدىكى جانلىق ھالەتتىكى داستانلار ئاساسەن دېگۈدەك شەرقتە تارقالغان، شۇڭا شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش شەرق ئەدەبىياتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىسى ۋە شەرق ئەدەبىياتى تارىخىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

بىز «شەرق ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن ئەسەرنى ئاچقىنىمىزدا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى شەرق ئەدەبىياتىدا تۇتقان مۇھىم ئورنىنى بايقىيالايمىز. قەدىمكى مىسىر رىۋايەتلىرى، قەدىمكى بابىلونىنىڭ داستانى «گىلگامىش»، قەدىمكى ئىبرايىلارنىڭ «ئىنجىل»دىكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرى، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ئىككى چوڭ داستانىنىڭ ھەممىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە. شەرق ئەدەبىياتىدا ھىندىستاننىڭ «بەشنامە»، ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە»، پارسلارنىڭ «شاھ نامە» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدۇر. قەدىمكى شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئاز بولمىغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن ۋە يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن چاۋشيەننىڭ «چۇنشياڭ تەزكىرىسى» ۋە «شىڭفۇ تەزكىرىسى»[1] قاتارلىقلار. بۇرۇن شەرق ئەدەبىياتى تارىخىدا بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرغاندا ياكى تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغاندا، ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتچىلىرى بۇ ئەسەرلەرگە يازما ئەدەبىياتنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدە مۇئامىلە قىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىسىگە يېتەرلىك ئېتىبار بەرمىگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. نەتىجىدە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مۇستەقىل ئەسەر دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئەدەبىيات تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئەھمىيەت بەرگىنى پەقەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن نۇسخىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ھەربىر دۆلەتنىڭ ياكى مىللەتنىڭ

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاغزاكىيلىق ئەنئەنە ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەن ئەسلىي ھالەتتىكى نۇسخىسى ئەمەس.

ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىسى بىلەن يازما ئەنئەنىسى ھازىرغىچە بىللە ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن يازما ئەنئەنە ئاغزاكى ئەنئەنىنىڭ ئورنىنى ئالغىنى ياكى يازما ئەدەبىيات خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئورنىنى ئالغىنى يوق. بىراق، ئىلگىرىكى شەرق ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەسلىي ماھىيەتتە پەرقلىق بولغان ئاغزاكىي ئەنئەنە بىلەن يازما ئەنئەنىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. يازما ئەنئەنىنى تەتقىق قىلىدىغان ئۇسۇلدا ئاغزاكىي ئەنئەنىنى تەتقىق قىلغان. نەتىجىدە، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يازما ئەدەبىيات نۇقتىسىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرگەن. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ۋە ئانالىز قىلىش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىشى ناتايىن.

بىز بىرقانچە ئاددىي بولغان ئۇقۇملارنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىلگىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تېكستىگە بولغان تونۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىپ كۆرىلى. بىز ئادەتتە ئەدەبىي تارىخىي ئەسەرلەردە «مەلۇم ئەپسانە ياكى چۆچەكتە مەلۇم مەزمۇن تەسۋىرلەنگەن» دېگەندەك بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. بىزگە مەلۇمكى «تەسۋىر»نى يازغۇچى يازغان بولىدۇ، «تەسۋىر» دېگەن سۆز قەلەم بىلەن قەغەزگە يازغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ بىز ئادەتلىنىپ قالغان يازما ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئاڭسىز ھالدا ئىپادىلىنىشى. ئەپسانە - رىۋايەت، خەلق چۆچەكلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىسى ئېغىز ئارقىلىق ئېيتىلىدۇ ياكى ئورۇندىلىدۇ، ئېغىزدىن قۇلاققا تارقىلىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئېغىز ئارقىلىق ئېيتىلىدۇ ياكى ئوقۇلىدۇ، قەلەم بىلەن تەسۋىرلەنمەيدۇ. چۈنكى بىر ئەپسانىدە دۇنيانىڭ ياكى ئىنسانلارنىڭ يارىلىشىنى ئاغزاكىي بايان قىلىدۇ، شۇڭلاشقا «مەلۇم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسىرىدە مۇنداق تەسۋىرلىنىپتۇ» دېيىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «بىر پارچە خەلق چۆچىكى»، «بىر پارچە ئەپسانە» دېگەن ئۇقۇملاردا يازما ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيەسىمۇ ئىنتايىن روشەن. بۇ ئۇقۇملارنىڭ بىر ئورتاقلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاغزاكىي ئېيتىلغان ياكى ئورۇندالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تېكستىنىڭ ھەممىسىنى يازما تېكست ئورنىدا كۆرۈشتۇر، شۇ سەۋەبتىن ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تېكستىنى يازما ئەنئەنىدىكى تېكست بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. نەتىجىدە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى پۈتۈنلەي يازما ئەدەبىيات ئورنىدا كۆرگەن. تەتقىقات ئوبيېكتى يازما ئەدەبىيات ئەسىرىگە ئايلانغان ئىكەن، ئەپسانىلەر، ئېپوسلار، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىمۇ تەبىئىي ھالدا يازما ئەدەبىيات ئەسىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە فولكلور تەتقىقاتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تېكستلىرىنى تۈرگە ئايرىشتا ۋە ياكى ئورنىنى بەلگىلەشتە قوللىنىلغان ئۇسۇلى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوخشاشمىغان تېكستلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات ۋە ماتېرىياللىرىنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشىمۇ ناھايىتى روشەن[2]. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تېكستلىرى ئورۇنلاش تېكستى ۋە يازما تېكست دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ، جانلىق ھالەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بولسا ئورۇنلاش تېكستى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ھەمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تېكستىنى جانلىق ھالەتتىكى مەدەنىيەت كونتېكستىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ تەكشۈرۈشنى ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يازما تېكستتىمۇ خاتىرىلەنگەن نۇسخا ۋە ئۆزگەرتىپ تۈزىتىلگەن نۇسخا دەپ ئايرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ماتېرىيال قىممىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىنى تەتقىق قىلىش نەزەرى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ۋە باھا بېرىش لازىم، شۇ ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ھەر بىر ئەدەبىي ئەسەر بىر جانلىق ئەنئەنە، يازغۇچىنىڭ مۇستەقىل ئىجاد قىلغان ئەسىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئىلگىرى شەرق ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تەتقىقاتلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يەككە ئەسەر ئورنىدا كۆرۈپ، شۇ ئەسەر يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇچۇر ۋە مەزمۇننى مۇھاكىمە قىلغان، بۇخىل تەتقىقاتلار ئەتراپلىق ئەمەس. مەسىلەن، قەدىمكى مىسىرنىڭ رىۋايەتلىرى يەككە ھالەتتىكى بىر قېتىمدىلا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر ئەمەس، بەلكى نەچچە مىڭ يىللىق تارقىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. ئەگەر مىسىر رىۋايەتلىرىنى بىر ئەدەبىي ئەسەر دەپ قاراپ، ئاددىي ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتە مۇھاكىمە قىلسا، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى «رامايانا» پەقەت يازما شەكىلدىكى داستان بولۇپلا قالماستىن، ئۇزۇن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، ئەگەر بۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنمىسا، بۇ ئەسەرگە بولغان تارىخىي چۈشەنچىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ[3].

بىز «مىڭ بىر كېچە»نى مىسال قىلىپ، خەلق چۆچەكلەر توپلىمىنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقىنى بىلىپ باقايلى. بۇ چۆچەكلەر توپلىمىنىڭ شەكىللىنىشى ئاغزاكىي ئەنئەنىدىن يازما ئەنئەنىگە ئۆتۈشتەك جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن، خۇددى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دەسلەپكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىن كىلاسسىك ئەدەبىياتقا تەرەققىي قىلغانغا ئوخشاش[4]. تەخمىنەن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، «ھەزەر ئەفسانە» (مىڭ چۆچەك) دېگەن پارسچە چۆچەكلەر توپلىمى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان، بۇ چۆچەكلەر توپلىمىدىكى كۆپىنچە ھېكايىلەر ھىندىستاندىن تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، 10 ـ ئەسىردە، ئىراقلىق شەھرىيار شۇ ئاساستا «مىڭ چۆچەك»نى رەتلىگەن، بىراق ئۇ رەتلەپ 480 ـ ھېكايىگە كەلگەندە ئالەمدىن ئۆتكەن. كىشىلەر مانا مۇشۇ «مىڭ چۆچەك»نى «مىڭ بىر كېچە»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى دەپ قارايدۇ. «ھەزەر ئەفسانە»دىن «مىڭ چۆچەك»نىڭ شەكىللىنىشىگىچە، بۇ چۆچەكلەر كەڭ تارقالغان، كىشىلەر ئۇنى سۆزلەش، تارقىتىش جەريانىدا ئۇزۇلۇكسىز ئۇنىڭغا مەزمۇن قاتقان ياكى شاللىغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب شەھەرلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان ۋە راۋاجلانغان.

ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى گۈللەنگەن، شەھەر مەدداھلىق سەنئىتىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يېڭى چۆچەكلەر ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرگەن. 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، بۇ چۆچەكلەر مىسىردا رەتلىنىپ كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەن ۋە «مىڭ بىر كېچە» نامى بىلەن ئاتالغان. «مىڭ بىر كېچە»نىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدە شەھەر مەدداھلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى مۇھىم رول ئوينىغان. خۇددى جۇڭگونىڭ مەدداھلىق ئەنئەنىسى كىلاسسىك رومانلارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانغا ئوخشاش، بىز ھېكايە ئىلمى نۇقتىسى ۋە ئەرەبلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن «مىڭ بىر كېچە»نىڭ مول ۋە مۇرەككەپ بولغان مەزمۇنىنىڭ شەكىللىنىشى ھەمدە ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان تەسىرىنى مۇنازىرە قىلىپ كۆرەيلى. «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»دا: ئەھلىسەلىپلەر چوقۇم «كەلىمە ۋە دەمنە» ۋە «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئېلىپ قايتىپ كەتكەن دېيىلگەن [5]. داڭلىق فولكلورشۇناس تومپسون: «مىڭ بىر كېچە»دىكى ھەربىر ھېكايە بۇ ھېكايىلەرنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ، بىزنىڭ قەدىمكى خەلق چۆچەكلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنى بۇ ئەسەردىن تاپقىلى بولىدۇ ھەمدە بۇ ھېكايىلەر كۆپىنچە شەكىللەر ئارقىلىق ئالدى بىلەن ياۋروپانىڭ ھېكايە بايان قىلغۇچىلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، دېگەن [6]. ئەرەبلەرنىڭ چۆچەك ۋە رىۋايەتلىرى ياۋروپاغا تارقالغاندىن سىرت، ياۋروپانىڭ چۆچەك ۋە رىۋايەتلىرىمۇ ئەرەبلەرگە تارقالغان. «مىڭ بىر كېچە»نىڭ شەكىللىنىشى، ھېكايە بايان قىلغۇچى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەر مەدداھ سەنئەتكارلىرىنىڭ پائالىيىتى، ئەدىبلەرنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى ۋە خاتىرىلىشى، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ھېكايىنىڭ تارقىلىشى قاتارلىق كۆپخىل ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» يازما نۇسخىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئەسلىدىنلا ئاغزاكى ئەنئەنە بىلەن يازما ئەنئەنىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى ھەمدە شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالمىشىشىنىڭ دىنامىكلىق جەريانى.

ئەگەر بىز «ئىنجىل»نى ئاغزاكىي ئەنئەنە

نۇقتىسىدىن ئويلىساق، «ئىنجىل» روشەن ئاغزاكىيلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە، «ئىنجىل»دىكى «بەش دەستۇر تۆت مەنبە تەلىماتى» ئاغزاكىيلىق ئالاھىدىلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئىبرانىلارنىڭ «ئىنجىل»دىكى «بەش دەستۇر، تۆت مەنبە تەلىماتى» تارىخىي داستان دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭدا مەنبەسى ئەڭ بالدۇر بولغىنى سەھىيە مەزھەپ بايانى، باشقا مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن. ئىسرائىل مىللىتى مەيلى ئىچكى ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئېھتىياجىدىن بولسۇن ياكى دىپلوماتىيە نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۆز مىللىتىنىڭ داستانى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. بىزگە مەلۇمكى، قايتىلاش ۋە تۇراقلاشتۇرۇش ئاغزاكىي ئەنئەنىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، بۇخىل ئالاھىدىلىك «ئىنجىل»دىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، «ئەسىر يارىتىش»نىڭ 42 - بابىدا، ياقۇپ مۇنداق دېدۇ: مەن چېچىم ئاقارغان، ئازابلانغان ھالەتتە ئېچىنىشلىق ھالدا قەبرىگە كىرىمەن. 44 - بابىدا بولسا يۇسۇپمۇ ئوخشاشلا: مەن چېچىم ئاقارغان، ئازابلانغان ھالەتتە ئېچىنىشلىق ھالدا قەبرىگە كىرىمەن، دېدۇ. بۇنداق تەكرارلىنىشلاردا شەخس، تىل، ۋاقىت پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، لېكىن تەكرارلانغان سۆز ئوخشايدۇ، بۇ تەكرارلىنىشلار ئاغزاكى ئەنئەنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ئىنجىل»دىكى داستان خاراكتېرىگە ئىگە مەزمۇنلار ھومېر داستانى بىلەن ئوخشاش، ئاغزاكى ئەنئەنىدىن ئىبارەت بۇ تىپىك ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قالغان، مەركەزلىك ھالدا «تەكرارلاش» ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىدۇ.

## 2. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە شەرق يازما ئەدەبىياتى

يازما ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلىش جەريانىدا، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن قانداق ئوزۇق ئالغانلىقى ياكى يازغۇچى قانداق قىلىپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يازما ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىيلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە بىر خاتا چۈشەنچە بار، ئۇ بولسىمۇ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى سەنئەت ۋە ئىدىيە جەھەتتە يازما ئەدەبىياتنىڭكىدەك يۇقىرى ئەمەس، پەقەت يازغۇچىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلىشى ۋە قايتا ئىجاد قىلىشى ئارقىلىقلا ھاياتىي كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ» دېگەن چۈشەنچە. تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بارلىق مىللىي ئەدەبىياتنىڭ جان تومۇرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات ھەرگىزمۇ ئاددىي بىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسىرى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئەسىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىسى بىلەن مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. بۇ شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. شۇڭلاشقا، يازغۇچى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇھاكىمە قىلغاندا، يازغۇچى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تېما ياكى خام ماتېرىيالنى قانداق قوبۇل قىلغانلىقى، خەلق ئارىسىدىكى ئاغزاكىي تىلنى قانداق ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئۆز ئەسىرىدە قانداق ئىشلەتكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى يازغۇچى ئىجادىيىتىنى ئىپادىلەش شەكلى قىلغان مىللىي يازما ئەنئەنىنىڭ شۇ مىللەتنىڭ ئاغزاكى ئەنئەنىسى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكىنى قانداق شەكىللەندۈرگەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يازما ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر مىللەتنىڭ يازما ئەنئەنىسى بىلەن ئاغزاكىي ۋارىسلىق ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. شەرق دۆلەتلىرىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىغا قارىساق، كۆپىنچىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سەۋەبى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ئۇسۇللىرى بىلەن بىرىكتۈرگەنلىكىدە. مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئاغزاكىي ئەنئەنە ۋە يازما ئەنئەنىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمما بىز كۆپىنچە ئەھۋالدا يازما

ۋەسىقىلەرگە ئېتىبار بېرىپ، ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىسىگە ھەمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازغۇچى ئەدەبىياتقا ۋە مىللىي ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرىگە سەل قارايمىز. شەرق دۆلەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلىگەن ئەسەرلىرىدۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەسلىي ئەسەر ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا سانسىزلىغان نامسىز خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىگەنلىكى ھەمدە ۋارىسلىق قىلغانلىق ئىزنالىرى بىلىپ - بىلىنمەي كۆمۈلۈپ قالغان. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەتقىقاتنىڭ تەكىتلەيدىغىنى ۋە مۇھاكىمە قىلىدىغىنى دەل شەرق كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارقىلىش شەكلى ۋە تەسىر قىلىش شەكلى يازما ئەدەبىيات بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى شەرق ئەدەبىياتىدىكى قەدىمىي ئەنئەنىلەرنى قېزىشتا ۋە بايقاشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئەمەلىيەتتە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەرق دۆلەتلىرى كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ جان تومۇرىدۇر. شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسى ئاغزاكىي ئەدەبىياتتىن يازما ئەدەبىياتقا ئۆتۈشتەك تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

## 3. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە قەدىمكى شەرق ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى

شەرق - غەرب ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئادەتتە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈنىدىغىنى غەرب ئەدەبىياتى ياكى ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر. شەرق ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى كەمدىن - كەم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى شەرق ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور، بولۇپمۇ قەدىمكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئىنتايىن زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. پەيدا بولۇش ئىلمى نۇقتىسىدىن قەدىمكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى غەرب ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، نۆۋەتتىكى شەرق - غەرب ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىك ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. بىراق، بىز شەرق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك بايلىقنى چوڭقۇر قازالمىدۇق، يەنى شەرق ئەدبىياتىنىڭ مەنبەسىدىن غەرب ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بايقىيالمىدۇق. ھالبۇكى، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلەر، قەھرىمانلىق داستانلىرى قاتارلىق ساھەلەردە مۇھاكىمە قىلۋاتقىنىمىز دەل مۇشۇ مەسىلىدۇر. بىز شەرق ئاغزاكىي ئەنئەنە ۋە يازما ئەنئەنىنىڭ ھەمتۇرتكىلىك مۇناسىۋىتىدىن شەرق ئەدەبىياتىنى بىلەلەيمىز، شۇ ئارقىلىق شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقاتىنى كۈچەپ تەكىتلەيمىز. ئىلگىرى شەرق - غەرب ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلىش جەريانىدا ئەھمىيەت بېرىلىدىغىنى سانائەت ئىنقىلابىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان غەرب ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى ۋە شېئىرىيەت ئىلمى سىستېمىسى بولۇپ، ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى بولغان ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىگە سەل قارالغان. شەرق - غەرب ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە سېلىشتۇرمىنى چوقۇم ئىككىسى ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا پەن بولۇشتىن بۇرۇنقى ئاغزاكىي ئەنئەنىدىن، يەنى ئەڭ بۇرۇنقى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە قوشاقلاردىن باشلاش كېرەك. بۇلار بىزنى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى توغرا تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ھازىرغا قەدەر ئۆز مىللىتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويغىنى يوق. ئەمەلىيەتتە بۇ دەل شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بىر ئالاھىدىلىكتۇر، ھالبۇكى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ قىممەت قارىشى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلساق، بۇ ئالاھىدىلىك شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى سەۋەبى بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئىختىيارسىز شۇنى سورىغىمىز كېلىدۇ: بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە

ئېستېتىكا قارىشىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە قوبۇل قىلالماي، ئۇزاققىچە ئۆزلىرىنىڭ ئاغزاكىي ئەنئەنە ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىپ ھەمدە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرسە، ئەجەبا ئۇنى ئارقىدا قالغان ئەدەبىيات دېيىشىمىز كېرەكمۇ؟ ناھايىتى روشەنكى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپخىللىق نۇقتىسىدىن شەرق ئەدەبىياتىغا بۇخىل قىممەت قاراش بىلەن باھا بېرىش ئادىللىق ئەمەس. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە بولغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ بەك چوڭقۇر، ىراق، بىز ئىلگىرى دەل مۇشۇ نۇقتىغا سەل قارىغان، غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قارىشى ۋە قىممەت قارىشى ئارقىلىق شەرق ئەدەبىياتىنى ئۆلچىگەن ۋە باھا بەرگەن. شەرق ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي سەۋىيەسىنى غەرب ئەدەبىياتىنىڭكىدەك پىشىپ يېتىلمىگەن دەپ قارىغان. ئەجەبا، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۆزلىرىنىڭ ئاغزاكىي ئەنئەنىسى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىن بالدۇرلا ئايرىلىپ، قارىغۇلارچە بىر خىللا ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە قىممەت قارىشىنى قوغلاشسا، ئاندىن تەرەققىي تاپقان ئەدەبىيات ھېسابلىنامدۇ؟

## 4. «بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»دىن شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغىچە

شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا، ئالدى بىلەن شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە ئۇلارنىڭ يۇغۇرۇلۇشچانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەقسەت ـ شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەش ئاساسىدا، تارىخىي تەتقىقات ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقات قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى يۇغۇرۇلۇشچانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قۇرۇلما جەھەتتىن «بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»دىن ھالقىغان شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قۇرۇپ چىقىشتۇر. شەرقتىكى بۇ خىل «بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»دىن ھالقىغان رايون خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاددىي قوشۇلۇشى ياكى ئومۇمىي مەزمۇنىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى بولماستىن، بەلكى شەرقتىكى دۆلەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مەنبەلىك مۇناسىۋەت ۋە ئۇزۇن تارىخىي ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئورتاق بولغان رايون ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي داۋاملىشىش خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈن بىر گەۋدە سۈپىتىدە كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇڭلاشقا شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى ۋە تەسۋىرلەش ئوبيېكتى. شەرقتىكى دۆلەتلەر پەقەت «بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»نى چوڭقۇر قېزىپ ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا، ئاندىن شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قۇرۇپ چىقىشتەك نىشانغا يېتەلەيدۇ. شەرقتىكى دۆلەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ئورتاقلىقنى قېزىپ، بۇ خىل تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە ئورتاقلىق ئارقىلىق بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ھالقىغان، شەرقنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان رايون خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە شەرقتىكى دۆلەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئومۇمىيلىق ۋە ئايرىملىق مۇناسىۋىتى ئەمەس، سىرتقى قاتلامدىكى ئومۇمىيلىق ۋە قىسمەنلىك مۇناسىۋىتىمۇ ئەمەس.

شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئورتاق تەشكىل قىلىدۇ، شۇڭا بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەسۋىرلەش ۋە مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر. نۆۋەتتىكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى «بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» باسقۇچىدا بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى تولىمۇ تەكشىسىز. ئۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يايونىيە، كورېيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىر قەدەر مۇكەممەل ھېسابلىنىدۇ، مىسىر، ھىندىستان، ئەرەب قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بەزى ئالاھىدە ساھەلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى (مەسىلەن، قەدىمكى مىسىر ئەپسانىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ئىككى چوڭ داستانى ۋە ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە» تەتقىقاتى قاتارلىقلار). شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يەنىلا بىر قەدەر ئاجىز. گەرچە بۇ دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات ئەھۋالى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتسىمۇ، لېكىن، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تەتقىقات ئەھۋالى يەنىلا شۇ دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، يەرشارىلاشقان ئارقا كۆرۈنۈش شارائىتىدا مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى تەكىتلەش ھەمدە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن، شەرقتىكى دۆلەتلەر «بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» تەتقىقاتى ئاساسىدا، «بىر دۆلەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»دىن ھالقىپ، پۈتۈن شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئېتىبار بېرىش، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى، بۇ ھەم شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسىدۇر.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى غەرب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەس، چۈنكى غەرب فولكلور تەتقىقاتى ساھەسىدە «غەرب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. بۇ يەردە شەرق - غەرب ئىككى تەرەپنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەش ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ رايونلۇق قانۇنىيىتىنىڭ بايانى ۋە مۇھاكىمىسىگە بەكرەك ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ تەكىتلەيدىغىنىمىز شۇكى، شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالمىشىش ۋە ئۇچرىشىش، شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئۇچرىشىشتىن تېخىمۇ بالدۇر، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ھەم تېخىمۇ چوڭقۇردۇر، بۇ شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنىڭ تۈپ سەۋەبى. پەقەت شەرقتىكى دۆلەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەلىك مۇناسىۋىتى ۋە تارىخىي ئالاقىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئوخشاشلىقنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا، ئاندىن شەرق - غەرب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ئورتاقلىقنى ھەمدە ئىنسانلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتىنى چۈشەنگىلى ۋە موھاكىمە قىلغىلى بولىدۇ، بۇخىل تەتقىقات ئايرىملىقتىن ئادەتتىكىچە بىلىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بىز دائىم ئىشلىتىدىغان «غەرب فولكلور نەزەرىيەسى»، «غەرب ئەپسانەشۇناسلىقى» قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئۆزىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تەكىتلىگەن. غەرب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك خاراكتېرى غەرب ئالىملىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسىدە تەسۋىرلىنىپ بولغان، مەسىلەن AT تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى ياۋروپا ۋە غەربتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق چۆچەك ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەن، بۇخىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى خەلقئارادا كېڭىيىش جەريانىدا، باشقا دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ چۆچەكلىرىنى تۈرگە ئايرىغاندىمۇ مۇشۇ خىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. غەرب ئالىملىرىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا، ھومېر داستانى ئىنسانلار قەھرىمانلىق داستانىنىڭ ئادەتتىكى نۇسخىسى دەپ قارىلىدۇ، يۇنان ئەپسانىسى ۋە ئولىمپىس رىۋايىتى ئەپسانىلەرنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئۆلچەملەر ياۋروپا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ياۋروپا ئەدەبىياتى دائىرىسىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق. لېكىن بەلگىلىك ئىلمىي كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ ئۇنى ھەممىگە ماس كېلىدىغان نەزەرىيە دەپ قارىغاندا، ئۇنىڭ چەكلىكلىكى ئاشكارا بولىدۇ، بۇ بىز دائىم ياۋروپانىڭ مەركەز نەزەرىيەسىنى تەنقىد قىلىشىمىزدىكى بىر مۇھىم سەۋەب. ئەلۋەتتە، كىلاسسىك

ئىلمىي تەتقىقاتتىن سىرت، يەنە مەدەنىيەت زوراۋانلىقى ۋە سۆز زومىگەرلىكى مەسىلىسى مەۋجۇت. گەرچە غەربنىڭ فولكلور ساھەسى ھازىرغىچە غەرب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىنى تولۇق تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار شەكىللەندۈرگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى سىستېمىسى يوشۇرۇن ھالدا ئىنسانلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئاغزاكى ئەنئەنە تەتقىقاتىدىكى ئادەتتىكى ئىلمىي ئاتالغۇلارنى كونترول قىلىپ تۇرماقتا. بۇ ئەھۋالدا، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئالدى بىلەن ئاساسىي گەۋدىنى قۇرۇپ چىقىپ، غەرب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى تولۇق ئومۇملاشتۇرمىغان ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقى ئوتتۇرىسىدىكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى تەسۋىرلەپ، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنىغا ئاساسەن غەرب ئىلىم ساھەسى بىلەن سۆھبەتلىشىشى كېرەك. غەرب ئالىملىرى شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىپ، پەقەت ئۇنىڭدىن شەرق تەجرىبىسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار بەلكىم ئەزەلدىن شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى شەرق مەدەنىيىتىدە ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوبيېكت ئورنىدا مۇكەممەل تەسۋىرلەشنى، ئاندىن غەربتىكى ياكى پۈتۈن دۇنيادىكى ئالىملارغا ئېيتىپ بېرىشنى ئويلاپ باقمىغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار پەقەت قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى سىستېمىسىنى قۇرمايدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ياتلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قىممەت سىستېمىسىنى تەكىتلەش ياكى قۇرۇش ئارقىلىق غەرب بىلەن قارشىلىشىش ئەمەس، بەلكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ۋە ئومۇمىي خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، غەرب ياكى ياۋروپا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئېرىشكەن نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلارنى (مەسىلەن، شەرقتە قەھرىمانلىق داستانى ياكى سىستېمىلاشقان نەزەرىيە يوق) تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىنسانلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسۋىرىنى ۋە نەزەرىيەسىنى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇشتۇر.

### 5. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كاتېگورىيەسى

شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى سىستېمىلىق ھالدا شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدۇ، شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئۆزگىرىشچان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەدىمكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جۇملىدىن ئىككى دەريا ۋادىسى، قەدىمكى مىسىر، ئىبراي، قەدىمكى ھىندىستان ۋە پارسلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاغزاكىيلىق ئەنئەنە نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە، داستان ۋە «بەشنامە»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق چۆچەكلەر توپلىمىنى تەھلىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاغزاكىي ئەنئەنە ماھىيىتىنى ياكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىلگىرى شەرق ئەدەبىياتى تارىخى تەتقىقاتىدا ئۇلارنى يازما ئەدەبىيات ئورنىدا مۇھاكىمە قىلىشتەك خاتا ئۇسۇل ۋە قاراشنى تۈزىتىدۇ. قەدىمكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىقى دەسلەپكى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، قەدىمكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەدەنىيەت مەزمۇنى ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قەدىمكى شەرقتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ـ پەلسەپە، مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەرەققىياتىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنى ۋە ئورنىنى مۇلاھىزە قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىقى شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشچان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئورۇنلىنىش ۋە ۋارىسچانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ، شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيىتىنى تەسۋىرلەپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مۇراسىمىدىكى فۇنكسىيەسى ۋە شەكلىنى ھەمدە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەرق دۆلەتلىرىدىكى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن مۇھىم رولىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مول مەزمۇنلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى كۈندە شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا ھېلىھەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە جانلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كەڭ تارقالماقتا. شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردۇر. مەسىلەن، ھىندىستاندا يۈزدىن ئارتۇق مىللەت، ئون بەش خىل ئاساسىي تىل ۋە سەككىز يۈز قىرىق تۆت خىل دىيالېكت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسى بىزگە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان ئىككى چوڭ تارىخىي داستان، «بەشنامە» قاتارلىق سانسكرت تىلىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن سىرت، يەنە ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋە سانسكرت تىلىدىن باشقا تىللاردىكى ھەممە خەلق ئارىسىدا ئۆزگىرىشچان ھالەتتە تارقالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، بولۇپمۇ جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى. مىللەت بىر قەدەر ئاز بولغان ياپونىيەنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ياپونىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن سىرت، يەنە ئاينولار ۋە ئوكىناۋا ئاراللىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە كېلىپ، ئاينولار ۋە ئوكىناۋا ئاراللىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋارىسچانلىق ئالاھىدىلىكنى بەكرەك ساقلاپ كەلمەكتە. پاكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۆپلىرى قەبىلە مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ، بۇ مىللەتلەر تارقاق، يىراق تاغلىق رايون ۋە چۆللەردە ئولتۇراقلاشقاچقا، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىشى بىر قەدەر تەس. نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە، ئۇلار ئىچكى قىسمىدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنى ساقلاپ كەلگەن. موغۇل دەۋرىدىن باشلاپ بۇ خىل جىمجىتلىق بۇزۇپ تاشلاندى، گۈللەنگەن سودا ئالاقىسى ۋە سوپىلارنىڭ دىن تارقىتىشى ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتتى. سىرتتىكى خەلق چۆچەكلىرى غەربىي شىمال رايونغا تارقالغان، ئەكسىچە غەربىي شىمال رايونىنىڭ چۆچەكلىرىمۇ سىرتقا تارقالغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، چەت - ياقا رايونلاردىكى مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقالغان ئەپسانە رىۋايەتلەر بار بولسىمۇ، لېكىن تارقاق چارۋىچىلىق تۇرمۇشى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ دائىرىدە تارقىلىشى ۋە يېتىلىشى تەس بولغان. تەسەۋۋۇپچىلار كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا دىن تارقىتىپ، تارقىتىش جەريانىدا، مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى بىر قەبىلىدىن يەنە بىر قەبىلىگە تارقاتقان. شۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن[7]. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، «پاكىستان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» كاتېگورىيەسى بۇ نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ھەقىقىي ئىلمىي مەنىدىكى ئاغزاكىيلىق ئەنئەنە تەتقىقاتى، ئەسلىي يەرلىك قەبىلىنىڭ مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى ئاساسىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشچان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقاتى ئەسلىي قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ دالا تەكشۈرۈش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش، پەقەت قەبىلە ۋارىسلىق قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىلا ئۇنىڭ ئاغزاكىي ئەنئەنىۋىلىك ماھىيىتىنى ساقلاپ قالغان، مانا بۇ دەل كىشىلەر تۇرمۇشىدا بەھرىمەن بولۇۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدۇر. بۇرۇن، غەربنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى ۋە ئىنسانشۇناسلار، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە، يەرلىك كىشىلەر ئۈستىدە ئىنسانشۇناسلىق دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان، ئاز بولمىغان يەرلىك قەبىلىلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاپ خاتىرىلىگەن، لېكىن، خۇددى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك ئۇلارنىڭ مەقسىتى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قۇرۇش ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، شەرقتىكى دۆلەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دالا تەكشۈرۈشىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك، پەقەت دالا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن شەرق دۆلەتلىرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئاغزاكىي ئەنئەنىسىنى ھېس قىلغىلى ھەممىدە شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مول مەزمۇنى ۋە ئەمەلىيەتتىكى ۋارىسلىق قىلىش شەكلىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق شەرقتىكى دۆلەتلەر خەلق ئېغىز

ئەدەبىياتى خەزىنىسىنىڭ بىر يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتكەن ئەپسانە، رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر توپلىمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ. بىز شەرق ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تىپىك دەپ بىلىپ تەتقىق قىلغان ئەپسانە، داستان ۋە خەلق چۆچەكلىرىنىڭ پەقەت ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ تاللىشى ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان ۋەكىللىك ئەسىرى خالاس، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىرىشچان ئەنئەنىسى مەڭگۈ خەلق ئارىسىدىدۇر. بىز شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ھەرقايسى دۆلەتتىكى ھەر بىر مىللەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. بىز تەكىتلىگەن شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شۇ دۆلەتتىكى ھەر مىللەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدۇر. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشچان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئورتاق ھالدا ھاياتىي كۈچكە تولغان شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكىي ئەنئەنىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ يىراقتىكى دەۋردىن بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا، شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەم قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم بۈگۈنكى كۈندىكى جانلىق ھالەتتە تارقالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تېكىستىنىڭ كۆپىنچىلىرى يېزىق شەكلىدە خاتىرىلەنگەن ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەرگە ئايلانغان، شۇڭا بۇ ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا يازما ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېرى بار، يازما خاتىرىنى ئاساس قىلىپ ئاغزاكىيلىق ئەنئەنە تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جانلىق ھالەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالىملىرى تولۇق خاتىرىلىگەن ياكى ئۆرپ — ئادەت تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، خەلق ئارىسىدىكى ئاغزاكىي ئويۇنلارنى كۆزەتكەن ۋە شۇ ئۇسۇلدا تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. بىز يەنە شەرقتىكى دۆلەتلەرنىڭ قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن بۈگۈندىكى جانلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ئىران خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قەدىمكى پارس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان جانلىق ھالەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قەدىمكى پارس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىقى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە داستان، «ئاۋېستا» قاتارلىق دىنىي كىتابلار ۋە «شاھنامە» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى ئىراندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئاغزاكىي ئەنئەنە يەنىلا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى شەرق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە فولكلور تەتقىقاتى ھەمدە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ شارائىتىدىن قارىغاندا، ھازىرقى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئاساسەن يازما ئەسەرلەر ۋە شۇ دۆلەتتىكى ئەدىبلەر خاتىرىلىگەن جانلىق ھالەتتىكى تېكىستى ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. جۇڭگودا تېخى بىرەر تەتقىقاتچى چەت ئەلگە بېرىپ، شەرق دۆلەتلىرىدىكى مىللەت ياكى قەبىلىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ دالا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزاكىيلىق ئەنئەنىۋى ماھارەت كۆرسىتىشىنى ھەقىقىي ھېس قىلغىنى يوق. نۆۋەتتە، پەقەت بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى شى ياڭ فىلىپپىننىڭ تاغلىق رايوندىكى ماڭيانلارنىڭ ئارىسىدا ئىنسانشۇناسلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى. ئەپسانە بىلەن ھەرقايسى مۇراسىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆزەتتى. بۇ خىل تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنسانشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر يۈزلىنىش بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئاساسلىقى شەرقتىكى دۆلەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يېزىق تېكىستى ئۈستىدىكى تەتقىقات، بىزنىڭ نىشانىمىز بولساكۈزىمىز ۋە قۇلقىمىز ئارقىلىق ئورۇندىلىۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنى ھەقىقىي ھېس قىلىش. ھالبۇكى، تېكىست تەتقىقاتىدىن دالا تەكشۈرۈشكىچە، شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزۈن مۇددەتلىك پەن قۇرۇلۇشى جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك.

شەرق ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تەركىب تاپقان، پەقەت شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن مۇكەممەل شەرق ئەدەبىياتى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. شۇڭا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسىنى شەرق ئەدەبىياتىغا كىرگۈزسە، تەتقىقات ئۇچۇن مۇھىم مېتودولوگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسىنى تەتقىقات ئاساسى قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا ئەدەبىيات نەزەرىيەلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. يازغۇچى ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق، شەرق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك بېيىتىدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## ئىزاھلار:


[1] 何镇华.评韩国著名古典小说《兴夫传》[M].东方研究, 2007:113～122.

[2] 朝戈金.口传史诗诗学，冉皮勒《江格尔》程式句法研究[M].广西人民出版社, 2000 年.

[3] 张玉安，裴晓睿.印度的罗摩故事与东南亚文学 [M]. 昆仑出版社, 2005 年.

[4] (俄）李福清著.三国演义与民间文学传统[M].上海古籍出版社, 1997 年.

[5] 希提.阿拉伯通史[M]. 马坚(译). 新世界出版社, 2008 年.

[6] 汤普森.世界民间故事分类学 [M]. 郑海(译). 上海文艺出版社, 1991 年.

[7] 张玉安，陈岗龙等.东方民间文学概论[M]. 昆仑出版社, 2006 年.


تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

**ماقالە نومۇرى:** 1005 ـ 5878 (2017)04 ـ 108 ـ 09

# ھەق ـ تەلەپ دەۋاسىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى توغرىسىدا*

## قاسىم نىياز، ئەركىن توختى

(ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۇچتۇرپان. 843400)
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش ـ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى ياكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن زۆرۈر تېپىلغاندا خىزمەت ھوقۇقى بويىچە مۇئەييەن مال ـ مۈلۈككە قارىتا ئالاھىدە قوغداش تەدبىرىنى قوللىنىپ، كەلگۈسىدە كۈچكە ئىگە بولىدىغان ھۆكۈمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ماددىي جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىدىغان قانۇن تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماقالىدە، ھەق ـ تەلەپ دەۋاسىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى، مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قانداق ئەھۋالدا ۋە قانداق شەرت ئاستىدا مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىدىغانلىقى، مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنىڭ تۈرى، تەرتىپى ۋە سۈرۈكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۈچى، يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنى؛ مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش؛ دەۋالاشقۇچىلار؛ خەلق سوت مەھكىمىسى؛ تەدبىر

## 关于民事诉讼财产保全措施

卡斯木・尼牙孜，艾尔肯・托乎提

**摘要**：保全财产是人民法院依据受益人和受害人或者原告申请的必要，按工作权限，针对一定的财产采取的特殊措施，使其在未来具有效力方面加以保障的法规。文中阐述了民事诉讼财产保全措施，采用财产保全措施，人民法院在什么情况和条件下，采用财产保全措施，财产保全种类，程序和期限，以及其效力面临的情况。

**关键词**：民事诉讼法；财产保全；原告；人民法院；措施

**Abstract:** Preservation of property is a law that the People's Court will apply for according to the needs of the beneficiary and the victim or the plaintiff, and according to the special period, special measures will take against certain assets to ensure that it is effective in the future. This article describes the preservation measures in civil lawsuits, adoptation of property preservation measures, and under what conditions the people's courts will adopt property preservation measures, types, procedures and deadlines of property preservation, and the circumstances faced by their effectiveness.

**Keywords:** Civil Procedure Law; Property Preservation; Plaintiff; People's Court; Measures

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D925　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەق ـ تەلەپ　　دەۋا قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مال ـ مۈلۈكنى

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** قاسىم نىياز ( 1972 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ئالىي ئوقۇتقۇچى، قانۇنشۇناسلىق ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ئەركىن توختى(1961 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى، قانۇن ئىدىيەسى تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئامان ساقلاشقا دائىر مەزمۇنلار بەلگىلەنگەن، دۆلىتىمىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. دۆلىتىمىزنىڭ مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تۈزۈمى تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. 1982 ـ يىلىدىكى «ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» دا مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش دەۋانى ئامان ساقلاش نامى بىلەن بىر پاراگراف قىلىپ ئاددەتتىكى تەرتىپ قىسمىدا بەلگىلەنگەن. يىگىرمە نەچچە يىللىق سىناق تەجرىبىسىگە ئاساسەن يېڭى «ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنى» دا دەۋانى ئامان ساقلاش مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاشقا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە خاس پرىنسىپتىن ئومۇمىي پرىنسىپقا كىرگۈزۈلۈپ، مەخسۇس باب بەلگىلەندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى قانۇن چىقىرىش ئۆرنەكلىرى قانۇن چىقىرىشنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تۈزۈلمىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تۈزۈمى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوغداشقا، ھەق ـ تەلەپ دەۋاسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىجرا قىلىشقا پايدىلىق. مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىش ھەرگىزمۇ ئىختىيارىيلىققا ئىگە ئەمەس، ئۇنى تەتبىقلاش ۋە يۈرگۈزۈشتە تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر بولۇشى كېرەك.

بىرىنچى، مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئېھتىياج بولۇشى كېرەك. ئالاھىدە بولغان مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللانمىسا كېيىن شەكىللەنگەن ھۆكۈم بىر پارچە «قۇرۇق چەك» بولۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى كەمچىل بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئوبيېكتىپ ئېھتىياج دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپنىڭ سەۋەبى ياكى باشقا سەۋەبتىن شەكىللىنىدۇ. «دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپنىڭ سەۋەبى» تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان نىشاندىكى نەرسىنى يۆتكىۋېتىش، سېتىۋېتىش، بىر تەرەپ قىلىۋېتىش، يوشۇرۇپ قويۇش، بۇزۇۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۆيىنى ئىگىلەپ تۇرغۇچىنىڭ ئۆيىنى ئۆزگەرتىپ سېلىشى، چەتكە چېتىشلىق ھەق ـ تەلەپ ئىقتىسادىي دېلولىرىدىكى چەتئەل دەۋالاشقۇچىلىرىنىڭ كېمە ـ پاراخوت ياكى ئايروپىلاننى دۆلەت سىرتىغا ئېلىپ كېتىشى قاتارلىقلار. «باشقا سەۋەب» دېگەندە، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىدىن سىرت باشقا سەۋەبنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بوران ـ چاپقۇندا يېرىلىش، ئىسسىق، ھۆل ـ يېغىن ياكى نىشاندىكى نەرسىنىڭ ئۆزىدىكى خىمىيەلىك رېئاكسىيە قاتارلىق سەۋەبلەردىن سۈپىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى قوللىنىشتا ئىلتىماس قىلغۇچى بولۇشى كېرەك. ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق كىشىلەر دەۋالاشقۇچىلار، پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بارلار ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىدۇر. دەۋالاشقۇچىلار ھەق ـ تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋاگەر ۋە جاۋابكارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا كېسىمدىكى كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىمۇ ۋە ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بارلار تېخى دەۋا قىلمىغان، لېكىن دەۋا قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ زۆرۈر تېپىلغاندىلا خەلق سوت مەھكىمىسى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تۈزۈلمىسىنىڭ قوزغىغۇچىسى بولالايدۇ. ھەق ـ تەلەپ سوتى ئىسلاھ قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ئارىلىشىۋېلىشىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش كېرەك. خەلق سوت مەھكىمىسى ئەڭ ياخشىسى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تۈزۈمىنى بىۋاستە قوزغىماسلىقى كېرەك.

مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللانغاندا مال ـ مۈلۈك دائىرىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش شەرت. «ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 94 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدا: «مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەلەپ قىلىنغان دائىرە ياكى شۇ دېلوغا ئالاقىدار مال ـ مۈلۈك بىلەن چەكلىنىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن؛ تەلەپ قىلىنغان دائىرە ئامان ساقلىنىدىغان ئوبيېكت پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى ياكى دەۋالاشقۇچىلار دەۋا

جەريانىدا ياكى ئەرز بەرگەندە كۆرسىتىلگەن مەلۇم بىر تۈردىكى كونكرېت مال - مۈلۈكتىن ئىبارەت. مەسىلەن، پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر ياكى دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ بىر «ئاۋدى» ماركىلىق ماشىنىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلغان بولسا، پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى ياكى دەۋالاشقۇچى پەقەت شۇ «ئاۋدى» ماركىلىق ماشىنىغا قارىتا ئامان ساقلاشنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلالايدۇ. باشقا ماشىنىلارنى ئامان ساقلاشنى تەلەپ قىلسا بولمايدۇ. مەسىلەن، تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان نەرسە پۇل بولسا، ئامان ساقلىنىدىغان مال - مۈلۈك قىممىتى چوقۇم پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشىنىڭ ھوقۇق تەلىپى ياكى دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان نىشان سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئىككىسىنىڭ سوممىسى ئاساسەن دېگۈدەك تەڭ بولۇشى كېرەك. «شۇ دېلوغا ئالاقىدار مال- مۈلۈك» ئامان ساقلىنىدىغان مال - مۈلۈك پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش شەكىللەندۈرگەن، ئەرزدىكى نىشان بىلەن چېتىشلىقى بار نەرسىدۇر. دېلو سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ مال - مۈلۈككە قارىتا ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. دېلو سىرتىدىكى كىشى ياخشى نىيەت بىلەن ئېرىشكەن، دېلو بىلەن مۇناسىۋىتى بار مال - مۈلۈككە قارىتا ئادەتتە مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ. ئىلتىماس قىلىنغۇچى مۇناسىپ مىقداردىكى مال - مۈلۈككە كېپىللىك قىلغان بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى بىكار قىلىشى كېرەك.

## 2. مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلىنىشى

«ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 94 - ماددا، ئىككىنچى تارمىقىدىكى بەلگىلىمە ھەمدە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار ئەدلىيەلىك ئىزاھاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرلىرىدىن مال - مۈلۈكنى پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش، توڭلىتىپ قويۇش ھەمدە قانۇندا رۇخسەت قىلىنغان باشقا ئۇسۇللار بار. مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشتا ئىزاھلاپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، سوت مەھكىمىسى مەلۇم تۈردىكى مال - مۈلۈكنى پېچەتلەپ تۇتۇپ قالغاندىن كېيىن پېچەتلەنگەن، تۇتۇپ قېلىنغان مال - مۈلۈكنى ئۆبدان ساقلىشى كېرەك. ھەر قانداق كىشى ياكى ئورۇننىڭ شۇ مال - مۈلۈكنى ئىشلىتىۋېلىشىغا بولمايدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى كۆچمەس مۈلۈك ۋە ئالاھىدە كۆچمە مۈلۈك (مەسىلەن ماشىنا، پاراخوت) نى ئامان ساقلىغاندا، ئالاقىدار مۈلۈك ھوقۇق گۇۋاھنامىسىنى تۇتۇپ قالسا ھەمدە ئالاقىدار مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملىغا ئالىدىغان تارماقلارغا شۇ تۈردىكى مال - مۈلۈكنى يۆتكەپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەرمەسلىكنى ئۇقتۇرۇپ قويسا بولىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى مال - مۈلۈكنى توڭلىتىش تەدبىرىنى قوللانغان چاغدا، مال - مۈلۈك توڭلىتىلغاندىن كېيىن شۇ توڭلىتىلغان مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىسىگە دەرھال ئۇقتۇرۇش قىلىشى لازىم.

خەلق سوت مەھكىمىسى تۆلەش ئىقتىدارى بار كارخانا، قانۇنىي ئىگىسىنىڭ مال - مۈلكىنى ئادەتتە پېچەتلەش، توڭلىتىش تەدبىرىنى قوللانسا بولمايدۇ. پېچەتلەنگەن، توڭلىتىلغان مال - مۈلۈكنى قايتا پېچەتلەش، توڭلىتىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. پېچەتلەش، توڭلىتىش تەدبىرىنى قوللانغانلىرىدا ئەگەر شۇ كارخانا قانۇنىي ئىگە ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان مال - مۈلۈكنى كېپىللىككە بەرسە ياكى باشقا ئۇسۇلدا ئامان ساقلاشنى قوللىنىشقا بولسا پېچەتلەش، توڭلىتىپ قويۇشنى دەرھال بىكار قىلىش كېرەك. خەلق سوت مەھكىمىسى پەسىل خاراكتېرلىك تاۋار، ھۆل، تىرىك، ئاسان سېسىپ سۇپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ھەمدە باشقا ئۇزۇن ساقلىغىلى بولمايدىغان بۇيۇملارغا قارىتا ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللانغاندا دەۋالاشقۇچىلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇشى، مالنى ياكى پۇلنى خەلق سوت مەھكىمىسى ساقلاپ قويۇشى كېرەك. خەلق سوت مەھكىمىسى رەنگە قويغان بۇيۇم، ئېلىپ قېلىنغان بۇيۇملارغا قارىتا مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللانسا بولىدۇ. لېكىن رەنگە ئالغۇچى، ئېلىپ قالغۇچى ئالدىن تۆلىتىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق. خەلق سوت مەھكىمىسى قەرزدارنىڭ

www.uyghurkitap.com



قەرەلى توشقاندا ئېرىشىدىغان پايدىسىغا قارىتا مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى قوللىنىپ ئۇنى چىقىم قىلىشنى چەكلەپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىجراغا ھەمكارلىششىنى ئۇقتۇرسا بولىدۇ. قەرزدارنىڭ مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەلىپىنى قاندۇرالمايدىغان، لېكىن ئۈچىنچى كىشىگە قارىتا ۋاقتى توشقان ھەقدارلىقى بار بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى ھەقدارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن ئۈچىنچى كىشى مەزكۇر دېلودىكى قەرزدارغا تۆلىسە بولمايدۇ، دەپ كېسىم چىقارسا بولىدۇ. ئۈچىنچى كىشى تۆلەشنى تەلەپ قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىسى مال - مۈلۈكنى ياكى مال - پۇلنى ئېلىپ ساقلايدۇ.

### 3. مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەرتىپى

مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەرتىپى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس سۇنۇش، قوبۇل قىلىش، تەدبىر قوللىنىش جەريانى ھەمدە تاماملاشنىڭ رەت تەرتىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1) ئىلتىماس سۇنۇش**

مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشتا دەۋالاشقۇچىلار ئىلتىماس سۇنۇشى لازىم، ئىلتىماس يازمىچە شەكىلدە بولۇشى؛ ئىلتىماسقا چوقۇم ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلغان نىشاندىكى نەرسە ياكى مۇناسىۋەتلىك مال - مۈلۈكنىڭ نامى، سانى، باھا سوممىسى ۋە تۇرۇشلۇق جايى ھەمدە ئامان ساقلاشنىڭ سەۋەبى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئاغزاكى ئىلتىماس قىلغانلىرىدا خەلق سوت مەھكىمىسى خاتىرىلەپ قويۇشى ھەمدە ئىلتىماس قىلغۇچىغا قول قويدۇرۇلۇشى ياكى تامغا باستۇرۇۋېلىشى لازىم. پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر ياكى دەۋالاشقۇچىلار ئىلتىماس قىلغانلىرىدا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىككى تەرەپنى تەكشۈرۈشى كېرەك، تەكشۈرگەندە بىرىنچىدىن، سۈبيېكتى مۇۋاپىقمۇ - ئەمەسمۇ، ئىككىنچىدىن، مال - مۈلۈكنى ساقلاش شەرتىگە ئۇيغۇنمۇ - ئۇيغۇن ئەمەسمۇ دېگەنلەرنى تەكشۈرۈشى كېرەك. تەكشۈرۈپ مۇۋاپىق بولغانلىرىنىڭ مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىدۇ.

**2) كېپىللىك بېرىش**

ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنىدا ئومۇمەن دەۋادىن ئىلگىرى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلغۇچى كېپىللىك بېرىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. كېپىللىك بەرمىسە ئىلتىماس رەت قىلىنىدۇ. كېپىللىكنىڭ شەرتى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ؛ قانۇندا بەلگىلەنمىگەنلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ قارار قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى دەۋادىن ئىلگىرىكى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش دەۋادىن بۇرۇن قوللىنىدۇ. پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى دەۋا قىلامدۇ - يوق، دەۋا قىلغاندىن كېيىن دەۋادا يېڭەمدۇ - يوق، بۇنى پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ. مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى بىر تۈرلۈك ئىنتايىن قاتتىق تەدبىر بولۇپ، قوللىنىلسا ئىلتىماس قىلىنغۇچىغا ئىقتىسادىي ۋە روھىي زىيان ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئىككى تەرەپ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى باراۋەر ئاساستا قوغداش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇختا بولۇش ئۈچۈن قانۇندا ئومۇمەن دەۋادىن بۇرۇنقى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلغانلىرىدا مەيلى كەلگۈسىدە قارشى تەرەپكە زىيان سالسۇن - سالمىسۇن ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ كېپىللىك بېرىشى بەلگىلەنگەن. دەۋا جەريانىدا مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش ئىلتىماس قىلىنغانلىرىدا ئىلتىماس قىلىنغۇچى كېپىللىك بېرىشكە بۇيرۇلسا بولىدۇ، ئىلتىماس قىلغۇچى كېپىللىك بەرمىسە، ئىلتىماس رەت قىلىنىدۇ. ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى ئىلتىماس بەرگۈچىنى كېپىللىك بېرىشكە «بولىدۇ»، دېگەن بەلگىلىمىنى خەلق سوت مەھكىمىسى دېلونىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىشى كېرەك. چۈنكى، خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋاگەرنىڭ ئەرزى ياكى جاۋابكارنىڭ قارشى ئەرزىنى تەكشۈرگەن بولغاچقا، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا تەلىپى، پاكىتى ۋە ئاساسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەپ بولىدۇ. ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ كېپىللىك بېرىشى زۆرۈر بولمىغانلىرىدا كېپىللىك بېرىشكە بۇيرۇلمىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلتىماس قىلىنغۇچىنى كېپىللىك بېرىشكە بۇيرۇغاندا ئىلتىماس قىلغۇچى چوقۇم

كېپىللىك بېرىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئىلتىماس رەت قىلىنىدۇ. «ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ 92 ـ ، 93 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن دەۋادىن بۇرۇن مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش ۋە دەۋا جەريانىدا مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللانغاندا، ئىلتىماس قىلغۇچى كېپىللىك بېرىشكە بۇيرۇلغانلىرىدا بەرگەن كېپىللىكنىڭ مىقدارى بىلەن ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلغان مىقدار باراۋەر بولۇشى كېرەك»، دەپ بەلگىلەنگەن.

**3) كېسىم چىقىرىش**

خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارىغانلىرىدا كېسىم ئارقىلىق ئىلتىماسنى رەت قىلىشى كېرەك. مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش شەرتىگە ئۇيغۇن دەپ قارىغانلىرىدا ھەم كېپىللىك بەرگەنلىرىدە ئامان ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش توغرىسىدا تېزدىن كېسىم چىقىرىش كېرەك. دەۋادىن ئىلگىرىكى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاشتا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن چوقۇم 48 سائەت ئىچىدە كېسىم چىقىرىش كېرەك. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دەۋادىن ئىلگىرى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاشتا ئەھۋال جىددىي بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئومۇمەن دەۋادىن ئىلگىرى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلغانلار بولسا، چوقۇم ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن 48 سائەت ئىچىدە كېسىم چىقىرىش كېرەك. دەۋا جەريانىدا مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش توغرىسىدا «ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 92 ـ ماددا 3 ـ تارمىقىدا: «خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، جىددىي ئەھۋال كۆرۈلسە 48 سائەت ئىچىدە كېسىم چىقىرىش شەرت»، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەھۋال جىددىي بولمىغانلىرىدا قانچىلىك ۋاقىت ئىچىدە كېسىم چىقىرىش توغرىسىدا ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنىدا بەلگىلىمە يوق. خەلق سوت مەھكىمىسى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئۇزارتسا بولىدۇ. كېسىمنىڭ شەكلى مەسىلىسىدە مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش توغرىسىدىكى كېسىم ئىجرا قىلىنىدىغان مەزمۇنغا چېتىشلىق بولغاچقا، ئادەتتە يازما شەكلىنى قوللىنىشى كېرەك؛ ئايرىم ئەھۋالدا ئاغزاكى كېسىم چىقىرىپ خەلق سوت مەھكىمىسى خاتىرىلەپ قويسا بولىدۇ. ئامان ساقلاش سوممىسى نىسبەتەن يۇقىرى ياكى بانكا قاتارلىق ئورۇن، شەخسلەرنىڭ ئىجراغا ياردەملىشىشىگە ئېھتىياجلىق بولغانلىرىدا چوقۇم يازما كېسىم چىقىرىش كېرەك.

**4) ئىجرا قىلىشقا تاپشۇرۇپ بېرىش**

خەلق سوت مەھكىمىسى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى قوللىنىش توغرىسىدا كېسىم چىقارغانلىرىدا دەرھال ئىجرا قىلىشى، ئالاقىدار مال ـ مۈلۈك ياكى نىشاندىكى نەرسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىپ كېتىش ياكى يوقىلىپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلىنىش كېرەك. كېسىم چىقىرىلغاندىن كېيىن، دېلو بېجىرگۈچى سوتچى خادىم كېسىمنامىنى دەرھال ئىجراچىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭدا ئىلتىماس قىلغۇچى، ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ھاجەتسىز. «پىكىر» نىڭ 103 ـ ماددىسىدا «دەۋالاشقۇچىلار 1 ـ سوتنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولماي نارازىلىق ئەرزى بەرگەن دېلولاردا 2 ـ سوتتا سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى يوللاپ بېرىلگەن دېلو ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى، دەۋالاشقۇچىلار مال ـ مۈلۈكنى يۆتكىۋېتىش، يوشۇرۇپ قويۇش، سېتىۋېتىش ياكى بۇزۇۋېتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەردە بولسا، مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىش زۆرۈر بولغانلىرىدا، بىرىنچى سوتتا سوت قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىلتىماسى ياكى خىزمەت ھوقۇقى بويىچە مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى قوللىنىدۇ. بىرىنچى سوتتا سوت قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش توغرىسىدا كېسىمنى ئۆز ۋاقتىدا ئىككىنچى سوتتا سوت قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىشى كېرەك»، دەپ بەلگىلەنگەن.

**5) مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى بىكار قىلىش**

مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش مۇئەييەن شەرت ياكى سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ. مۇئەييەن شەرت ۋە سەۋەبنىڭ يوقىلىشى بىلەن بىكار قىلىنىدۇ. بۇ شەرت ۋە سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئىلتىماس قىلغۇچى قانۇندا بەلگىلەنگەن

ئەرز بېرىش سۈرۈكى ئىچىدە ئەرز بەرمىگەن بولسا. خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋادىن ئىلگىرى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى قوللىنىپ 15 كۈن ئىچىدە ئىلتىماس قىلغۇچى تېزدىن ئەرز بېرىشى كېرەك. 15 كۈن توشۇپ ئىلتىماس قىلغۇچىلار يەنىلا ئەرز بەرمىسە، بۇ پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشىنىڭ ئىختىلاپىنى دەۋا تەرتىپى بىلەن ھەل قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىسى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى بىكار قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئىلتىماس قىلىنغۇچى كېپىللىك بەرگەن بولسا. مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش مەقسىتى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ماددىي ئاساس سېلىش ئۈچۈندۇر. بەزىدە ئىلتىماس قىلىنغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە مۇناسىپ كېپىللىك بەرگەن، مەسىلەن، كېپىل ئەمەلىي نەرسە، نەق پۇل ياكى باھالىق ئاكسىيە كېپىللىكى بەرگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش توغرىسىدىكى كېسىمنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى يېگىباشتىن قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. كېپىللىك قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن كېپىللىك بەرگۈچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە كېپىللىك بەرگەندە، كېپىللىك قىلىنغۇچىغا قارىتا چاتما جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شۇڭا كاپالەتلىك قىلغۇچى كېپىللىك بەرگەندە كاپالەتلىك قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە كېپىللىك سوممىسى تاپشۇرۇشى ھەمدە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈشى، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بەرگەن كېپىللىكنىڭ نەقلەشمەي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. پەقەت ئىلتىماس قىلىنغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە كېپىللىك بەرسىلا كەلگۈسىدىكى كۈچكە ئىگە بولىدىغان ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغىلى بولماسلىق ياكى ئىجرا قىلىش قېيىن بولۇشتەك خەۋپ - خەتەر يوقىلىدۇ. كاپالەتلىك قىلغۇچى ئىلتىماس قىلغۇچى ياكى ئىلتىماس قىلىنغۇچى ئۈچۈن كاپالەت بەرگەنلىرىدە، دېلونى سوت قىلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەگەر كاپالەتلىك قىلىنغۇچىنىڭ ئىجرا قىلغۇدەك مال - مۈلۈكى بولمىسا ياكى مال - مۈلۈكى قەرزنى تۆلەشكە يېتىشمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى كېپىلنىڭ كېپىللىك بەرگەن دائىرىسىدىكى مال - مۈلكىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىۋاستە كېسىم چىقارسا بولىدۇ. مال مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغاندا مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى بىكار قىلىش توغرىسىدا كېسىم چىقىرىش كېرەك. ئىلتىماس قىلىنغۇچى ئەمەلىي نەرسە ياكى نەق پۇل ياكى باھالىق ئاكسىيە كېپىللىكى بەرگەنلىرىدە، كېپىل بۇيۇمىنىڭ قىممىتى ياكى كېپىللىك سوممىسى كېپىللىك قىلىنغان مال - مۈلۈكنىڭ باھا سوممىسى ياكى سوممىسىدىن تۆۋەن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئەسلىدە يولغا قويۇلغان مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

## 4. مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش ئىلتىماسىدا خاتالىق كۆرۈلگەندىكى تۆلەم

مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش مۇئەييەن شارائىتتا سوت مەھكىمىسى قوللىنىدىغان ۋاقىتلىق تەدبىر. لېكىن شەيئىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى تۈپەيلىدىن مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىدە خاتالىق كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. خاتالىق كۆرۈلۈشى بىلەن قارشى تەرەپ دەۋالاشقۇچى (ياكى پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى) غا مەلۇم دەرىجىدە زىيان ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئادىللىق پىرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا زىيان سالغانىكەن، قارشى تەرەپكە تۆلەپ بېرىشى كېرەك. بۇ دەل مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش ئىلتىماسىدا خاتالىق كۆرۈلگەندە كېلىپ چىقىدىغان تۆلەم مەسىلىسىدۇر. «ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 96 - ماددىسىدا: «ئىلتىماستا خاتالىق كۆرۈلسە ئىلتىماس قىلغۇچى، ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ مال - مۈلكىنى ئامان ساقلاش تۈپەيلىدىن تارتقان زىيىنىنى تۆلەيدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىدە ھەم ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ھەم ئىلتىماس قىلغۇچى ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلەتكەندە قانداق

جازالىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۈنۈملۈك قوغداش ئۈچۈن، ئىلتىماس قىلغۇچى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلغاندا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلتىماس قىلغۇچىنى كېپىللىك بېرىشكە بۇيرىسا بولىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋادىن ئىلگىرى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش ۋە دەۋا جەريانىدا مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئىلتىماس قىلغۇچىنى كېپىللىك بېرىشكە بۇيرىغانلىرىدا بەرگەن كېپىللىك مىقدارى چوقۇم ئامان ساقلاش تەلەپ قىلىنغان مىقدار بىلەن باراۋەر بولۇشى كېرەك. ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىلتىماسىدا خاتالىق كۆرۈلسە ئۇ ئۆزى بەرگەن كېپىللىك ئىچىدىن ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىسى» نىڭ 19 - ماددىسىدا: «ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىلتىماسىدا خاتالىق كۆرۈلۈپ ئىلتىماس قىلىنغۇچىغا زىيان يەتكۈزسە ئىلتىماس قىلغۇچى تۆلەپ بېرىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمەت ھوقۇقى بويىچە ئامان ساقلاش تەدبىرىنى خاتا قوللىنىپ زىيان يەتكۈزسە، خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە تۆلەپ بېرىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى بويىچە ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللانغان چاغدا ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بولۇشقا، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق.

## 5. مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمىنىڭ كۈچى

**1) ۋاقىت كۈچى**

ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەيلى دەۋادىن بۇرۇنقى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمى بولسۇن ياكى دەۋا جەريانىدىكى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمى بولسۇن، كېسىم چىقىرىلغان ھامان قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. دەۋا جەريانىدىكى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمىنىڭ ۋاقىت كۈچىنى ئادەتتە قانۇن كۈچكە ئىگە بولغان ھۆججەتنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىغا قەدەر ساقلاش كېرەك. دەۋادىن بۇرۇنقى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمىدە ئەگەر پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەرز بەرمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى بىكار قىلغان ۋاقىتتا مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمى كۈچىدىن قالىدۇ. ئىلتىماس قىلىنغۇچى كېپىللىك بېرىپ خەلق سوت مەھكىمىسى كېسىم ئارقىلىق مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى بىكار قىلسا، مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمى كۈچىدىن قالىدۇ.

**2) پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى ۋە دەۋالاشقۇچىلارغا بولغان كۈچى**

مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش ئالاھىدە ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ لايىھەلەنگەن بىر خىل تەدبىر. شۇڭا ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. قانۇندا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمىگە قارىتا پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى ۋە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ نارازىلىق ئەرز بېرىشكە بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بار كىشى ۋە دەۋالاشقۇچىلار خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چوقۇم كېسىمدىكى مەزمۇن بويىچە ئىجرا قىلىشى كېرەك. دەۋادىن بۇرۇن مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى ئىلتىماس قىلغان پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز بېرىشى كېرەك.

مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمىنىڭ يۈزدە - يۈز توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، يەنە بىر تەرەپ دەۋالاشقۇچىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، قانۇندا يەنە كېسىمگە قايىل بولمىغاندا پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشى ياكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ بىر قېتىم قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقى، لېكىن قايتا قاراپ چىقىش مەزگىلىدە كېسىمنىڭ ئىجراسىنىڭ توختىتىلمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

**3) ئالاقىدار ئورۇن ۋە سەخسلەرگە بولغان كۈچى**

خەلق سوت مەھكىمىسى تۈزگەن مال - مۈلۈكنى

www.uyghurkitap.com



ئامان ساقلاش كېسىمى دەۋالاشقۇچىلار ۋە پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرگە قارىتا قانۇن كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئالاقىدار ئورۇن ۋە سەخسلەرگە قارىتا مۇئەييەن قانۇن كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ مال - مۈلكىگە قارىتا پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش، توڭلىتىپ قويۇش تەدبىرىنى قوللانغاندا بەزى ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىغا موھتاج بولىدۇ. ماشىنا، پاراخوتنى تىزىملاش مەسىلىسىگە چېتىلغاندا ئالاقىدار مۈلۈك ھوقۇقى تارماقلىرىنىڭ ماسلىشىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار ياكى پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار كىشىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى ياكى ھېسابىدىكى مەبلىغىگە چېتىلىدىغانلىرىدا پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ قاتنىشىشى تېخىمۇ زۆرۈر. ئالاقىدار ئورۇن ياكى شەخسلەر خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمىنى ھەمكارلىشىپ ئىجرا قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، ئۆز ۋاقتىدا كېسىمدە كۆرسىتىلگەن ئامان ساقلاش تەدبىرى بويىچە ھەمكارلىشىپ ئىجرا قىلىشى شەرت. خەلق سوت مەھكىمىسى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىشقا كېسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئامان ساقلاش كېسىمى چىقارغان خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزلۈكىدىن بىكار قىلىۋەتكەنلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىكار قىلىش قارارى چىقىرىلغاندىن باشقىلىرىدا، مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش مۆھلىتى توشماي تۇرۇپ، ھەر قانداق ئورۇننىڭ مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى بىكار قىلىۋېتىشىگە بولمايدۇ.

### 4) خەلق سوت مەھكىمىسىگە بولغان كۈچى

خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمىنىڭ باشقىلارغا قارىتا چەكلەش كۈچى بولغاندىن باشقا، ئۆزىگە نىسبەتەنمۇ مۇئەييەن چەكلەش كۈچى بولىدۇ. بۇ خىل چەكلەش كۈچىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى: قانۇنىي تەرتىپ ۋە بەلگىلىك قانۇن ئاساسى بولماي تۇرۇپ خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، شۇڭا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى يۈرگۈزۈپ، دەرھال ئىجرا قىلىشنى باشلاش كېرەك. مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىگە قارىتا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغانلىرىدا خەلق سوت مەھكىمىسى ۋاقتىدا تەكشۈرۈشى كېرەك. قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېسىم توغرا دەپ قارالغانلىرىدا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىنى ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق رەت قىلىش كېرەك. كېسىم مۇۋاپىق بولمىغانلىرىدا يېڭى كېسىم چىقىرىپ ئۆزگەرتىش كېرەك ياكى ئەسلىدىكى كېسىمنى كۈچتىن قالدۇرۇش كېرەك. ئەرزنى قوبۇل قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىدە خاتالىق بارلىقىنى سەزسە، چوقۇم سوت نازارەت تەرتىپى بويىچە دەرھال تۈزىتىشى كېرەك. ئالى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىسى» نىڭ 19 - ماددىسىدا: «دەۋادىن بۇرۇن مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش كېسىمىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلغۇچى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئەرز قىلمىغانلىرىدا، خەلق سوت مەھكىمىسى مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى بىكار قىلىپ، مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى قوللىنىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈش كېرەك. دەۋا جەريانىدا مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى بىكار قىلىش زۆرۈر بولغانلىرىدا خەلق سوت مەھكىمىسى ۋاقتىدا كېسىم چىقىرىپ، ئامان ساقلاشنى بىكار قىلىۋېتىش كېرەك. مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاشنى بىكار قىلغاندا خەلق سوت مەھكىمىسى سېتىۋەتكەن مال - مۈلۈكنىڭ پۇلىنى ساقلاپ قويغانلىرىدا مال پۇلىنى ئىلتىماس قىلىنغۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك»، دەپ بەلگىلەنگەن.

دېمەك، مال - مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىش ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، بولۇپمۇ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئاساسىدىكى قانۇن قارىشىنى تورغۇزۇشقا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا، خەلق دېموكراتىيەسى دېكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەشكە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى

تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيەلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، هەق ـ تەلەپ قانۇنىنى توغرا يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق؛ يەنە شۇنداقلا مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىش خەلق سوت مەهكىمىسىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇن بويىچە هەق ـتەلەپ دەۋا پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق هەق ـ تەلەپ هوقۇقىنى قوغداشقا پايدىلىق؛ مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرىنى قوللىنىش پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار تەرەپلەرنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا، سوت مەهكىمىسى چىقارغان هۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلغىلى بولمايدىغان «قۇرۇق قەغەز» بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قانۇننىڭ كۈچىنى ھەقىقىي نامايان قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، هەق ـ ناهەق مەسىلىلىرىنى ئېنىق ئايرىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا پايدىلىق.

## پايدىلانمىلار:


1. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دائىم قوللىنىدىغان قانۇنلار توپلىمى، قانۇن نەشرىياتى[M]. 2012 :7 (خەنزۇچە نەشرى).
2. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن تۈزۈم كومىتېتى هەق ـ تەلەپ قانۇنى ئىشخانىسى. «ج خ ج هەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ ماددىلىرىغا قارىتا چۈشەندۈرۈش، قانۇن تۈرغۇزۇش ئاساسى ۋە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر»[M]. بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2012 : 2 (خەنزۇچە نەشرى).
3. جىياڭ بىشىن قاتارلىقلار: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى هەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ماددىلىرىغا قارىتا چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىشى»[M]. قانۇن نەشرىياتى، 2012 :1 (خەنزۇچە نەشرى).
4. روزى ئىسمايىل: « خەلق سوتلىرى قوللانمىسى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011: 1.
5. يالقۇن تىللايوف: «ئۈچ خىل دەۋا ۋە سۈرۈك»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2001 .
6. چاڭ يى: «هەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنشۇناسلىقى»[M]. جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2002 (خەنزۇچە نەشرى).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)04 - 117 - 08

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا يېزىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە ئۇچرايدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى توغرىسىدا*

گۈلئايىم ياقۇپ

(شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى. 830012)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر —— شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىساد ھەم مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭغا ئائىت مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە ئۇچرايدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى قىسقىچە بايان قىلىندۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** چىڭ سۇلالىسى دەۋرى؛ شىنجاڭ؛ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى؛ ھۆججەت

**清代新疆社会经济文书中的度量衡**

古力阿伊木 · 亚克甫

**摘要**：清代社会经济文书是反映新疆独特的经济、文化特色的古籍文献之一，研究古代丝绸之路关于新疆的文化遗迹具有重要的学术价值。本文主要阐述清代的察合台社会经济文书中的度量衡以及分类。

**关键词**：清代；新疆；社会经济；文书

**Abstract:** The social economic documents in Qing Dynasty are one of the valuable works reflecting ancient Xinjiang's unique economic and cultural peculiarities. It is of great academic value to study the cultural relics of ancient Silk Road in Xinjiang. This article mainly elaborates the weights and measures and their classifications in Chaghatay social economic documents in Qing Dynasty.

**Keywords:** Qing Dynasty; Xinjiang; social economy; documents

كىتابلارنى جۈرگۈچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K87　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## مۇقەددىمە

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئېلىمىز مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى. بۇلار شىنجاڭنىڭ ئەينى دەۋردىكى سىياسىي، ئەدەبىيات، قانۇن، تىل - يېزىق، پەلسەپە، دىن، مىللەت، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، سەنئەت، تارىخ، سودا، ئىقتىساد قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ. بۇ يازما يادىكارلىقلار يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت، ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى تەشەببۇسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئۇنى

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ياشلار تۈرى «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى يىپەك يولى بويلىرىدا خاتىرىلەنگەن چاغاتايچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا تەتقىقات»(تەستىق نومۇرى: YJC74002116) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** گۈلئايىم ياقۇپ(1984 ـ يىل4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتور. قوش تىل ئوقۇتۇشى ۋە ۋەسىقىشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قولىيازما سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كىتابلاردىن باشقا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھۆججەتلەردە بۇ يۇرتتا بىرگە ياشىغان ۋە ياشاپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا- سېتىق، ئالماشتۇرۇش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان ھەم شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك سودىلاردىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەر ھۆددىگە بېرىش ۋە ھۆددىگە ئېلىش، قەرز ئېلىش ۋە قەرز قايتۇرۇش، مىراس بۆلۈشۈش قاتارلىق تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى مەزمۇن قىلىپ يېزىلغان يازما ۋەسىقىلەر شۇ دەۋرلەردە خېلىلا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بۇنداق مەزمۇندىكى تۈرلۈك يازما ھۆججەتلەر كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە كۆندىلىك خەت ئالاقە مەزمۇنلىرىنىڭ بىر تۈرىگە ئايلانغان. ھەرقانداق بىر كىشى ياكى ئورۇن مەلۇم بىرسىدىن بىرەر نەرسە ياكى بىرەر بۇيۇمنى قەرز ئالسا ياكى تاپشۇرۇۋالسا ئۆزىنىڭ قەرز ئالغانلىقى ياكى بىرەر نەرسىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدا قارشى تەرەپكە تىلخەت (گۇۋاھلىق خېتى) يېزىپ بەرگەن. كىشىلەر ئېلىم - بېرىم، سودا - سېتىق ئىشلىرىدا ئادىل بولۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر ئۆلچەم بىرلىكنى بېكىتىشكەن.

كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆلچەم بىرلىكلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارالىق ئۆلچەم بىرلىكلىرى بىر قەدەر كەڭ قوللىنىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىلگىرى بىر ئەلدە ياشاۋاتقان ئوخشىمىغان رايوندىكى خەلقلەر ئوخشاش بولمىغان ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى قوللانغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. جۇملىدىن شىنجاڭدا ياشىغان خەلقلەرنىڭمۇ باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكلىرى بولغان ھەمدە يېزىقنىڭ ئالمىشىشى سەۋەبى بىلەن ھەر قايسى دەۋرلەردە ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: باقىر(قوچۇدا كەڭ ئىشلىتىلگەن مېتال پۇل)، بۆز(ئادەتتە پاختا يىپتىن توقۇلغان رەختنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى قوچۇدا خانلىق تەرىپىدىن مەلۇم چوڭلۇقتىكى بۆزنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلىپ ۋە ئىمزا قويۇلۇپ، بازاردا پۇل ئورنىدا ئوبوروتقا قاتناشتۇرۇلغان). كېيىنكى دەۋرلەردە مېتالدىن ياسالغان پۇل تەڭگە (مىس تەڭگە، كۈمۈش تەڭگە) دەپ ئاتالغان. چىڭ دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە بۇ خىل بىرلىكلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

شىنجاڭدا قوللىنىلغان ئۆلچەم بىرلىكى توغرىسىدا بىر قىسىم تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن: جى داچۈننىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ كونا ئۆلچەم تارازا سىستېمىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدا، لى يىنپىڭ «شىنجاڭدا قوللىنىلغان ئۆلچەم بىرلىكىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدا، ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى كۆرسىتىش دائىرىسىگە قاراپ پۇل بىرلىكى، ئېغىرلىق بىرلىكى، مەيدان - يۈز بىرلىكى، ھەجىم(سىغىم) بىرلىكى، ئۇزۇنلۇق بىرلىكى دەپ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بەزى ئۆلچەم بىرلىكلىرى ھەم ئېغىرلىق ھەم مەيدان بىرلىكلىرى ئورنىدا قوللىنىلغان. مەسىلەن: پاتمان، چارەك قاتارلىقلار. ئادەتتە تېرىشقا بىر پاتمان ئۇرۇق كەتسە، بۇنداق يەرلەر بىر پاتمان يەر دەپ ئاتالغان. بىر چارەك ئۇرۇق كەتسە بىر چارەك يەر دەپ ئاتىغان.

## 1. پۇل بىرلىكلىرى

پۇل — چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يەكەن تەۋەسىدە ئىشلىتىلگەن تۆشۈكچە يارماق(پۇل) مىستىن قۇيۇلغان. ئېغىرلىقى ئىككى مىسقال. ئەينى دەۋردە قېزىۋېلىنغان مىس ئاز بولغاچقا، كونا پۇللار يىغىۋېلىنىپ قايتىدىن يېڭى پۇل قىلىپ قۇيۇپ تارقاتقان. بىر يېڭى پۇلغا ئىككى كونا پۇل ئالماشتۇرۇلغان. يېڭى پۇلنىڭ ھەر بىر يارمىقى بىر پۇل، 50 پۇلى بىر كۈمۈش تەڭگە، بىر كۈمۈش تەڭگە بىر سەر ئېغىرلىقتىكى كۈمۈشكە تەڭ بولغان[1]. 1852 - يىلى يېزىلغان بىر پارچە مىراس خېتىدە مۇناسىۋەتلىك

مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. «... بۇ مەزكۇر ئون توققۇز تەڭگە ئون يەتتە پۇللۇق بىساتنى بەختى بۇۋىگە تەقسىم قىلىپ بەردى...»[2] دېمەك، پۇل بىر بىرلىك بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە مۇھىم رول ئوينىغان.

تەڭگە — پۇل بىرلىكى بولۇپ، پۇلنىڭ نامى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. تەڭگە شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن پەيدا بولغان كۈمۈشتىن يۇمىلاق شەكىلدە ياسالغان پۇل ۋە پۇل بىرلىكىنىڭ نامى بولۇپ، يېقىنقى زامانلارغىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ قىممىتى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئەڭ دەسلەپ تارقىتىلغان تەڭگە كۈمۈش پۇل بولۇپ، بىر تەڭگە بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ ئىدى. بىر تەڭگە 50 مىسقال ھېسابلانغان. كېيىنچە كۈمۈشنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە يېڭى قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا پۇل قۇيدۇرۇپ تارقىتىشى نەتىجىسىدە تەڭگىنىڭ نىسبىتىدە ئۆزگىرىش بولغان. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يەكەندە قۇيۇلغان تەڭگىنىڭ قىممىتىدە ئۆزگىرىش بولماي، باشتىن - ئاخىر بىر تەڭگە 50 مىسقال بولۇپ كەلگەن. ئاقسۇ، ئۈچتۇرپاندا قۇيۇلغان تەڭگە 100 مىسقالغا باراۋەر بولغان.

1900 - يىللاردا كۈمۈش پۇللار ئاساسەن تەڭگە دەپ ئاتالغان. 1886 - يىللىرى ئەتراپىدا قۇيۇلغان تەڭگە چوڭ تەڭگە، كىچىك تەڭگە دەپ ئىككى خىل بولغان. يەنى بىر سەرلىك كۈمۈش چوڭ تەڭگە بىر سەردىن كىچىك بولغان كۈمۈش كىچىك تەڭگە دېيىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1900 - يىللاردا 50 پۇلغا باراۋەر كېلىدىغان، 25 پۇلغا باراۋەر كېلىدىغان تەڭگىلەرمۇ قۇيۇپ تارقىتىلغان. بۇلار مىستىن قۇيۇلغان، ئوتتۇرىسى تۆشۈك قۇيما پۇل بولۇپ داچەن دەپ ئاتالغان.

تېزا پۇل - تېزا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن. ئۇ شىنجاڭدا ئازادلىقتىن ئىلگىرى تارقىتىلغان بىر خىل پۇل بولۇپ، ماتا رەخت ئۈستىگە سىر يالىتىلىپ ئۈستىگە نەقىش، خەت ۋە تامغا بېسىپ ئىشلەپچىقىرىلغان يەرلىك پۇلنى كۆرسىتىدۇ. بەزى جايلاردا بۇ خىل پۇلنى ياغلىغۇ دېمۇ ئاتىغان.

يامبۇ - خەنزۇچىدىكى 元宝 نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن. چاك شىسەي «ئۇيغۇرلارنىڭ توختام ھۆججەتلىرىنىڭ ئىزاھلىق يەشمىسى» ناملىق كىتابتا يامبۇ 银锭 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. يامبۇ ئالتۇندىن قۇيۇلغان بولسا ئالتۇن يامبۇ، كۈمۈشتىن قۇيۇلغان بولسا كۈمۈش يامبۇ دەپ ئايرىلغان. 1863 - يىلىدىكى موللا كېپەكنىڭ ئەزىرنامىسىدە «... مەن داۋا قىلغاندىن كېيىن يەتتە ئات ۋە تۆتيۈز قويۇمنىڭ بەدىلىگە ئىككى يامبۇ بەرگەنىدى»[3]، دەپ يېزىلغان، خەنزۇچىدىن كىرگەن بۇ بىرلىك ئەينى دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئالاقىگە سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

سەر — ئەنئەنىۋى پۇل بىرلىكى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى يەنى 1930 - يىللاردا شىنجاڭدا ئۈچ سەرلىك، بەش سەرلىك(1932 - يىلى)، 10 سەرلىك(1931 - يىلى) قىممەتتىكى ئۆلكە پۇلى تارقىتىلغان. چاغاتايچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان بىرلىكتۇر. مەسىلەن، 1893 - يىلى يېزىلغان مەخسۇت باي بىلەن ھوشۇر ئاخۇننىڭ ئىقتىسادىي ماجىراسىدا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. «... ھۈنەر قىلىپ بەرگەن پۇلنى چىقىرىۋېتىپ، ھوشۇرغا بەش سەر پۇل قايتىدىغان بولدى، مەخسۇت بەش سەر پۇلنى قولۇمغا بەردى» [4].

## 2. ئېغىرلىق بىرلىكى

پاتمان — شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئېغىرلىق بىرلىكى، يەر مەيدان بىرلىكى ۋە ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ نامى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە كۆرسىتىلىشىچە، پاتمان 180 - 300 كىلوگىرامغىچە بولغان ئېغىرلىقنى بىلدۈرىدىغان ئېغىرلىق ئۆلچىمى. پاتمان ئەسلىدە قەدىمكى ئىراندا ئىشلىتىلگەن ئېغىرلىق بىرلىكى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا كەڭ قوللىنىلغان. پاتمان سۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا قاچاندىن بېرى قوللىنىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. لېكىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا باتمان سۆزىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. (باتمان — بىر باتمان، ئەت - بىر باتمان ئەت) [5]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باتمان خىلى ئۇزۇن ۋاقىت قوللىنىلغان. «شىنجاڭنىڭ تارىخىي لۇغىتى»دە پاتمان - ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، تارازا، ئۆلچەم

ئەسۋابى ھەمدە يەر مەيدان ئۆلچىمىنىڭ نامى. بىر پاتمان 640 جىڭغا، 5. 3 دادەنگە تەڭ. يەر مەيدانى بولۇپ كەلگەندە، بىر پاتمان ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئېنىق سانلىق مىقدارى يوق دېيىلگەن. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بىر پاتمان 64 چارەك ھېسابلانغان[6].

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يەنى چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى(1759 - يىلى) 7 - ئايدا چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن چاۋ خۇيزۇ بىر پاتماننى ھۆكۈمەتنىڭ تۆت دادەن بەش كۈرەسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغان. شۇ يىلى 12 - ئايدا مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خېدى بىر پاتماننى تۆت دادەن بەش كۈرەگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاش توغرىسىدا مەلۇمات يوللىغان. چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى(1761 - يىلى) 1 - ئايدا يەكەننىڭ ئىش بېجىرگۈچى باش بۇغىمۇ بىر پاتماننى ھۆكۈمەتنىڭ تۆت دادەن بەش كۈرەسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغان. بىر دادەن = 10 كۈرە = 120 جىڭ بولغان. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا بىر پاتماننىڭ 540 جىڭغا باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پاتمان بىر مەزگىل بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ قىممىتىدە يەنە ئۆزگىرىش بولغان. «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇيدىيەن مىساللىرى»دا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇرۇن بىر پاتمان تۆت دادەن بەش كۈرەگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىناتتى، كېيىن بەش دادەن ئۈچ كۈرەگە باراۋەر قىلىپ بېكىتىلگەن» [7].

چارەك — تۆتتىن بىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئادەتتە ۋاقىت، ئېغىرلىق، مەيدان، ئۇزۇنلۇق بىرلىكى قىلىپ قوللىنىلىدۇ.

شاۋ ئەپەندىنىڭ «سۆزلۈك لۇغىتى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭدا ئۈچ خىل چارەك ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى خام يىپەك، بوياق ماتېرىياللىرى، خۇشپۇراق ماتېرىياللار ۋە چايلارنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىر چارىكى تۆت جىڭ ياكى بەش قاداققا باراۋەر. ئىككىنچى خىلى، ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئاشلىق تېشى، ئاشلىق تارازىسى ياكى تۆت تاش، يەنى تۆت تارازا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بىر چارىكى 12. 5 جىڭ ياكى 16 قاداق كېلىدۇ. يەنە بىر خىلى، بەش تاش، بەش تارازا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بىر چارىكى 16 جىڭغا ياكى 20 قاداققا تەڭ بولغان».

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چارەك ئۈچ خىل ئۆلچەم بىرلىكىنىڭ نامى بولۇپ، ھەم ئۆلچەش ئەسۋابىنى ھەم ئېغىرلىقنى ھەم يەر كۆلىمىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا ئادەتتە، «بىر چارەك ئاشلىق»، «بىر چارەكلىك يەر» دېگەندەك ناملار كېلىپ چىققان. چارەكنىڭ قانداق شەكىلدىكى ئۆلچەش ئەسۋابى ئىكەنلىكى توغرىسىدا چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن چۈن يۈەننىڭ «71 خاتىرە» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلار تارازىنىڭ ئىككى بېشىغا ئوخشاش نەرسە قويۇپ، ئىككى تەرەپ تەڭپۇڭلاشقاندىن كېيىن بۇ نەرسىلەرنى ئالماشتۇرىدۇ، بۇنى چارەك دەپ ئاتايدۇ»، دەپ خاتىرىلەنگەن. يەر مەيدانىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا بىر چارەك يەر بىر مو يەرگە تەڭ بولغان.

جى داجۇن ئەپەندى چارەكنىڭ ھەر قايسى جايلاردا ئوخشاش بولمىغان قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى(مەسىلەن: ئازادلىقتىن كېيىن، 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا خوتەن، قاراقاش، گۇما قاتارلىق جايلاردا بىر چارەكنى 16 جىڭغا، قەشقەر كونا شەھەردە 20 جىڭغا، ئاقسۇ، كۇچادا 24 - 25 جىڭغا تەڭ قىلىپ ھېسابلىغان ) ئاساس قىلىپ مۇنداق تۆت تىپقا ئايرىغان[7]: A تۈردىكى چارەك 2.79 كىلوگىرام ياكى 4.52 جىڭ؛ B تۈردىكى چارەك 7.279 كىلوگىرام ياكى 12.18 جىڭ؛ C تۈردىكى چارەك 9.939 كىلوگىرام ياكى 16.63 جىڭ؛ D تۈردىكى چارەك 14.639 كىلوگىرام ياكى 24.5 جىڭ. بۇنىڭ ئىچىدە A تىپتىكى چارەك 1900 - يىللاردا، B تىپتىكى چارەك 1900 - يىللاردىن 1930 - يىللارغىچە، C تىپتىكى چارەك 1900 - يىللاردىن 1950 - يىللارغىچە، D تىپتىكى چارەك 1950 - يىللاردىن كېيىن قوللىنىلغان بولۇپ، ھەر قايسى جايلاردا ئوخشاش بولمىغان. يەنى بەزى جايلاردا 8 كىلوگىرام بەزى جايلاردا 11 كىلوگىرام بولغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ سۇندۇرۇپ ھېسابلاپ چىقىشىچە، ئەينى دەۋردە چارەك «كونا چارەك»، «يېڭى چارەك» دەپ ئايرىلغان. بىر كونا چارەك 18.4 كىلوگىرامغا، يېڭى چارەك 20 كىلوگىرامغا تەڭ بولغان.

سەر - ئەنئەنىۋى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com



ئادەتتە ئالتۇن، كۈمۈش، دورا - دەرمەك قاتارلىق بويۇملارنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ كونا ئۆلچەم بىرلىكلىرى قانۇنىدا 16 سەر بىر جىڭغا ياكى ئون مىسقالغا تەڭ دەپ بەلگىلەنگەن. كېيىن ئۇ بىر جىڭنىڭ 1/10گە تەڭ بولۇپ، بىر سەر 50 گىرامغا تەڭ بولغان.

قەدىمدە پۇل بىرلىكى قىلىپمۇ قوللىنىلغان.

مىسقال — پۇل ۋە ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. شىنجاڭدا بىر مىسقال 1/10 سەرگە، يەنى 4.68 گىرامغا تەڭ بولۇپ، ئۇ يەنە پۇل بىرلىكى قىلىپ قوللىنىلغان.

## 3. مەيدان - يۈز بىرلىكلىرى

پاتمان — يەر مەيدان ئۆلچىمى ۋە ئېغىرلىق بىرلىكى بولۇپ، مىقدارى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان. 1824 - يىلى خاتىرىلەنگەن موللا ياقۇپنىڭ يەر سېتىش ھۆججىتىدە ... « ئىرانلىق سايدىن سۇلايدۇرغان قارا بۇغىنىڭ بېشىدىكى يېرىم پاتمانلىق يېرىنى توختاشبايغا مۇتلەق قىلىپ ساتتىم»[8].

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر پاتماننى 37.65 موغا تەڭ دەپ بېكىتكەن. 19 - ئەسىردىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ياۋروپالىقلارنىڭ ھېسابلىشىغا قارىغاندا، پاتماننىڭ قىممىتى ھەر قايسى جايلاردا ئوخشاش بولمىغان. 30 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقلىق خادىملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بىر پاتمان60.41 مو، 54.25 مولارغا باراۋەر كەلگەن. 50- يىللاردىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا قارىغاندا بىر پاتمان 60.22 مو ۋە 75.29 موغا تەڭ بولغان. بۇرھان ئەپەندى بىر پاتماننى 26.5 موغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغان.

پاتمان ھازىرقى 90 موغا توغرا كېلىدۇ. پاتماننىڭ ھەر قايسى ۋاقىت ۋە ھەر قايسى جايلاردا ھەرخىل سۇندۇرۇپ ھېسابلاشتىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىلگىرى ئاشلىق ئانچە قويۇق تېرىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل ئاشلىق(مەسىلەن: بۇغداي، قوناق، ئارپا) دانلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇنداق پەرق كېلىپ چىققان[9]. مەسىلەن: بىر پاتمان قوناق بىلەن بىر پاتمان بۇغداينىڭ تېرىلىدىغان يېرى ئەلۋەتتە ئوخشاش بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، باشقا مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم بىرلىكلىرى تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن سۇندۇرۇپ ھېسابلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، پاتماننىڭ قىممىتىدە ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن.

چارەك — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر چارەك يەر بىر چارەك ئۇرۇق (يەنى، 16 جىڭ ياكى 20 جىڭ ئۇرۇق) چېچىلىدىغان يەرنى كۆرسىتەتتى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا ئىلگىرى بىر چارەك يەر بىر مو يەرگە باراۋەر قىلىپمۇ ھېسابلانغان.

مو — خەنزۇچە ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىشقا باشلىغان بولسا كېرەك. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا پاتمان، تاناب، چارەك دېگەندەك يەر مەيدان ئۆلچەم بىرلىكلىرى قوللىنىلغاندىن باشقا، مومۇ ئانچە - مۇنچە قوللىنىلغان. 1781 - يىلىدىكى مال - مۈلۈك سېتىش ھۆججىتىدە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بار. «... دادامدىن مىراس قالغان مۈلكى مىراس تەخمىنەن ئىككى تاي ئۆستەڭ، ئەللىك مو يەر، ئون ئىشكىلىك يېپىقلىق ئۆيۈمنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن... قولۇمغا ئالدىم» [10].

پۇڭ — خەنزۇچىدىن كىرگەن ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، مونىڭ ئوندىن بىرىگە تەڭ قىلىپ ئىشلىتىلگەن. 1889 - يىلى يېزىلغان قاسىم خوجىنىڭ يەر سېتىش ماجىراسىدىكى كېلىشىمدە «... ئون مو ئالتە پۇڭلۇق بىر پارچە مۇنبەت يېرىمنىڭ ئىچىدىن بىر يېرىم مولاق، چارەك ھېسابىدا ئۈچ چارەك، قىر ھېسابىدا ئون ئىككى قىر يېرىمنى... چوزا باستۇرۇپ بەرگەنىدىم» [11] دېگەن مەزمۇنلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

لى — خەنزۇچىدىن كىرگەن ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، مونىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ قىلىپ ئىشلىتىلگەن. 1909 - يىلىدىكى تۇردى مەمەتنىڭ يەر سېتىش ھۆججىتىدە «... بىرىنچى دەرىجىدىكى بەش مو يەرنىڭ ئىچىدىن بىر مو ئىككى پۇڭ بەش لى يېرىمنى تەۋە دەرەخلىرى بىلەن قوشۇپ... پۇلىنى ئالدىم» [12] دەپ يېزىلغان.

غەلۋىر — ئەل ئارىسىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان

ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، چاغاتايچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. 1833 - يىلى يېزىلغان چولفاڭ بىبى قاتارلىقلارنىڭ توغقان ئاكىسىنىڭ ئۇستىدىن قىلغان ئەرىزنامىسىدە مۇنۇ مەزمۇنلار بار. «... راباتچىدا ئانىمىزدىن قالغان ئون ئىككى غەلۋىرلىك يېرىمىز بار ئىدى، بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق بىر توغقان ئاكىمىز مەزكۇر يەرنى ئونبەش تۇپ دەرەخ بىلەن سېتىۋېتىپتۇ » [13].

## 4. ھەجىم(سىغىم) بىرلىكلىرى

باغ — ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ئادەتتە ئوت - چۆپ ۋە باشقا باغلىنىپ توشۇيدىغان - يۆتكىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە بىر قۇچاق كەلگۈدەك نەرسىنى بىر باغلام قىلىپ چىغ، تال، كەندىر، توزغاق يوپۇرمىقى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تال - يوپۇرماقلىرى بىلەن باغلايدۇ. قوناق شېخى، ئۇنچە قوراي قاتارلىقلار يىغىۋېلىنغاندا بىر قۇچاقتىن قىلىپ باغلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بېدىنىڭ بېغى كىچىكرەك بولىدۇ. چۈنكى، يېزىلاردىكى بېدە ۋە ئوت - سامان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپرەك پۇل قىلىۋېلىش مەقسىتىدە كىچىكرەك باغلاپ، بازارغا ئاپىرىپ باغ سانى بويىچە ساتىدۇ.

تاغار — قەدىمكى ئەنئەنىۋى ھەجىم ئۆلچەش ئەسۋابى ھەم ھەجىم بىرلىكىنىڭ نامى. ئۇ ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پاختا، يۇڭ، چىگە يىپلىرى بىلەن توقۇلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە، ئىككى يېرىم تاغار بۇغداي ئالدىم، دېگەندەك ئىبارىلەر بار.

جۈۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھان كۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە بىر تاغار 100 مانات، 50 مانات بىر تۇلۇم بولىدۇ، دېيىلگەن[14]. بۇنىڭدىن بىر تاغار ئاشلىقنىڭ ئىككى تۇلۇم كېلىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ. مىنورسكىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بىر تاغار 675 قاداق كېلىدىكەن. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر ئۆلچەيدىغان تارازا يوق بولسا، ئاشلىق ئازراق بولسا دوپپا بىلەن، كۆپ بولسا تاغار بىلەن ئۆلچەپ ھېسابلىنىدۇ. تاغار دېگىنىمىز بۇ يەردە كىچىك خالتىنى كۆرسىتىدۇ، تاغارنىڭ چوڭى پاتماندۇر»[15] دېيىلگەن. 1930 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، خەلق ئارىسىدا «بىر تاغار ئاشلىق 10 چارەككە تەڭ» دېيىدىغان ئۆلچەم نىسبىتى بولغان[16]. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا يەنە «ئالتە چارەكلىك تاغار»مۇ بولغان. «تارىخىي ھەممىدى»دە لوپ تاغىرى تىلغا ئېلىنغان.

يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بىر تاغار بۇغداينىڭ ئېغىرلىقى 95 - 100 كىلوگرام، بىر تاغار قوناقنىڭ ئېغىرلىقى 80 - 90 كىلوگرام كېلىدىكەن. سانلىق مەلۇماتنىڭ مۇقىم بولماسلىقى تاغاردىكى كونا، يېڭى ئاشلىقنىڭ قۇرۇق - نەملىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## 5. ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرى

تاناب — ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، پاختا ياكى چىگىدىن ئېشىلگەن، بەلگىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى تانا(يىپ)نى كۆرسىتىدۇ.

تاناب — «بابۇرنامە»دە ئۆلچەم تانابى دېيىلگەن. بابۇر: «بىر ئۆلچەم تانابى 40 قەدەمگە تەڭ؛ 100 تاناب بىر كۇرۇھقا تەڭ بولىدۇ» [17] دېيىدۇ. «تارىخى ئەمىنىيە»دە بۇ سۆز غەللە - تاناب شەكلىدە ئۇچرايدۇ. بۇ يەر بېجىغا قارىتىلغان سۆز بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز يەنە يەر كۆلىمىنىمۇ بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بەزىدە بىر تاناب تەخمىنەن ئىككى مو ياكى ئىككى چارەككە توغرا كېلىدىكەن. جى داجۇن ئەپەندى: «تاناب پاتماننىڭ 1/32 گە تەڭ»[18] دېيدۇ.

چارەك(سويام) — قولنىڭ باش بارمىقىنىڭ ئۇچىدىن بىگىز بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىقنى بىرلىك قىلغان ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولۇپ، بىر چارەك تەخمىنەن 15 سانتىمېتىرغا باراۋەر كېلىدۇ.

غېرىچ — ئەنئەنىۋى ئۆلچەم بىرلىكى، گەرچە ئۇ رەسمىي ئۆلچەم سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com



لىكىن خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملىشىپ بۈگۈنگىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «... 12 مول (پۇل بىرلىكى)غا يارايدىغان 13 غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر پارچە گىلەم ...» دېگەن ئىبارە بار. «تۈركى تىللار دىۋانىدا» نەرسىلەرنى غېرىچلاپ ئۆلچەش تىلغا ئېلىنغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «تىڭيۈەن غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتا: ئۇيغۇرلار رەخت سېتىۋالغاندا ئۇزۇنلۇقنى غېرىچلاپ تەخمىنەن ھېسابلايدىكەن» دەپ يېزىلغان. مەھمۇد قاتارلىقلارنىڭ يەر سېتىش ھۆججىتىدە... مەمەت توختىدىن سېتىۋالغان شىمالدىن جەنۇبقا توغرىسى سەككىز غۇلاچ تېرىلغۇ يېرىمىزنى... سېتىپ پۇلىنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالدۇق[19]، دەپ يېزىلغان.

غۇلاچ — كەڭ ئومۇملاشقان ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولۇپ، بىر غۇلاچ 1.66مېتىرغا تەڭ بولىدىكەن. بۇ ئۆلچەم بىرلىكى چاغاتايچە ھۆججەتلەردە ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «غۇلاچ بۇنىڭ ئەسلىسى بىر غۇلاچ تاۋار»[20]، دەپ ئىزاھلانغان. بۇنىڭدىن «غۇلاچ» دېگەن ئۆلچەم نامىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قەدەم — ئادەتتە يول يۈرگەندە ئارقىدىكى پۇتنىڭ ئۇچىدىن ئالدىدىكى پۇتنىڭ تاپىنىغىچە بولغان ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. «بابۇرنامە»دە 4000 قەدەم بىر مىل بولىدۇ. دېيىلگەن.

ماڭدام — ماڭدام يەنە چامدامۇ دېيىلىدۇ. بىر ماڭدام ئۈچ قەدەم(تاپان)غا تەڭ بولۇپ، تەخمىنەن بىر مېتىر دەپ ئېلىنىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاغاتايچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر يازما يادىكارلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيەت غەزىنىسىدە يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر يەنە مەزمۇنىنىڭ موللىقى، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلەرنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرىدىنلا خەۋەردار بولۇپ قالماي، يەنە شۇ دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، قائىدە - تۈزۈملىرىنى ۋە پۇقرالىق ئېڭىنى، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى، ئىسىم قويۇش ۋە باشقا ئادەتلىرىنىمۇ بىلەلەيمىز. ماتېرىياللىزملىق قاراش بويىچە ئېيتقاندا، پەقەت مۇشۇنداق مەزمۇنلار نەق يېزىق پاكىتى ئاساسىغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە قوللىنىشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ھۆججەتلەردە يەنە يامبۇ، مو، فۇڭ، لى قاتارلىق خەنزۇچە ئۆلچەم بىرلىكلىرىمۇ ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە خەنزۇچە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ ئۇچرىشى شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن بېرى ئېلىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا مۇشۇ خىلدىكى پاكىت ئاساسى كۈچلۈك بولغان ماتېرىياللارنى تېخىمۇ قېزىش ئېلىمىزنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى يورۇتۇشتا، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

## ئىزاھلار:


[1] بۇ پۇل كۈمۈشتىن قۇيۇلغان پۇلدۇر، بىر تەڭگە بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ.

[2] 张世才. 维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015:114.

[3] 张世才. 维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015:152.

[4] 张世才. 维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015:294.

[5] مەھمۇد كاشغەرىي. «تۈركى تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 (1- توم): 578.

[6] 纪大椿. 新疆历史词典 [M] .新疆人民出版社，1996:96.

[7] 纪大椿. 维吾尔度量衡旧制靠所 [J]. 西域研究，1991(1)：61.

[8] 张世才. 维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015:30.

[9] 纪大椿. 维吾尔度量衡旧制靠所 [J]. 西域研究，1991(1)：63.

[10] 张世才. 维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015:401.

[11] 张世才.维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015:263.
[12] 张世才. 维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015:002.
[13] 张世才. 维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015:057.
[14] 志费尼. 世界征服者史 [M]. 内蒙古人民出版社，1980:725.
[15] 尼玛查. 西域见闻录 [M].宽政本(02 册): 51.
[16] 纪大椿. 维吾尔度量衡旧制靠所 [J]. 西域研究，1991(1):63.
[17] زوھورىددىن مۇھەممەت بابۇر. «بابۇرنامە»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 : 661.
[18] 纪大椿. 维吾尔度量衡旧制靠所[J]. 西域研究，1991(1):63.
[19] 张世才. 维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015:812.
[20] مەھمۇت قەشقىرى. «تۈركى تىللار دىۋانى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984( 1 - توم): 465.

## پايدىلانمىلار:

1. 纪大椿. 维吾尔度量衡旧制靠所 [J]. 西域研究，1991(1).
2. 张世才. 维吾尔族契约文书译注 [M]. 新疆大学出版社，2015.
3. ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت، ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى: «شىنجاڭ تارىخىدىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2015.
4. ئابلىكىم ياسىن، ئاسىيە مۇھەممەت سالىھ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر تارىخى»[J]. تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى، 2002 (2).

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 06 ـ 125 ـ 04(2017) 5878 ـ 1005

# «قوش ئالدىنقى قاتار»دىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرى

## ـــــــ شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى مىسالىدا*

گۈلبوستان ئابلىمىت

(شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، ئۈرۈمچى. 840046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەكتەپ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئۇچۇر مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى 1960 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي قۇرۇلغاندىن تارتىپ، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى، ساقلانغان كىتاب ماتېرىياللار بايلىقى ۋە ئۇلارنى تۈرگە ئايرىش، رەتلەپ ساقلاش، مۇلازىمەت ئەندىزىسى قاتارلىقلاردا ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە. بىراق، «قوش ئالدىنقى قاتار»دىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار كۇتۇپخانىسىغا لايىق كۇتۇپخانا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، كۇتۇپخانىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، كۇتۇپخانىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «قوش ئالدىنقى قاتار»دىكى ئالىي مەكتەپ؛ كۇتۇپخانا؛ ئوقۇرمەن

**“双一流”高校图书馆发展优势与面临的问题**

**——以新疆大学图书馆为例**

**古丽布斯旦 · 阿不力米提**

**摘要：**高校图书馆作为高校一个重要机构，是校内最重要的信息资源。新疆大学图书馆于 1960 年 10 月 1 日正式成立来，一直致力于图书馆建设，对藏书进行分类，整理保存，打造服务模式等。但是，为了建设适应“双一流”大学图书馆，还应增强图书馆竞争能力，加快现代化步伐，提高图书馆的服务能力和图书利用效率。

**关键词：**“双一流”高校； 图书馆；读者

**Abstract:** Abstract: University libraries, as an important section in colleges, are the most important information resources in the university. The Xinjiang University Library was formally established on October 1, 1960. It has been devoted to the construction of library, categorizing the collection of books, organizing the preservation, and creating the service models. However, to build a library suitable for “Double First-Class” university, it is also necessary to enhance the library's competitiveness, accelerate the pace of modernization, and improve the library's service capabilities and book utilization efficiency.

**Keywords:** “Double First-Class” universities; library; readers .

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** G258 **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

2017 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، مائارىپ مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت تەرەققىيات ئىسلاھات كومىتېتى بىرلىكتە خەلقئارالىق ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە كەسىپلەر تىزىملىكىنى ئاشكارىلىدى. شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 42 ئالىي مەكتەپ «قوش ئالدىنقى قاتار»دىكى ئالىي مەكتەپ قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگودىكى بەش ئاپتونوم

---

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** گۈلبوستان ئابلىمىت ( 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، ياردەمچى باشقۇرغۇچى، كىتاب باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە بۇ تىزىملىككە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بىردىن - بىر ئالىي مەكتەپ بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە قوللىغانلىقىنىڭ تىپىك نامايەندىسى.

«قوش ئالدىنقى قاتار»دىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىيات ئەۋزەللىكى بىزگە نۇرغۇن پۇرسەتلەر بىلەن بىرگە، نۇرغۇن خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ بىزدىن يەنىمۇ ئىرىشىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى، ئىجادچانلىق روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۇتۇپخانا خىزمىتىمۇ شۇ قاتاردىكى تۈپ خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

## 1. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

كۇتۇپخانا — كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ۋەسىقە ۋە باشقا ھەر خىل تۈردىكى ماتېرىياللارنى توپلاپ، يىغىپ، ساقلاپ، رەتلەپ، شۇنداقلا جەمئىيەت ئۈچۈن تەمىنلەپ، مۇلازىمەت قىلىدۇرىدىغان مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئورگىنى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى 1960 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى قۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىزچىل غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، دوڭ بىۋۇ، خۇ ياۋباڭ، جۇ دې، جۇ ۋۇ پېيىۈەن، لى فېڭچىڭ، بۇرھان شەھىدى، ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كۇتۇپخانىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋە يېتەكچىلىك قىلغان.

ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ مەركىزىي مەكتەپ رايونى كۇتۇپخانىسىدىن باشقا، جەنۇبىي مەكتەپ رايونى كۇتۇپخانىسى ۋە شىمالىي مەكتەپ رايونى كۇتۇپخانىسىدىن ئىبارەت ئىككى تارمىقى بار بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 50 مىڭ كىۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. قىرائەتخانا، كىتاب - ژۇرنال بۆلۈمى ۋە ئۆگىنىش زالى قاتارلىق جەمئىي 30 دىن ئارتۇق مۇلازىمەتخانىسى ، 91 نەپەر خىزمەتچىسى بار. كۇتۇپخانىدا «تەبىئىي پەنگە ئائىت ماتېرىياللار قىرائەتخانىسى»، «ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت ماتېرىياللار قىرائەتخانىسى»، «گېزىت - ژۇرناللار قىرائەتخانىسى»، «يىغىپ، ساقلاش بۆلۈمى»، «قەدىمىي ئەسەرلەر قىرائەتخانىسى» قاتارلىق ئايرىم قىرائەتخانىلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەرقايسى بۆلۈملەرگە قويۇلغان كىتاب، ماتېرىياللار شۇ بۆلۈمنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئايرىپ تىزىلغان. كۇتۇپخانىدا ئومۇمەن خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، ئۆزبېكچە، موڭغۇلچە، مانجۇچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە تىللاردىكى كىتاب - ماتېرىياللار ساقلانغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا يەنە ئالىي مائارىپ سىستېمىسىدىكى كۇتۇپخانىلارغا ئوخشاش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نادىر ئەسەرلەر، شۇنداقلا ئاخبارات-نەشرىيات ماتېرىياللىرى يىغىپ ساقلانغان. نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشى، نەشر بۇيۇملىرى تۈرى ۋە سانىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىگە قارىتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى كىتاب - ژۇرناللارنى جۇغلاش، رەتلەش خىزمىتىنى سىستېمىلىق، تەرتىپلىك ھالدا ئىشلەپ كەلدى.

مەكتەپ پارتكومىنىڭ يېقىندىن قوللىشى ئاستىدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ئۆز ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات مۇساپىسىنى باشلاش بىلەن بىرگە، يەنە نۇرغۇن خىرىسلارنى كۈتۈۋالدى، مەسىلەن، كىتاب ماتېرىياللارنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشى ۋە كۆپىيىشى، زامانىۋى كۇتۇپخانا باشقۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىش، ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كۇتۇپخانىنىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى، كۇتۇپخانا مۇھىتىنى ياخشىلاش جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان تەرەققىيات بوشلۇقى مەۋجۇت. بۇلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنى ھەقىقىي تۈردىكى «قوش ئالدىنقى

قاتار» دىكى ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدۇر.

## 2. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىنىڭ كىتاب ـ ماتېرىيال بايلىقى ئەۋزەللىكى

نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ ئومۇمىي سانى 1960 ـ يىلىدىكى 280 مىڭ پارچىدىن 2016 ـ يىلىدىكى 3 مىليون 460 مىڭ پارچىغا يەتكەن. 2006 ـ يىلى 7 ـ ئايغا قەدەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىدا 300 خىلدىن ئارتۇق ئازادلىقتىن ئىلگىرى خەنزۇ تىلىدا نەشىردىن چىققان شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك ئەسەرلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. يېقىنقى ۋە بۇگۈنكى دەۋردە نەشىردىن چىققان شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر بولسا 600 خىلغا يېتىدۇ. شىنجاڭدىكى قەدىمكى تىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەر 200 خىلغا يېتىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي سانى 700 پارچىدىن ئاشىدۇ، ھازىرقى ۋە بۇگۈنكى زاماندا نەشىردىن چىققان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تۈرى 15 مىڭ خىلغا يېتىدىغان بولۇپ، 160 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ، كۈتۈپخانىدا بۇلاردىن باشقا، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نادىر كىلاسسىك ئەسەرلىرىمۇ ساقلانغان بولۇپ، شۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ۋە گېزىت ـ ژۇرناللار 220 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. ئېلېكترونلۇق كىتاب سانى 1 مىليون 320 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسى 2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كىتابلارنى رەقەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى باشلىغان بولۇپ، جەمئىي 95 سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇپ چىققان، بۇلارنىڭ ئىچىدە سىرتتىن سېتىۋالغىنى 84، ئۆزى قۇرغىنى 11. مەكتەپ 9 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئاپتوماتلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە تور ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلىغان، شۇنداقلا جۇڭگو ژۇرناللار توپلىمى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا ژۇرنىلى توپلىمى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، كۆپ تەرەپلىمىلىك سانلىق مەلۇمات بايلىق ئامبىرى سىستېمىسى، جۇڭگو ماتېرىيال ـ ئۇچۇر ساھەسى، ProQuest دىسسېرتاتسىيە توپلىمى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، OCLC FirstSearch توپ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە Elesiver، Kluwer، Springer، ACS ئېلېكترونلۇق ژۇرنال توپلىمى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قاتارلىق 13 خىل ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر بايلىقى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى سېتىۋالغان. كۈتۈپخانا قۇرۇلغاندىن بۇيان، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا ساقلانغان خەنزۇ تىلى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى، شۇنداقلا بىر قىسىم چەت ئەل تىلىدىكى كىتابلار جەمئىي 186 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ.

## 3. كۈتۈپخانىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسى كۈتۈپخانا مۇلازىمىتى، كۈتۈپخانا باشقۇرۇش، شۇنداقلا كىتاب ـ ماتېرىيال بايلىقى جەھەتتە باشقا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تولۇقلاشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن يېتەرسىز تەرەپلىرى بار. بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاشتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھەر بىر خىزمەتچى شۇنداقلا يەنە ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالاقىدار تەكلىپ ـ پىكىرلىرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ كۈتۈپخانىدا ساقلانغان بىر قانچە تۈرلۈك مەسىلىلەر ۋە ماس تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

كۈتۈپخانىمىزدا ھازىرغا قەدەر بىر قانچە بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەر قايسى بۆلۈملەرگە قويۇلغان كىتاب ـ ماتېرىياللار شۇ بۆلۈمنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن ئايرىپ تىزىلغان، مەسىلەن، «تەبىئىي پەنگە ئائىت ماتېرىياللار بۆلۈمى»، «ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت ماتېرىياللار بۆلۈمى»، «مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى كىتاب ـ ژۇرناللار بۆلۈمى»، «قەدىمىي ئەسەرلەر بۆلۈمى» قاتارلىقلار. لېكىن ھازىر

يۇقىرىقى بەزى بۆلۈملەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب - ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش فۇنكسىيەسىنى يوقىتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇزاكىرە زالىغا ئايلىنىپ قالماقتا. ھەتتا بەزى ئوقۇغۇچىلار بۇ بۆلۈملەردە بەزى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇقىم مۇزاكىرە ئورنى قىلىۋالماقتا. بۇ ئەھۋال كۇتۇپخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ كىتاب - ماتېرىياللارنى رەتلەش خىزمىتىگە شۇنداقلا كۇتۇپخانىنىڭ ئامانلىق خىزمىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

گېزىت - ژۇرنال كۇتۇپخانىمىزدا ئارخىپلاشتۇرۇپ ساقلانغان مۇھىم ھۆججەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. گېزىت- ژۇرناللار ئۇچۇر تارقىتىشچانلىقى تېز، ئۇچۇر مىقدارى كۆپ، يېڭىلىنىشى تېز، ۋاقىتچانلىقى كۈچلۈك، مەزمۇنى يېڭى، داۋاملىششچانلىقى سىجىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇچۇر ئىگىلىشىدىكى ئەڭ ياخشى تەمىنلىگۈچى ھېسابلىنىدۇ. كۇتۇپخانىمىزدا ئاپتونوم رايونىمىزدا 1950 - يىلدىن بۇيانقى نەشردىن چىققان گېزىت - ژۇرناللار تولۇق ساقلانغان بولۇپ، رايون تەۋەلىكى ۋە تىل تۈرى جەھەتتىن تولۇق يىغىپ ئارخىپلاشتۇرۇلغان. نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا ياكى باشقا ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىن ئىزدەپ تاپالمىغان ماتېرىياللارنى كۇتۇپخانىمىزدىن ئىزدەپ تېپىپ پايدىلاندى ھەم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتتى. ۋاھالەنكى، يېقىندىن بۇيان بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار ئۆز قىممىتىنى تولۇق نامايان قىلىش رولىنى يوقىتىپ قويماقتا. مەسىلەن ، 1990 - يىلدىن بۇرۇن نەشردىن چىققان خەنزۇ تىلىدىكى ئىلمىي ژۇرنال ۋە قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى يەر ئاستى ئامبىرىغا توشۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب - ژۇرنال جازىسىدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ.

بۇلاردىن سىرت، كۇتۇپخانىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش جەھەتتە كۇتۇپخانىمىز بەلگىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، سۈپەت ۋە سان جەھەتتىن دۆلىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە يەنىلا بىر قەدەر ئارقىدا ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق كۇتۇپخانىدىن پايدىلىنىشى جەھەتتە يېتەرسىز ئامىللار خېلىلا كۆپ. سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ كۇتۇپخانا ماتېرىياللىرىدىكى ئىگىلىگەن مىقدارىمۇ ئاز بولۇپ، يېڭىلىنىشى خېلىلا ئاستا، بۇ ئامىللار ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق كۇتۇپخانىدىن پايدىلىنىشقا بولغان قىزىقىشىنى سۇسلاشتۇرماقتا. بۇ ھەقتە مەن تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار تەكلىپ - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

**1) كۇتۇپخانىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش لازىم**

ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىلىم - ئۇچۇر ئېھتىياجى ۋە ئۆگىنىش - تەتقىقات ئېھتىياجى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مۇھىم سورۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ئۆزىنىڭ پەن - تەتقىقاتتىكى ياردەمچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچىنىمۇ ئاشۇرۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيەسىنى توغرا تونۇشى، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۆستۈرۈشى لازىم. ئۆزىدە بار بولغان كىتاب- ماتېرىيال بايلىقى ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىش بىلەن بىللە، كۇتۇپخانىچىلىق تەتقىقاتىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم خىزمەت ھالقىسىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، كۇتۇپخانا باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىلمىيلەشتۈرۈشى ۋە بىر قەدەر سىستېمىلاشقان كۇتۇپخانا باشقۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىشى كېرەك. تۈرلۈك بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۇتۇپخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، خادىم قوبۇل قىلغاندا كۇتۇپخانىنى بىر پۈتۈن جەمئىيەت، بىر پۈتۈن مەدەنىيەت چەمبىرىكى نۇقتىسىدىن كۆزىتەلەيدىغان، كەڭ دائىرىلىك دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان، ئىلغار پىكىرلىك، قابىلىيەتلىك، ساپالىق كىشىلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، كۇتۇپخانىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاپتوماتلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. كۇتۇپخانا باشقۇرۇشتا زۆرۈر بولغان يېڭى تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكىرىدىكى ۋە خەلقئارادىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۇتۇپخانا باشقۇرۇش مېخانىزمىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، يېڭىچە تۈستىكى ئاپتوماتلاشقان كۇتۇپخانا بەرپا قىلىش لازىم.

**2) كۇتۇپخانىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك**

كۇتۇپخانىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئادەتتە كۇتۇپخانا تېخنىكىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە كۇتۇپخانا ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىزمەت «قوش ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپ» كۇتۇپخانا خىزمىتىدىكى ئەڭ زۆرۈر خىزمەتلەرنىڭ بىرى. يېڭى تىپتىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشتا، ئۆزىدە بار بولغان ئەۋزەللىكتىن ياخشى پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىچە ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىش، شۇنداقلا قالاق ھالەتتىكى كۇتۇپخانا باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئەلۋەتتە، بۇ زور سوممىلىق مەبلەغ ۋە ئىلغار پىكىرلىك تەكلىپ - لايىھەلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى كونكرېت تەكلىپلەر مۇنۇلار: بىرىنچىدىن، كومپيۇتېر ۋە تور تېخنىكىسىنىڭ كۇتۇپخانا خىزمىتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. كومپيۇتېرنىڭ كۇتۇپخانا خىزمىتىدىكى رولى تولىمۇ زور بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر كىتاب ئوقۇش، كىتاب ئارىيەتكە ئېلىش، كىتاب قايتۇرۇش، كىتاب - ماتېرىيال سانىنى خاتىرىلەش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى قىلغاندا كومپيۇتېر تورى ئەڭ قولايلىق ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئېلېكترونلۇق قايتا بېسىش تېخنىكىسى، مىكرو ھالەتتە سۈرەتكە تارتىپ خاتىرىلەش تېخنىكىسى، ئاۋاز تەسۋىر تېخنىكىسى قاتارلىق ئىلغا تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، كۇتۇپخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت بېسىمىنى يەڭگىللىتىش، شۇنداقلا كۇتۇپخانىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ تېخنىكىلارنى يېڭىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن زور مىقداردىكى مالىيە مەبلىغى كېرەك بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، خىزمەت جەريانىنى ماشىنىلاشتۇرۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ھۆججەت - ماتېرىيال خىزمىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش كېرەك. بەشىنچىدىن، ئارخىپلاشتۇرۇپ ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئالتىنچىدىن خىزمەتچىلەرنى مەخسۇس تۇرغۇزۇش كېرەك. يەتتىنچىدىن، كۇتۇپخانا بىخەتەرلىك ئۇل - ئەسلىھەلىرى ۋە قائىدە - تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**3) كۇتۇپخانىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ۋە كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك**

كۇتۇپخانىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ۋە ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. كۇتۇپخانا پەقەت كىتاب ئوقۇيدىغان سورۇن بولۇش فۇنكسىيەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈرلۈك بىلىم ئېلىش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئېھتىياجىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان ئىلمىي ئەمگەك سورۇنى بولۇش فۇنكسىيەسىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملىشى كېرەك. كۇتۇپخانا زور مىقداردىكى كىتاب بايلىقىغا ئىگە بولۇش بىلەنلا كۇپايىلەنسە بولمايدۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب - ماتېرىياللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى ئۈچۈنمۇ ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، كۇتۇپخانا ئوقۇرمەنلەرگە قارىتىلغان ھەر خىل سەپەرۋەرلىك ۋە رىغبەتلەندۈرۈش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ تۇرۇشى كېرەك، مەسىلەن، كىتاب ئوقۇش ئۇچۇرىنى ئاپتوماتىك خاتىرىلەپ خۇلاسىلەش ئارقىلىق كىتاب ئوقۇش ماھىرلىرىغا مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىش، كىتاب سوۋغا قىلىش قاتارلىقلار. ئېلېكترونلۇق كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىقمۇ كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەڭ قولايلىق ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئارقىلىق كىتابقا يېقىنلىشىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش كېرەك.

بولاردىن باشقا، ھەر قايسى پەنلەر بويىچە مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

قىسقىسى، ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شەكلىدە بىر قاتار يېڭىلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى مائارىپ ئەندىزىسىگە قاراپ يۈزلەنمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم فۇنكسىيەلىك تارمىقىنىڭ بىرى بولغان كۇتۇپخانا چوقۇم ئۆز رولىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھەر ۋاقىت يېڭىلىقتا ۋە دۇنياۋىلىقتا ئىگە بولغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ يېڭى ماتېرىياللار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى، ئالدىنقى قاتاردىكى كەسىپ قۇرۇلۇشى ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا يۈزلىنىش ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى كۇتۇپخانا خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى يېتەكچى نىشانى قىلىپ، زامانىۋىيلىقتا، خاسلىقتا ئىگە جۇڭگوچە يېڭى تۈستىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىسى قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

## پايدىلانمىلار:


1. ئايگۈل ئايۇپ: «ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا»[J]. كىتاب مۇنبىرى، 2008(1).
2. سادىر راخمان : «ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇشتىكى رولى ۋە ئېلېكترلەشكەن كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى»[J ]. كىتاب مۇنبىرى، 2008(1).
3. ماھىرە زىياۋدۇن: «كۇتۇپخانىشۇناسلىق ئۇسۇلى نەزەرىيەسى تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش»[J]. كىتاب مۇنبىرى، 1999 (1).
4. ئاتىكەم ئابلىمىت، ھەبىبۇللا يۈسۈپ قاتارلىقلار: «قانداق قىلغاندا كۇتۇپخانىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ»[J ] . كىتاب مۇنبىرى، 2005 (4).
5. پەرىلەت مۇھەممەت: «ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىش»[J] . كىتاب مۇنبىرى، 2005 (3).


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 06 ـ 131 ـ 04(2017) 5878 ـ 1005

# يېڭى تاراتقۇلار دەۋرىدىكى رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر مۇھەررىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىقتىدارلار ھەققىدە*

نۇرمۇھەممەت ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى. 830047)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئىنتېر تورى دەۋرىدە ھەممە كىشىنىڭ ئۇچۇر تارقاتقۇچى بولۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، ئۇچۇرنىڭ يەر شارىلىشىش يۈزلىنىشى بارغانسېرى روشەنلەشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىنتېر تورىنىڭ ئومۇملىشىشى ھەمدە ئۈندىدار، مىكروبىلوگ ۋە تۈرلۈك تور سۇپىلىرى كۆپ مىقداردا قوللىنىلىپ، ئۇچۇرنىڭ تارقىلىش يوللىرى كۆپ مەنبەلىكلەشتى، تارقىلىش ۋاستىسى كۆپ خىللاشتى. كەسكىن كەسىپ رىقابىتىدە، دەۋر ئېقىمىنىڭ سىناقلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ رادىيو ئىستانسىسىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان خەۋەرلەر مۇھەررىرى ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، رادىيو ئىستانسىسىنىڭ يېڭى تاراتقۇلار دەۋرىدە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، خەۋەرلەر مۇھەررىرى ئۆزىنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشى لازىم.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: خەۋەرلەر مۇھەررىرى؛ رادىيو ئىستانسىسى؛ يېڭى تاراتقۇلار

## 浅谈新媒体时代广播电台新闻编辑应具备的能力

努尔买买提 · 阿不都热依木

**摘要**：在互联网时，代每个人都可以成为信息的传播者，信息全球化趋势越来越明显。近年来，伴随着互联网的普及，以及微信、微博和各种网络平台的大量使用，信息传播呈现出渠道多元化和传播主体多元化。在激烈的行业竞争中，该如何应对时代浪潮的考验？在广播电台中起主导作用的新闻编辑，具有极大的影响力。因此，为了广播电台能在新媒体时代得到更好的发展，新闻编辑应着力提高自身的职业素养和综合能力。

**关键词**：新闻编辑；广播电台；新媒体

**Abstract:** In the age of the Internet, everyone can become a disseminator of information, and the trend of information globalization is becoming more and more obvious. In recent years, along with the popularization of the Internet and the massive use of WeChat, Weibo and various network platforms, information dissemination has been presented the diversification of outbound channels and diversification of the medium. In the fierce competition in the industry, how to deal with the test of the tide of the times? News editors who play a leading role in radio stations have a great influence. Therefore, for radio stations to be better developed in the new media era, news editors should focus on improving their professionalism and comprehensive ability.

**Keywords:** news editor; radio station; new media

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G222.1    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى، ئاخبارات ۋاستىلىرى ساھەسىدىمۇ تەرەققىيات تېز بولدى، ئەسلىدىكى گېزىت، رادىيو ۋە تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار ئاللىقاچان يېڭى دەۋردىكى پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقى بولغان يېڭى ئاخبارات ۋاستىلىرى دەۋرىگە كىردى. يېڭى تاراتقۇلارنىڭ شەكلى كۆپ خىل، مەسىلەن ئىنتېر تورى، رەقەملىك تېلېۋىزىيە، رەقەملىك گېزىت، رەقەملىك رادىيو قاتارلىقلار. ئەنئەنىۋى تاراتقۇلاردىن بولغان رادىيو

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور**: نۇرمۇھەممەت ئابدۇرېھىم (1961 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان) مۇدىر دىكتور، دىكتورلۇق ۋە مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىستانسىسى يېڭى تاراتقۇلار پەيدا بولغاندىن كېيىن چەتتە قالدى. مۇھەررىرلەر يېتەكچى رولغا ئىگە خەۋەر تەھرىرلىكىدە، تىرىشىپ ئۆزىنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، رادىيو ئىستانسىسىنىڭ يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. بۇ ماقالىدە يېڭى ئاخبارات ۋاستىلىرى دەۋرىدە رادىيو ئىستانسىسى ئاخبارات تەھرىرلىكىدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىقتىدار تەھلىل قىلىندۇ.

## 1. رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر مۇھەررىرى

رادىيو ئاڭلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاخبارات تارقىتىدۇ، خەۋەرلەر پىروگراممىسى رادىيو ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى، رادىيو ئىستاسىسىدىكى ھەممىدىن مۇھىم پىروگراما. رادىيو ئىستانسىسى خەۋەر مۇھەررىرى دېگىنىمىز رادىيو ئاڭلىتىشتىن ئىلگىرى مەزمۇنغا قارىتا پىلانلاش ئېلىپ بېرىپ، پۈتكۈل ئاڭلىتىش جەريانىدىكى مەزمۇننى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، سۆز ئىشلىتىش مۇۋاپىق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، رادىيو ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلەر مۇھەررىرى رادىيو ئاڭلىتىش ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ھەر خىل يېڭىدىن گۈللەنگەن تاراتقۇلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى بىلەن رادىيو ئىستانسىسىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى. رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرچىلىكنى داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز دېيدىكەنمىز، چوقۇم خەۋەر تەھرىرلىكىدە يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم. تارقىتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنئەنىۋى ئاڭلىتىش شەكلىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاڭلىتىش مەزمۇنى، تەرتىپى، شەكلى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل پىلانلىغاندىلا ئاندىن ئاڭلىغۇچىلارنى جەلپ قىلغىلى، رادىيو ئىستانسىسىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

## 2. يېڭى تاراتقۇلارنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە يېتەرسىزلىكى

### 1) يېڭى تاراتقۇلارنىڭ ئەۋزەللىكى

يېڭى تاراتقۇلار نېمە ئۈچۈن ئەنئەنىۋى تاراتقۇلارغا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ؟ ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يېڭى تاراتقۇلار ئەنئەنىۋى تاراتقۇلارنىڭ ۋاقىت، ئورۇن قاتارلىق جەھەتلەردىكى چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. تېلېۋىزىيە، رادىيو، گېزىتلەرنىڭ رەقەملىكلىشىشى بىلەن، كىشىلەر ھەر ۋاقىت مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ھەممىدە چەت ئەللەرگە دائىر خەۋەرلەرنى ئىگىلىيەلەيدىغان بولدى، جۇغراپىيىلىك ئارىلىق كىشىلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا، مەدەنىيەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا توسقۇن بولالمايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېڭى تاراتقۇلارنىڭ تارقىتىدىغان ئۇچۇر تارقىتىش مىقدارى تېخىمۇ كۆپ، سەرپ قىلىنىدىغان تەننەرخ تېخىمۇ تۆۋەن، بەھرىلىنىشكە تېخىمۇ قولايلىق.

يېڭى تاراتقۇلارنىڭ رەقەملىكلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ ئەنئەنىۋى تاراتقۇلاردا قوللىنىلىشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، ئىقتىدارى جەھەتتە كىشىلەرنىڭ رايىغا تېخىمۇ مايىللاشتۇرۇلۇپ، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ناھايىتى ياخشى ماسلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى تاراتقۇلارمۇ دەۋرنىڭ قەدىمىگە تېخىمۇ ماسلاشتى. بۈگۈنكى كۈندە يېڭى تاراتقۇلارنىڭ تەسىرىدە ئەنئەنىۋى تاراتقۇلارنىڭ بەھرىلەنگۈچىلىرى ئىلگىرىكىدىن ئازايغان بولسىمۇ، يېڭى تاراتقۇلاردا «قىزىق نۇقتا» بولغان بىرەر خەۋەر تارقالسا، ئۇنىڭ چىن ياكى ساختىلىقىنى ئايرىشتا ئاۋام يەنىلا ئەنئەنىۋى ھۆكۈمەت ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانماقتا، بۇ ئاۋام ئاڭ سەۋىيەسى ئۆسكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

### 2) يېڭى تاراتقۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكى

خەلق ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە، يېڭى ئاخبارات ۋاستىلىرى بارغانسېرى تاۋارلىشىش يولىغا ماڭدى. تاۋارلىشىش ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەت

uyghurkitap.com



شۇكى خەۋەرلەرنى مەقسەتلىك بۇرمىلاش مەۋجۇت، بەزى يېڭى تاراتقۇلار ھەتتا كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ياكى سودا مەقسىتىدە مەۋھۇم يالغان ئاخبارات ئويدۇرۇپ چىقىش ئەھۋاللىرى پەيدا بولدى، بۇ خىل ھادىسىلەر يامراپ ئوقۇرمەنلەرنى قىسقا مۇددەت قايمۇقتۇردى، چۈنكى تور دەۋرىدە ساختا خەۋەرلەرنىڭمۇ ئۆمرى قىسقا بولىدىغانلىقى ئايان بولدى. ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار دەۋرىدە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان خەۋەر - ئۇچۇرلار ئەنئەنىۋى تاراتقۇلاردىن كەلگەن، ساختا خەۋەرلەر بولسا ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىدىغان بولۇپ، تارقىلىش سۈرئىتىمۇ ئاستا، دائىرىسى تار بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە، يېڭى تاراتقۇلار، ھەتتا ئۈندىدار، مىكرو بىلوگ دېگەندەك شەخسىي تاراتقۇلارنىڭ ساختا خەۋەرلىرىمۇ «جاھانغا تارايدىغان» بولدى. 2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنخۇا تورىنىڭ «شىنخۇا كۆرۈش نۇقتىسى» سەھىپىسىگە «جۇڭگودىكى ئەڭ بايلىق شىلەر مەكتەپ مۇدىرى نېمىشقا تور بېكەت ئۈستىدىن ئەرز قىلدى؟» دېگەن ماقالە بېسىلغان بولۇپ، بۇ يازمىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى توردا كەڭ تارقالغان، مەملىكەتتىكى 10 نەچچە توربېتى كۆچۈرۈپ ئېلان قىلغان، كېيىن يازمىنىڭ باش پېرسوناژى ساۋ شىن تۇرۇشلۇق شىنجېي ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي مەسىلە يوقلۇقى ئېنىقلانغان، يازما مەزمۇنى ئەمەلىيەتكە ئېغىر دەرىجىدە ماس كەلمىگەن[1]. بۇنىڭغا يەنە 2016 - يىلى كۆلدۈرگە چولپىنى شياۋشېنياڭنىڭ بېيجىڭدا ئاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلغانلىقىدەك سۈرەت كىرىشتۈرۈلگەن ساختا خەۋەرنى مىسال قىلىپ ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە كەلتۈرگىنىمىز بىرقەدەر تىپىك مىسال بولۇپ، توردا ساختا خەۋەرلەرنىڭ داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە تېزلىكتە پاش بولۇۋاتقانلىقىنى بەيدۇغا كىرىپ «توردىكى ساختا خەۋەرلەر» (网络虚假新闻) دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق بىلەلەيمىز

رەقەملىك كۆچمە تېرمىنال ئارقىلىق شەخسىي ئۇچۇرلارنى تېز قوبۇل قىلغىلى ۋە ئېلان قىلغىلى بولۇشى كىشىلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىنى تېخىمۇ قولايلىقلاشتۇردى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قىسىم پەزىلەتسىز ئادەملەر بۇ ئىقتىداردىن پايدىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ تۆۋەن چېكىدىن ھالقىغان ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ، تور ئەھلى ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ قېلىپلاشمىغان، ئاممىنىڭ چۈشىنىشى قولايسىز بولغان ئاتالمىش «يېڭى» سۆز - ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ، ئەدەبىي تىلنىڭ قېلىپلىشىشىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلدى. مەسىلەن: ھازىر جەمئىيەتتە بىرقىسىم كىشىلەر «مودا» قىلىۋالغان «ھازىرقى ۋاقىتتىكىلار (ياكى مۇشۇ ۋاقىتتىكىلار) خەيرلىك بولسۇن»، دېيدىغان غەيرىي سالام بېرىش سۆزى بار، بۇنىڭدىن بىلىنىدىغان ئۇقۇم، ئاڭلىغۇچىنىڭ پەقەت مۇشۇ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىكىلا ۋاقتىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەش مەنىسى چىقىدۇ. ئېنىقكى، بۇ بىر خىل بىنورمال سالام، ياخشى تىلەككە «ئىناۋەتلىك مۇددەت» بەلگىلەپ ئېيتىش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىشى كېرەك. خۇددى مەلۇم بىر ئېپىزوتتا ئايال ئېرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەۋېتىپ ئېرىگە «يۈز ياشقا كىرىپ ئۆلۈڭ» دېسە، يۈز ياشقا كىرىشكە بولغان تىلەك ياخشى تىلەك بولسىمۇ، «ئۆلۈڭ» دېگەن چەك يەنىلا ئەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغىنىدەك. بۇنداق چەك بەلگىلەنگەن سالام ئايرىم رادىيو رىياسەتچىلىرىگىمۇ يۇقماي قالمىدى، بۇنى تۈزىتىش كېرەك. ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسى قاتناش پىروگراممىسىدا «مۇشۇ (ياكى ھازىرقى) ۋاقىتتىكىلار خەيرلىك بولسۇن» دېگەن سۆزنى قوللانماسلىقنى تەلەپ قىلىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

سۆزنىڭ گىراماتىكىسىغا دىققەت قىلىش، دىكتورلار كۆپىنچە ئەھۋالدا مۇھەررىرنىڭ قولىدىن چىققان ماقالىنى ئەينەن ئوقۇيدۇ، بۇ يەردە گىراماتىكىلىق مەسىلە كۆرۈلسە، بۇ چوقۇم مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيىتى. مەسىلەن، ئەنتەرنېيەگە دائىر خەۋەرلەردە «4 كۈچلۈكلەر قاتارىغا كىردى» دېيىلىغان ئەھۋاللار بار، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىدە سان بىلەن ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىم كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ، شۇڭا خەنزۇچىدىكى «进入四强» نى ئۇيغۇرچىدا «تۆت كۈچلۈك كوماندا»

دەپ تولۇق تەرجىمە قىلىش كېرەك.

## 3. يېڭى تاراتقۇ دەۋرىدىكى رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر مۇھەررىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىقتىدار

**1) دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش**

يېڭى تاراتقۇلار رىقابىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى ئەنئەنىۋى خەۋەرلەر تەھرىرلىكىگىمۇ خىرىس ئېلىپ كەلدى. دەۋرنىڭ تەرەققىياتى رادىيو خەۋەرلىرى مۇھەررىرىنىڭمۇ ئىلگىرىكى گېزىت بىلەن قايچىنى قورال قىلغان مەزگىلدە توختاپ قالماي، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، تورلۇق ئالاقە ۋە رادىيو ئۇسكۇنىلىرىنى ئىشلىتىشنى، يەنە مىكرو بىلوگ، ئۈندىدار قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشنى بىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەھرىرلىك تەپەككۇرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، رادىيونىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان سەھىپىلەرنى لايىھەلەپ چىققاندىلا دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشالايدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ج ك پ 19-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «ئىدېئولوگىيە مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى ۋە راۋاجلىنىش يولىنى بەلگىلەيدۇ. ماركسىزمنىڭ جۇڭگولىشىشى، دەۋرلىشىشى، ئاممىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، كۈچلۈك ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە يېتەكلەش كۈچىگە ئىگە سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە بەرپا قىلىپ، پۈتكۈل خەلقنى غايە-ئېتىقاد، قىممەت ئىدىيەسى، ئەخلاق قارىشى جەھەتلەردە زىچ ئۇيۇشتۇرۇش شەرت»[2] دەپ كۆرسەتتى. باش شۇجىنىڭ بۇ سۆزى پۈتكۈل ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ خىزمەت نىشانىنى، جۈملىدىن رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ دەۋرنىڭ تەلىپىگە، رادىيونىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ سەھىپىلەرنى لايىھەلەشنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**2) پىروگراممىلارنى پىلانلاش ۋە مۇخبىرلىق - تەھرىرلىككە ماھىر بولۇش**

پىروگرامما پىلانلاش پىروگرامما مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ پىروگراممىنىڭ تەسىر كۈچىنى بەلگىلەيدۇ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇچۇرنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، پىروگراممىلارنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىمۇ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىدۇ، يېڭىلىق يارىتىشتا دادىل بولۇش، مۇھەررىر دۆلەتنىڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى ھەر ۋاقىت ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسەت بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ مېڭىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سىياسەتلىرى ۋە تەشۋىقات يۆنىلىشىنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى تەھرىرلىك خىزمىتىگە تەتبىقلاشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. پىروگرامما پىلانلاشنى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئاڭلىغۇچىنى جەلپ قىلىش لازىم.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان مۇخبىرلىق - تەھرىرلىك ئاساسلىقى رادىيو ئىستانسىسىنىڭ خەۋەر تەھرىرلەش خىزمىتىنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، ئۇ رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر مۇھەررىرىنىڭ ئاساسىي خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. مۇخبىرلىقنى تەھرىرلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇخبىرلىق جەريانى بىر قەدەر ئالدىراش بولىدۇ. شۇڭا، ئاخبارات - خەۋەرلەر مۇھەررىرى ئالدى بىلەن مۇخبىرلىق خىزمەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، مۇخبىرلىقنىڭ جاپالىقلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە خەۋەرنى تېخىمۇ ياخشى تەھرىرلەيدىغان بولىدۇ، بۇ خەۋەر تەھرىرلەش - پىلانلاشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسىي ئىقتىدار ۋە مەسئۇلىيەت.

پۈتكۈل رادىيو خىزمىتى ئاخىرقى ھېسابتا دىكتور - رىياسەتچىلەرنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئاڭلىتىش بىر تولۇق تىل سەنئىتى بولۇپ، دىكتور - رىياسەتچىلەر ئاڭلىغۇچىلارغا خەۋەر تارقىتىدۇ، مەسىلىلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىدۇ. ئاممىۋى شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن دىكتور - رىياسەتچىلەر تاراتقۇنىڭ ۋەكىلى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ «تىلى» ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا دىكتور - رىياسەتچىلەرنىڭ ساپاسى ئىنتايىن مۇھىم. چوڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا، دىكتور - رىياسەتچىلەر پۇختا كەسپىي ساپاغا ئىگە بولۇپلا قالماي،

يەنە پۇختا بولغان ئەدەبىيات بىلىمىگە ئىگە بولۇشى، بىرقەدەر يۇقىرى ئىدىيە - ئەخلاق ساپاسىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ياخشى پسىخىكىلىق ساپاغا، كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوخشاش بولمىغان پىروگراممىنىڭ دىكتور - رىياسەتچىگە قويىدىغان تەلىپىدىمۇ پەرق بولىدۇ. مۇھەررىر دىكتور - رىياسەتچىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەردىنمۇ خەۋەردار بولۇشى، ئۆزى تەھرىرلىگەن ماقالىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېلىنىش جەريانى ھەققىدە دىكتور - رىياسەتچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى، تەكلىپ پىكىرلىرىنى بېرەلىشى كېرەك. ئادەتتە ھېكايە - رومانلارنى خەۋەر ئوقۇغان تەلەپپۇز - ئىنتوناتسىيەدە ئوقۇسا ئاڭلىغۇچىلارنى جەلپ قىلغىلى بولمىغاندەك، ئوچېرىك ۋە تەپسىلىي خەۋەرلەرنى ئوقۇشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىنتوناتسىيە تەلىپى بولىدۇ.

خەۋەرلەر مۇھەررىرى پىروگرامما ماقالىلىرىنى تەھرىرلىگەندە، ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە تەھرىرلىشى كېرەك. يەنە ماقالە ئۇنىڭغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ پىروگراممىنى ئاڭلىغۇچىلار نۇقتىسىدىن باھالاش، پىروگراممىدا ماقالىسىنى ئاڭلاش ئارقىلىق تۈزىتىشى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ مېڭىشى كېرەك.

### 3) خەۋەر تاللاش ئىقتىدارى

ئىقتىسادنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئاخبارات ۋاستىلىرى بارغانسېرى تاۋارلاشتى. خەۋەرلەر مۇھەررىرى خەۋەر - ئۇچۇرلار ئۆتكىلىنى باشقۇرغۇچى، قىممەتكە ئىگە خەۋەرلەرنى قانداق تاللاش، قىزىق نۇقتىلارنى قانداق ئىگىلەش قاتارلىقلاردا خەۋەرلەر مۇھەررىرى يۇقىرى ئاخباراتچىلىق كەسپىي ساپاسىغا ۋە ئاخباراتچىلىق روھىغا ئىگە بولۇشى لازىم. مەسىلەن، بەزى يەرلىك ئىستانسىلاردىن كەلگەن خەۋەرلەردە مۇخبىر خەۋەرنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى قوغلىشىپ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن كۆپتۈرمىچىلىك قىلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ، «ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ» دېگەندەك سۆزلەرنى قوللىنىپ، مۇھەررىرنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولىدۇ؛ بەزىلىرى ۋاقىت مەسىلىسىگە ساختىلىق ئىشلىتىدۇ، تۈنۈگۈنكى ھەتتا ئۈلۈشكۈنكى خەۋەرنى بۈگۈنكى خەۋەر قىلىپ يازىدۇ، مۇھەررىر بۇنداق ئەھۋاللارنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى، قابىل «ئۆتكەل باشقۇرغۇچى»بولۇشى كېرەك. گېزىت ۋە مىكرو بىلوگ قاتارلىق ئۇچۇر سۇپىلىرىدا ساختا خەۋەرلەر ئارقا - ئارقىدىن كۆرۈلۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋەر ئىستېمال يۈزلىنىشى ئېغىرلاتتى. شۇڭا، خەۋەر تاللىغان ۋە تەھرىرلىگەندە، خەۋەرنىڭ ئىجابىيلىقى، چىنلىقى ۋە ۋاقىتچانلىقىغا، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات يۆنىلىشى بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. رادىيو ئىستانسىسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ساداسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەۋەرلەر مۇھەررىرى ئۆتكۈر سىياسىي ئاڭغا ۋە كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىنى پائال ئەۋج ئالدۇرۇشى كېرەك.

### 4) ماسلىشىش ئىقتىدارى

ئەگەر ئەدەبىيات - سەنئەت تۈرىدىكى پىروگراممىلارنى پىلانلاشقا توغرا كەلسە، خەۋەر مۇھەررىرى بىرقەدەر ياخشى تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ۋە كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا قارىتا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. سىرتتا پىروگراممىا ئىشلىگەندە، خەۋەرلەر مۇھەررىرى نۇرغۇن تارماقلارنى، بىرنەچچە خىزمەت ئورنىدىكى خادىملارنى تىرىشىپ ماسلاشتۇرۇشى، ئارىلىقتا، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ خادىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، پىروگراممىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

### 5) قارار چىقىرىش ئىقتىدارى

تاراتقۇ ساھەسى ۋاقىتچانلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ساھە، مۇھىم نۇقتىسى «يېڭى» بولۇش، خەۋەر مۇھەررىرى ئۆتكۈر ئاخبارات ئېڭىنى ساقلىشى، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىشى لازىم. ھەر خىل ۋەقەلەرنى قانداق دەرىجىگە ئايرىپ خەۋەر قىلىش كېرەك؟ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى تەشۋىقات يۆنىلىشى شارائىتىدا چوڭ ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلغاندا قايسى ئامىللارنى گەۋدىلەندۈرۈپ خەۋەر قىلىش كېرەك؟ ۋەقە قانداق ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ؟ دېگەندەك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەڭ ھەل قىلىش كېرەك. بۇ خەۋەرلەر مۇھەررىرىنىڭ تېزلىكتە بىر قەدەر توغرا قارار چىقىرىشىنى

تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، شۇ كۈنى يۈز بەرگەن خەۋەر ئۇچۇرىنى رەتلىگەندە، خەۋەرلەر مۇھەررىرى تۈرلۈك ئاخبارات ۋەقەلىرىگە قارىتا ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك، شۇ كۈنى كۆرۈلگەن ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر بىر ۋاقىت بۆلىكىدىكى مەزمۇننى باھالاپ بېكىتىشى كېرەك.

خۇلاسىلىساق، يېڭى تاراتقۇلارنىڭ رىقابىتى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە رادىيو ئىستانسىسىنىڭ چەتلىتىلىش ھادىسىسى بارغانسېرى روشەن بولماقتا. رادىيو قانداق قىلغاندا تەرەققىياتنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالالايدۇ؟ رادىيو ئىستانسىسى گەۋدىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان خەۋەرلەر مۇھەررىرى رادىيو ئىستانسىسىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ. يېڭى تاراتقۇلار دەۋرى رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر مۇھەررىرلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى كەسپىي ساپا ۋە ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار ھازىرلاشقا چاقىرماقتا. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر مۇھەررىرى بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بېرىشى كېرەك.

## ئىزاھلار:


[1] 论新媒体时代虚假新闻的危害及对策. http://www. docin. com/p - 1117975213. Html

[2] 习近平.决胜全面建成小康社会夺取新时代中国特色社会主义伟大胜利[M].人民出版社, 2017.


## پايدىلانمىلار:


1. 赵云娥. 新媒体时代广播电台新闻编辑应具备的能力［J］. 传媒论坛，2015(19).
2. 韩家政. 新媒体时代广播节目编辑应养和能力［J］. 视听专论，2013(9).
3. 何梅. 新媒体时代广播电台新闻编辑应具备的能力［J］. 声屏世界，2013(7).
4. 杨璐,贾艳艳. 广播电视新闻编辑 [M]. 北京师范大学出版社，2009.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

第 38 卷第 4 期
2017 年 12 月
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
38 ـ يىللىق 4 ـ سان
2017 ـ يىلى 12 ـ ئاي

# 2017 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە

× × ×

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى ۋە ئىزچىللاشتۇرايلى............
..............................................................لىيۇ يۈنشەن(4 ـ سان 1 ـ بەت)
شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مائارىپنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى باشقۇرايلى........................چېن باۋشېڭ(4 ـ سان 10 ـ بەت)
شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ـ ھاياتىي كۈچكە تولغان نەزەرىيە..................
........................................................... جاڭ لى، جاڭ رەن(4 ـ سان 14 ـ بەت)

× × ×

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ۋارىيانتلىرى ۋە مەنبەسى...............ئوسمان ئىسمايىل تارىم (1ـ سان 1 ـ بەت)
تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە(1) ..........................................شېرىن قۇربان (1ـ سان 10 ـ بەت)
ئىسلام دىنىنى شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە ............................................... رەخمىتۇللا ھەسەن (1ـ سان 23 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى سۇزۇق تاۋۇشلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھادىسىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە.....................................
..................................................لەتىپ توختى (1ـ سان 31 ـ بەت)
«بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى ۋە شىنجاڭ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ SWOT ئانالىزى...................
..................................................نۇرلانبېك قاپاس(2 ـ سان 1 ـ بەت)
دامىكۇدىن تېپىلغان ئۈچ تارىلىق بەرباپ ھەققىدە تەھلىل ...................ئابلەت ياسىن بابا(2 ـ سان 10 ـ بەت)
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرىغا بولغان ئىجادىي ۋارىسچانلىق توغرىسىدا..........................
..................................................ئابلىكىم ئابدۇراخمان(2 ـ سان 27 ـ بەت)
سالار تىلىنىڭ ئېلىمىزدىكى تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىغا باھا....................رۇقىيە ئوسمان(2 ـ سان 36 ـ بەت)
شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك...................
..................................................يالقۇن مەمەتيار (3 ـ سان 1 ـ بەت)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل..............................ئارزۇگۇل شېرىپ، مەرھابا ئەلى(3 ـ سان 10 ـ بەت)
دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يولىغا باشلاش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئېھتىياجى...........................ئابدۇشۈكۈر ئوسمان، نۇربىيە ئۆمەر(3 ـ سان 18 ـ بەت)
«دىۋانى ناقىس» تىكى كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكىللىرى توغرىسىدا..........................
..................................................گۈلنىگار ئابدۇروسۇل(3 ـ سان 25 ـ بەت)
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قارىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەتقىقات..............

........................................خاسىيەت ھەبىبۇللا(4 - سان 22 - بەت)

نەۋايى غەزەللىرىدىكى بەدىئىي ۋاستە - تەكرارلاش تۈرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر.............

........................................ئىسمەت قاسىم(4 - سان 32 - بەت)

چاقچاق ۋە كۈلكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا........................ئەكبەر قادىر(4 - سان 39 - بەت)

قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارخىپىنى تۈرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر....

........................................مۇنەۋۋەر ئابدۇل(4 - سان 47 - بەت)

× × ×

ئاياللارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى رولىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا........................................ئالىينۇر ئابدۇراخمان (1- سان 41 - بەت)

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە........................................مەمەتيۈسۈپ سۇلايمان (1- سان 48 - بەت)

پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى ئۈستىدە مۇلاھىزە.............

........................................نەجمىدىن يۈسۈپ(2 - سان 43 - بەت)

جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى بىلەن «جۇڭگو ئارزۇسى»نىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا...........

........................................غالىپ تىلىۋالدى(2 - سان 53 - بەت)

مەملىكىتىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇلاھىزە.........

........................................گۈلنار نىياز(3 - سان 31 - بەت)

شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتى توغرىسىدا...............

........................................ئابدۇخېلىل ئابلا(3 - سان 38 - بەت)

يېڭى دەۋر ئىستۇدېنتلىرىغا تور ئىدىيە سىياسىي تەربىيە ئۆچۈرلىرىنى تارقىتىشتىكى توسالغۇلار ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ........................................قەلبىدىن لېتىپ(4 - سان 54 - بەت)

× × ×

چاقچاقچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى........................ئەكبەر قادىر (1- سان 52 - بەت)

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دېڭە مۇراسىملىرى ھەققىدە ئىزدىنىش — قەشقەر شەھىرى، كونا شەھەر ناھىيەسى تاشمىلىق يېزىسى، يېڭىشەھەر ناھىيەسى يامانيار يېزىسى، بارىن يېزىسى، يەركەن ناھىيەسى تاغاچى يېزىسى، پەيزاۋات ناھىيەسى ئۆردەكلىك يېزىسى مىسالىدا........................ھەبىبۇللا تۇرسۇن ئۇيغار (1- سان 62 - بەت)

ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئات گۆشى يېيىشنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش.........................

........................مارۋىن خاررىس[ئامېرىكا]، ئابدۇقەييۇم مىجىت (1- سان 75 - بەت)

مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېلان لايىھەلەشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدا..........................

........................تۇمارىس ئابلىكىم، ئابلىكىم نۇرمەمەت (1- سان 85 - بەت)

تاجىكلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە(2) ........................ شېرىن قۇربان(2 - سان 57 - بەت)

جۇڭگودا «گۆر ئوغلى» داستانى تەتقىقاتى........................غ. ئو. ئۇتغۇر، ئوسمان جۇمە(2 - سان 66 - بەت)

« تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى نىكاھ توyىغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر توغرىسىدا........................

www.uyghurkitap.com



...............................................مەمەت قايۇم، ئايگۈل ئابلىز(2 ـ سان 79 ـ بەت)

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى تىنچلىقپەرۋەرلىك ئىدىيەسى توغرىسىدا مۇلاھىزە..........

..................................................ئايگۈل ئابدۇرېھىم(2 ـ سان 89 ـ بەت)

نەسەبنامە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەققىدە..................................

................................غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار، ئىمامھەسەن ياقۇپ(3 ـ سان 47 ـ بەت)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئات ۋە ئات بەيگىسى ھەققىدە..................ياسىنجان مەمەت(3 ـ سان 55 ـ بەت)

«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نۆۋەتتىكى ۋارىسلىق قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى(1)..........

..........................................نۇرمەمەت ئىمام، ئادىلە ئەمەت(4 ـ سان 61 ـ بەت)

× × ×

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى خوتەن دىيالېكتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ـــــ «تۈركىي تىللار دىۋانى» مىسالىدا...............................

..........................................نەبىجان ھەبىبۇللا پىلىكەش (1ـ سان 91 ـ بەت)

تەنقىدچىنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە...................

......................................ئەخمەت سەيدۇللا، ئابدۇسالام ئابلىز (1ـ سان 99 ـ بەت)

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى...............

..............................................................ئەنۋەر ھوشۇر (1ـ سان 106 ـ بەت)

باللار فولكلور ئامىللىرى تەھلىلى نۇقتىسىدىن «كىرورانلىق باللار» رومانىغا نەزەر.................

.................................................................زۇمرەت ئالىم (1ـ سان 116 ـ بەت)

ئابدۇللا قادىرى ۋە ئۇنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىكى تەسۋىرلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە.................

..........................................................گۈلشات دىلشات (1ـ سان 125 ـ بەت)

ئۇقۇملارنى بۆلۈشنىڭ لوگىكىلىق ئۇسۇلى ۋە قائىدىلىرى توغرىسىدا.............قەييۇم مىجىت(2 ـ سان 96 ـ بەت)

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە............... كەرىمجان سابىرىي، قاسىمجان سادىقوپ (2 ـ سان 102 ـ بەت)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەبجەش سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا.......................

....................................................ئابدۇراخمان قۇربان(2 ـ سان 108 ـ بەت)

تىل تەكشۈرۈش ۋە تىل تەسۋىرىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار ھەققىدە.......................

......................................................رىسالەت ئابلىمىت(2 ـ سان 114 ـ بەت)

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆگ» سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش.............

.............................................. ئاينۇر ياسىن(2 ـ سان 118 ـ بەت)

«ئائىلە» رومانىنىڭ ئىككى نەشرىدىكى ”宝岛“ نىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا.................................

..................................................مېھرىگۈل تۇرسۇن(2 ـ سان 122 ـ بەت)

كۆپ خىل تىل جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى توغرىسىدا............جاڭ ۋېيگو(3 ـ سان 63 ـ بەت)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەرنىڭ قىسقا بايانى ۋە تەھلىلى.............

...........................................تىلتېكىن يۈسۈپ ئىگەمبەردى(3 ـ سان 78 ـ بەت)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى قىز ئاتالغۇسى ھەققىدە...............ئىسرائىل مۇتىللا(3 ـ سان 91 ـ بەت)

بىر قىسىم ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە..............ئىلھام نىزام(3 ـ سان 97 ـ بەت)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى «تۆگە» سۆزى توغرىسىدا..........تۇرانقىز ئوسمان(3 ـ سان 105 ـ بەت)
شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە بولغان يېتەكچىلىك رولى..........
..........ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى(3 ـ سان 112 ـ بەت)
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئاچ بارس ھېكايىسى»نىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئۇستىدە تەھلىل..........
..........رەيھانگۈل قادىر(4 ـ سان 69 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى تولدۇرغۇچى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا باھا..........
..........رىسالەت ئەخەت، ئابدۇرېھىم راخمان(4 ـ سان 78 ـ بەت)
«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى تاشقى قىياپەت تەسۋىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا..........
..........مەرۋايىت مەمەتئابدۇللا(4 ـ سان 84 ـ بەت)
تەرجىمىدىكى سادىقلىق ۋە جانلىقلىق ھەققىدە..........شېرىنئاي نىياز(4 ـ سان 92 ـ بەت)
شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتى..........چېن گاڭلۇڭ(4 ـ سان 96 ـ بەت)

× × ×

قانۇنشۇناسلىق مائارىپى بىلەن ئەدلىيە ئىمتىھانىنىڭ ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋىتى توغرىسىدا..........
..........ئادىل ئايۇپ (1ـ سان 130 ـ بەت)
ئائىلە زۇلۇمى ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەققىدە تەھلىل..........
..........رىزۋانگۈل ئابدۇراخمان، غالىپ ئىسمايىل(2 ـ سان 125 ـ بەت)
يۇنان مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن كۇڭزىچىلارنىڭ قانۇن ئىدىيەلىرى ئۇستىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە..........
نەرسە ھوقۇقى قانۇنى بىلەن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىكى ئۆزئارا تەسىرى توغرىسىدا..........رىشات ھەسەن، گۈلباھار نىياز(3 ـ سان 120 ـ بەت)
شىنجاڭدا پىسخىك خەۋپكە كوللېكتىپ ئارىلىشىش مەشغۇلاتى جەريانى توغرىسىدا..........
..........ئايشەم ئەخمەت(3 ـ سان 126 ـ بەت)
ھەق ـ تەلەپ دەۋاسىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئامان ساقلاش تەدبىرى توغرىسىدا..........
..........قاسىم نىياز، ئەركىن توختى(4 ـ سان 108 ـ بەت)
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا يېزىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە ئۇچرايدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى توغرىسىدا..........گۈلئايىم ياقۇپ(4 ـ سان 117 ـ بەت)

× × ×

ماقالىنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى ئۇستىدە تەھلىل..........ئابدۇخېلىل ئابدۇراخمان (1ـ سان 135 ـ بەت)
مۇھەررىرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ياڭرىتىشتىكى رولى..........مەدىنە تاھىر(2 ـ سان 136 ـ بەت)
ئىنتېرنېت شارائىتىدىكى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى ھەققىدە..........ئابدىلىم ئابدۇرېھىم(3 ـ سان 135 ـ بەت)
«قوش ئالدىنقى قاتار»دىكى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ۋە يۈزلەنگەن مەسىلىلىرى ـــــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى مىسالىدا.......... گۈلبوستان ئابلىمىت (4 ـ سان 125 ـ بەت)
يېڭى تاراتقۇلار دەۋرىدىكى رادىيو ئىستانسىسى خەۋەرلەر مۇھەررىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىقتىدارلار ھەققىدە..........
..........نۇرمۇھەممەت ئابدۇرېھىم(4 ـ سان 131 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com


# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.38, Iss.4 (Total:152) Dec 2017


## Contents


In-Depth Study and Implementation of Xi Jinping's Thought on Socialism with Chinese Characteristics for A New Era........................................ Liu Yunshan (1)

Guided by Xi Jinping's Thought on Socialism with Chinese Characteristics for A New Era, Achieve A Better Goal in Socialist Education with Chinese Characteristics......................Chen Baosheng (10)

Xi Jinping's Thought on Socialism with Chinese Characteristics for A New Era: A Vigorous Theory. ........................................ Zhang Li, Zhang Ran(14)

Study on Strengthening College Students' Views on National Unity..................Hasiyet Hebibulla

The repeated type of rhetoric in Ali-Shir Nava'i's poetries...................................Ismet Qasim

Jokes and Laughs..........................................................................Ekber Qadir

The Importance and Requirements of Establishing Archives for Restoration of Ancient Books........ ........................................Munevver Abdul

Obstacles and Breakthrough Countermeasures in the Information Dissemination in College Students' Ideological and Political Education under the New Situation..................Qelbidin Letip

Report on the Inheritance Status of Uyghur "Twelve Muqam".........Nurmemet Imam, Adile Emet

An Analysis on the Linguistic Features of "The Story of Hungry Tiger" in Old Uighur................. ........................................Reyhangul Qadir

Review of the Research Works on the Object in Uyghur.............Risalet Ehet, Abdurehim Rahman

On the Translation of Characters' Appearance Description in "A Dream of Red Mansions".......... ........................................Mervayit Memetabdulla

On the Application of Fidelity and Flexibility in Translation..............................Sherinay Niyaz

Oriental Folk Literature and Oriental Literature..........................................Chen Ganglong

About Civil Lawsuit Property Preservation Measures........................Qasim Niyaz, Erkin Tohti

The Weights and Measures in Xinjiang Social Economic Documents in Qing Dynasty............... ........................................Gulayim Yaqup

The Advantages and Problems of the "Double First-Class" University Libraries: the Study on the Library of Xinjiang University..................................................Gulbostan Ablimit

On the Competence of Radio News Editors in the New Media Era......Nurmuhemmet Abdurehim

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философии и общественной науки на уйгурском языке)

**№.4.2017г (Общий: № 152)**

**Содержание**

Глубоко проводить идею Си Цзинпина о строительстве социализма с китайской спецификой в новой эпохе ........................................................................................ Лю Юньшан

Прочно управлять образованием с китайской спецификой под руководством идеи Си Цзинпина о строительстве социализма с китайской спецификой в новой эпохе....................... ............................................................................................................................ Чэнь Баушэн

Идея Си Цзинпина о строительстве социализма с китайской спецификой в новой эпохе — теория, полная энергии и бодрости .......................................................... Чжан Ли, Чжан Жэнь

Об укреплении у студунтов идеи национальной сплоченности.............. Хасият Хабибулла

О фигуре речи (повтор) в стихах Элишир Наваи ........................................ Исмэт Касим

О соотношении между шуткой и смехом .................................................... Экбэр Кадир

Важность создания архива о востановлении древней литературы и его требования............ ................................................................................................................... Мунэввэр Абдул

Затруднения в распространении информации в идейном и политическом воспитании студентов по сети под новой ситуацией и меры их разрешения..................... Келбидин Литип

Исследовательский доклад о нынешнем состоянии заимствования двенадцати Мукамов уйгуров(1)............................................................................. Нурмэмэт Имам, Адилэ Мэмэт

Языковые особенности «Пожертвовать собой для вскармливания тигра» на древнем уйгурском языке ............................................................................................ Рэйхангуль Кадир

Обозрение некоторых исследований дополнения уйгурского языка.................................. .......................................................................................Рисалэт Эхэт, Абдурехим Рэхман

Об уйгурском переводе описания внешности персонажей в романе «Сон в красном тереме» ..................................................................................................... Мэрваит Мэмэтъабдулла

О верности и гибкости перевода ................................................................... Шириньай Нияз

Восточный фольклор и восточная литература ............................................... Чэнь Ганлун

О мерах сохранения имущества в гражданском процессе.............. Касим Нияз, Эркин Тохти

Система мер и весов в социально-экономической.литературе Синьцзяна Цинской династии. ............................................................................................................... Гульайим Якуп

Перспективы развития и стоящие вызовы в ходе создания библиотеки «университета первого разряда в двух аспектах» — на примере библиотеки Синьцзянского университета ................................................................................................... Гульбостан Аблимит

Необходимые умения редактора радиостанции в эпоху новой прессы............................. .......................................................................................Нурмухаммэт Абдурехим

www.uyghurkitap.com

# پىروفېسسور ئەنۋەر نىجىم

## 艾尼瓦尔•尼吉木教授



پىروفېسسور، ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد - باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى سودا - سانائەت باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ئەنۋەر نىجىم 1968 - يىلى تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى توقسۇن ناھىيەسىدە ئوقۇغان. 1985 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپىدە ئوقۇپ، تەبىئىي پەنلەر بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛ 1990 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتى تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى ۋە تەبىئىي بايلىقلار تەتقىقات يۆنىلىشىدە ئاسپىرانلىقتا ئوقۇپ، تەبىئىي پەنلەر بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نوپۇس تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو نوپۇسشۇناسلىق جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىقتىسادشۇناسلىق جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئىنسانشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئېكولوگىيە ئىقتىسادشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

ئەنۋەر نىجىم ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نوپۇس تەتقىقات ئورنىدا ئىشلىگەن، 2001 - يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد - باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئەنۋەر نىجىم خىزمەتكە قاتناشقان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىزچىل تۆردە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئوقۇتۇش جەھەتتە، مەيلى تەتقىقات ئورنىدا ئىشلىگەن ۋاقىتتا بولسۇن ياكى ئىنستىتۇتتا ئىشلىگەن ۋاقىتتا بولسۇن، دائىم ئاساسلىق كەسپىي دەرسلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇپ كەلدى. ھازىر ئاساسلىقى باشقۇرۇش پەنلىرى بويىچە تولۇق كۇرس، ئىقتىسادشۇناسلىق، نوپۇسشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇ 2011 - يىلى پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2013 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى 2013 - 2017 يىللىق ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

پىروفېسسور ئەنۋەر نىجىم خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە توختىماي ئىزدىنىپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى نەتىجە ۋە شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن 2نى، ئۆلكە - مىنىستىرلىق دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن 5نى، نازارەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن 7نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان. «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسلىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئىناق جەمئىيەتتىكى شىنجاڭ نوپۇسى»، «شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تەتقىقاتى»، «جۇڭگو مىللەتلەر نوپۇسى»، «شىنجاڭ نوپۇس تەزكىرىسى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. «جۇڭگو نوپۇس ئىلمى»، «غەربىي شىمال نوپۇسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلە ئېلان قىلغان.

ئۇ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گۈاڭخۇا مۇكاپاتى»، «ئىلغار خىزمەتچى»، «ياش پەن تەتقىقات تايانچى» قاتارلىق شان - شەرەپلەرگە ئېرىشتى.